مۇھەممەت زۇنۇن

# يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتى



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى



مۇھەممەت زۇنۇن

# يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ماھىنۇر مۆمىن**
مەسئۇل كوررېكتورى: **رابىيە مۇھەممەت**
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **مياۋ لى**

## يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت- سەنئىتى

ئاپتورى: مۇھەممەت زۇنۇن

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850م م 1/32 باسما تاۋىقى: 9.625
2011 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2011 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 0001 ~ 2000

---

ISBN 978 - 7 - 5631 - 2470 - 1
باھاسى: 25.00 يۈەن

# مۇندەرىجە

يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتى ........................................ 1
يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىشى توغرىسىدا ........................................ 18
شېئىرىي ئوبراز ھەققىدە ........................................ 35
شېئىر ئىجادىيىتىدىكى ئىندىۋىدۇئاللىق ۋە بەدىئىي ئۇسلۇب توغرىسىدا ........................................ 45
ئوبرازلىق تەپەككۇر توغرىسىدا ........................................ 50
ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتى توغرىسىدا مۇلاھىزە ........................................ 57
ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە ........................................ 64
ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ چىنلىقى ۋە خاھىشچانلىقى توغرىسىدا ........................................ 72
تىپىك ئوبراز توغرىسىدا ........................................ 82
تارىخىي دراما ئىجادىيىتىدىكى بىرقانچە مەسىلە ........................................ 100
دەۋر روھىنىڭ جاراڭلىق ناخشىسى ........................................ 115
ئەدەبىي تەنقىد توغرىسىدا ........................................ 123
ئەدەبىي تەنقىدتە خۇش پۇراقلىق گۈللەرنى پەرۋىش قىلىشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇش كېرەك ........................................ 143
يىپەك يولى باغرىدىكى مېلودىك چەشمە ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى توغرىسىدا ........................................ 152
مەشرەپ فىلىملىرى توغرىسىدا ........................................ 167

يۇسۇف خاس ھاجىبنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆزقارىشى تۇغرىسىدا ........................ 171
يۇكسەك پەزىلەت، ئۆچمەس تۆھپە ........................ 192
مەڭگۇ خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان ئادەم ........................ 201
جۇڭگو «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ يېڭى باھارى ... 210
«جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى»نىڭ ھاياتىي كۈچى ـ يېڭىلىق يارىتىشتا ........................ 243
سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى ـ ئىجادىيەتتە .... 251
سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ........................ 262
غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا مەدەنىيەتتە نېمە قىلىش كېرەك؟ ........................ 285
سەلتەنەتلىك تارىخىي داستان ........................ 296

# يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتى

ئىنسانىيەت يېڭى ئېرا، يېڭى ئەسىرگە يۈرۈش قىلدى.

20 ـ ئەسىردە ئاجايىپ ئۇلۇغ ئىشلار بولۇپ ئۆتتى.

20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتى ئۈچۈنمۇ خاسىيەتلىك ئەسىر بولدى.

مەن 1953 ـ يىلى «تىنچلىق غالىب» دېگەندەك شېئىرلىرىم بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە ھەۋەس قىلغان ئىدىم. ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ ئالدىنقى يېرىم ئەسىرى بىلەن ئوقۇتۇش جەريانىدا تونۇشتۇم، كېيىنكى يېرىم ئەسىردە ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ گۇۋاھچىسى، سەپەردىشى، ھەمراھى بولدۇم.

20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتى بوران ـ چاپقۇن ئىچىدە قىش ـ زىمىستانىنىمۇ، ئىللىق باھارنىمۇ بېشىدىن كەچۈرۈپ، نۇرغۇنلىغان يازغۇچى ـ سەنئەتكارلارنىڭ كۆز يېشى، قان ـ تەرى بىلەن يېزىلدى.

20 ـ ئەسىر جۇڭگو تارىخىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئاجايىپ چوڭ داۋالغۇش، ئاجايىپ زور ئۆزگىرىش بولدى. كونا دۇنيانى پاچاقلاپ تاشلاش، يېڭىلىققا يۈزلىنىش، يېڭى ئىدىيە، يېڭى غايىگە ئىنتىلىش، يېڭى دەۋر يارىتىش، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش، تېخىمۇ ياخشى بەخت ـ سائادەتتىن سۆيۈنۈش 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاساسىي مۇقامى، شۇنداقلا ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭمۇ ئاساسىي مۇقامى بولدى.

20 ـ ئەسىردە ئۆسۈپ يېتىلىپ، خەلق چىن قەلبىدىن سۆيۈپ ئەسلەيدىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئەھمەد زىيائى، لۇتپۇللا مۇتەل-

لىپ، تېيىپجان ئېلىيېف، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، قەمبەر خانىم،
ھاجى راخمان، زوردۇن سابىر قاتارلىق يازغۇچى - سەنئەتكارلار
مەيدانغا چىقىپ، «رابىيە - سەئىدىن»، «يىللارغا جاۋاب»، «تۇگى-
مەس ناخشا»، «ئويغانغان زېمىن»، «تەخسە ئۇسسۇلى»، «ئۇزۇمچى-
لىك ئۇسسۇلى»، «ئانا يۇرت» قاتارلىق ئېسىل مەدەنىي مىراسلار-
نى قالدۇرۇپ كەتتى. ئەنە شۇنداق يازغۇچى - سەنئەتكارلار 20 -
ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئالغا بېسىشى ئۇ-
چۇن ئاكتىپ رول ئويناپ، ئىدىيەۋى مەزمۇنى چوڭقۇر، يۇقىرى
سەنئەت قىممىتىگە ئىگە، يول ئېچىش خاراكتېرىگە ئىگە بولغان
ئەسەرلىرى بىلەن ئىز قالدۇرۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتىنى
ئۇزۇلمەس ئېقىن سۈپىتىدە يېڭى ئەسىرگە باشلاپ كىردى.

20 - ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتىدىكى ئەڭ چوڭ
ئۆزگىرىشنىڭ بىرى شۇ بولدىكى، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودا تارقى-
لىشى، ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن
خىزمەت قىلىشنى نىشان قىلغان يېڭى سوتسىيالىستىك مەدەنى-
يەت - سەنئەت تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، ھەر مىللەت تەرىپى-
دىن قوبۇل قىلىندى ۋە يېتەكچى ئورۇنغا چىقتى. بولۇپمۇ ماۋ
زېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى ئۈچ ئەۋلاد
رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ماركسىزمغا قەتئىي ۋارىسلىق قى-
لىشى، تەرەققىي قىلدۇرۇشى بىلەن مۇپەسسەل سىستېمىلىق،
جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت - سەنئەت نەزەرىيەۋى
سىستېمىسى بارلىققا كەلدى، مەدەنىيەت - سەنئەت ئىجادىيى-
تى، ھەر خىل پائالىيەتلەر بىر خىل ئاڭلىق، نىشانلىق، تەشكى-
لىك ھەرىكەتكە ئايلاندى، بۇ دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە
ئۆزگىرىش.

ئېلىمىز خەلقى، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى-
نىڭ تۇرمۇشىدىكى يەنە بىر چوڭ ئۆزگىرىش شۇ بولدىكى، 20 -
ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى 20 نەچچە يىلىدا، ئېلىمىز ئىسلاھات -

ئېچىۋېتىش يولىغا ماڭدى. ئىقتىسادىي قۇرۇلما جەھەتتىكى ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىندى. پىلان ئىگىلىكىدىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش ئىقتىسادىي ساھەدىلا ئەمەس، سىياسىي، ئىدىيە، مەدەنىيەت ساھەسىدىمۇ چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇ ئۆزگىرىش ئالدى بىلەن كۆز قاراش جەھەتتىكى ئۆزگىرىش بولۇپ گەۋدىلىنىپ، كەڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت خادىملىرى رىقابەت ئېڭى، ئۇنۇم كۆزقارىشىنى تىكلىدى. مەدەنىيەت ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازار ئارقىلىق تەقسىم قىلىنىشى مەدەنىيەت ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرىغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، مەدەنىيەت ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپ خىللىقىنى ئاشۇردى. خەلقنىڭ تاللاش دائىرىسى كېڭەيدى. ياخشى ئەسەرلەر بازار ئىچىدە بازار تېپىپ يۇقىرى تىراژ بىلەن سېتىلىدىغان، ناچار ئەسەرلەر شاللىنىپ قالىدىغان ھالەت شەكىللەندى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىرلا ئورۇن مەدەنىيەت ـ سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھالەت بۇزۇپ تاشلىنىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئورۇنلىرىنى ئاساس قىلغان، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر ئىگىلىكىمۇ تولۇق تەرەققىي قىلغان، كۆپ خىل ئىگىلىك تەڭ گۈللىنىدىغان مەدەنىيەت بازىرى شەكىللەندى. مەدەنىيەت ـ سەنئەت قوشۇنى تېخىمۇ جانلاندى. مەدەنىيەت ـ سەنئەت بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشتى. مەدەنىيەت ـ سەنئەت تەرەققىياتى تېخىمۇ ياخشى ئىقتىسادىي ئاساسقا ئىگە بولدى.

20 ـ ئەسىر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىدىكى يەنە بىر چوڭ ئۆزگىرىش شۇ بولدىكى، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتى پىلانلىق، تەشكىللىك، ئاڭلىق ئاساستا ئېلىمىزنىڭ كەڭ مەدەنىيەت بازىرىغا، دۇنياغا يۈزلىنىشكە باشلىدى. كەڭ ئالماشتۇرۇش، ئۆز ئارا تونۇشۇش،

قوبۇل قىلىش، ئۆزلۈك ئېلىش يېڭى كەيپىياتقا ئايلاندى.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى مەملىكەتكە، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشتە ناخشا ـ ئۇسسۇل ئالدىدا ماڭدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى قاتارلىق ئالتە ئورۇن بىرلىشىپ ئىشلىگەن «يېڭى جۇڭگونىڭ مۇنەۋۋەر سەھنە ئەسەرلىرىدىن تاللانما» ناملىق پىلاستىنكىغا «شىنجاڭ ياخشى»، «شىنجاڭدا باھار»، «ئۇزۇمچىلىك ئۇسسۇلى»، «ئاسمان ـ پەلەكتە سىم بىلەن مېڭىش» قاتارلىق بىر قىسىم ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا ۋە سېرىك نومۇرلىرى كىرگۈزۈلگەن. چوڭ تىپتىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» ناملىق ناخشا ـ ئۇسسۇل جياڭ زېمىن قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قىزىقىپ كۆرۈشىگە مۇيەسسەر بولۇپلا قالماي، مەملىكىتىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ جايلىرىدا قويۇلۇپ، مەملىكەت خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. خەلقئارادا شۆھرەت قازانغان دۇنياۋى ناخشىچى دىلبەر يۇنۇس قاتارلىق ناخشىچىلارنىڭ دۇنيا سەھنىلىرىدە ئېيتقان «داۋانچىڭدا بىر يارىم بار»، «ئالمىخان»، «لەيلىگۈل» قاتارلىق ئۇيغۇر ناخشىلىرى دۇنياۋى كىلاسسىك ناخشا دەپ ئاتالغان «قۇياش»، «كاتيۇشا»، «چايگۈلى» قاتارلىق ناخشىلار بىلەن بىللە ياڭراپ، ئۇيغۇر سەنئىتىنى دۇنياغا تونۇتتى. ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ «ئانىسى» دەپ شۆھرەت قازانغان «ئۇيغۇر 12 مۇقامى» نىڭ ئەنگلىيە، گېرمانىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە، رۇسىيە قاتارلىق مەملىكەتلەرنىڭ سەھنىلىرىدە ئوينىلىشى، شۇ مەملىكەتلەرنىڭ تېلېۋىزىيە، ھەر خىل گېزىت ـ ژۇرناللىرىدا تونۇشتۇرۇلۇشى بىلەن «ئۇيغۇر 12 مۇقامى» نى تەتقىق قىلىش قىزغىنلىقى ئاشتى.

ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولدى. زور بىر تۈركۈم يازغۇچى، سەنئەتكارلار يېتىشىپ چىقىش بىلەن بىرلىكتە مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئومۇميۈزلۈك

راۋاجلاندى. ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا، شېئىرىيەت قاتارلىق ئەنئەنىۋى سەنئەت شەكىللىرىدىن باشقا، كىنو، تېلېۋىزىيە، ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ، VCD فىلىملىرى قاتارلىق سەنئەت شەكىللىرى تېز تەرەققىي قىلىپ، سەنئەتنىڭ تۈر ـ خىللىرى كۆپەيدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر رومانچىلىقى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى.

رومان ئىجادىيىتىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى كىنو، تېلېۋىزىيە، VCD پىلاستىنكىلىرى ئىشلەش قاتارلىق سەنئەت شەكىللىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈپلا قالماي، بۇ رومانلارنىڭ بەزىلىرى دەۋر ماھىيىتىنى پۇختا ئىگىلەپ پەلسەپىۋى تەپەككۇر، ئېستېتىك ئۇسۇل بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ رېئال تۇرمۇشىنى، تارىخىي تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى مىللىي شەكىل ۋە ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇب بىلەن ئىپادىلەپ، ئېسىل مەدەنىي مىراس بىلەن، مەدەنىي جۇغلانما سۈپىتىدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى مەملىكەتكە، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشكە پۇختا ئاساس سالدى.

20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتى نۇرغۇن قۇربان بېرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئەگرى ـ توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ هازىر ساغلام تەرەققىيات يولىغا قەدەم قويدى. ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتى ئۆزىنى بىلگەن، ئۆزگىگىمۇ نەزەر سالغان، ئويغىنىش، گۈللىنىش باسقۇچىدا تۇرماقتا.

مۇنەۋۋەر سەنئەتكار، يازغۇچىلار ۋە نادىر ئەسەرلەر ئۇلۇغ دەۋردە مەيدانغا چىقىدۇ، ئۇلۇغ دەۋر ئۇلۇغ ئەدىب، سەنئەتكار ۋە نادىر ئەسەرلەرگە موهتاج.

دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ يەر شارىلىشىشى، بىلىم ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى، كومپيۇتېر ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە يېڭىلىنىپ بېرىشى، ئاخبارات تۈرلىرىنىڭ تېز كېڭىيىشى، كومپيۇتېر ئۇچۇرلىرىنىڭ دۆلەت چېگراسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي تېز تارقىلىشى مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەسىدە دۇنيا مەدەنىيەت ـ سەنئىتىدىكى كۆپ خىل مەنبە بىلەن ئۇچرىشىش،

ئالماشتۇرۇش، ئۇزۇقلىنىش ئىمكانىيىتىنى كۆپەيتتى. بۇ ئېلى-
مىز، جۇملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئەت تەرەققىياتى ئۈچۈن
پايدىلىق پۇرسەت. لېكىن غەرب مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ ئېلى-
مىز مەدەنىيەت بازىرىغا سىڭىپ كىرىش يوللىرى، پۇرسىتى تېز
كۆپەيمەكتە. مەدەنىيەت ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرى، مەدەنىيەت كا-
پىتالى، مەدەنىيەت ـ سەنئەت قىممەت قارىشى، ھەر خىل مەدەنى-
يەت ـ سەنئەت شەكىللىرى، خىلمۇخىل نەزەرىيەلەر چوڭقۇر تە-
سىر كۆرسىتىپ، مەدەنىيەت ساھەسىدە مەزمۇندىن تارتىپ شە-
كىلگىچە خىلمۇخىل يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلماقتا. ئائى-
لىۋى مەدەنىيەت ئىستېمالىنى ئاساس قىلغان ھالدا مەدەنىيەت
ئىستېمال يوللىرىمۇ كېڭەيمەكتە.

ياخشى پۇرسەت ۋە خىرىس تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان
شارائىتتا ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا قانداق
سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى بەلگىلەش كېرەك؟

21 ـ ئەسىرگە ئاتلانغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتى جۇڭ-
گوچە سوتسىيالىزمنى بويلاپ ئالغا بېسىشتا چىڭ تۇرۇشى لازىم.

زامانىمىزدىكى ئىلغار مەدەنىيەت يەنىلا جۇڭگوچە سوتسىيا-
لىستىك مەدەنىيەت. ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە غايىلىك،
ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان كىشىلەرنى تەربىيەلەش-
نى نىشان قىلغان، زامانىۋىلىشىشقا، دۇنياغا، كېلەچەككە يۈزلەن-
گەن مىللىي، ئىلمىي ۋە ئاممىۋى مەدەنىيەت. ئۇ پۈتۈن مەملى-
كەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۇيۇشتۇرىدىغان ۋە رىغبەتلەندۈ-
رىدىغان مەنىۋى كۈچ سۈپىتىدە، سوتسىيالىستىك ئىقتىساد ۋە
سىياسىي بىلەن ماس ھالدا تەرەققىي قىلىپ، ئىلغار ئىشلەپچى-
قىرىش كۈچلىرىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ
كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قان-
دۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم پۈتۈن
مەملىكەت خەلقىنىڭ مۇھىم تاللىشى بولغانغا ئوخشاش، جۇڭگو-

چە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتمۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭمۇ مۇھىم تاللىشى.

مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىدا ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكى ـ دە چىڭ تۇرۇش لازىم. «تۇرمۇش ــ ئىجادىيەتنىڭ مەنبەسى»، «خەلق ــ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئانىسى، خەلق مە ـ دەنىي تۇرمۇشىنىڭ ئىجادچىسى، قاتناشقۇچىسى، ھۇزۇرلانغۇچى ـ سى»، «مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ مۇھىم بەلگىسى» دېگەندەك ماركسىزمنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت توغرى ـ سىدىكى تۈپ كۆزقارىشى ۋە ئاساسىي نەزەرىيەسى ئىنسانىيەت پەلسەپە كۆزقارىشىنىڭ جەۋھىرى، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكەن ھەقى ـ قەت. مەدەنىيەت ـ سەنئەتتىكى كۆپ مەنبەلىشىش، كۆپ خىللى ـ شىش ھەرگىزمۇ يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە كۆپ قۇتۇپقا بۆلۈنۈش ـ تىن دېرەك بەرمەيدۇ.

سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمدىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل ئىدېئولوگىيە ۋە ئىككى خىل تۈزۈم 20 ـ ئەسىردىكى ئىنسانى ـ يەت تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن، مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسىي ئامىل بولغان ئى ـ دى. ئىنسانىيەت 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇپ، ئىقتىساد يەر شا ـ رىلىشىۋاتقان، بىلىم ئىگىلىكى راۋاجلانغان شارائىتتا، مىللەت ۋە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت بولۇپ كۆرۈنسىمۇ، ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئا ـ ساسىي ئامىل تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا يەنىلا سوتسىيالىزم بى ـ لەن كاپىتالىزمدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىدېئولوگىيە، ئىككى خىل تۈزۈم ۋە ئىككى خىل يول. جۇڭگودا سوتسىيالىزم تۈزۈمى ـ نىڭ تىكلىنىشى، ماركسىزمنىڭ يېتەكچى ئىدىيەگە ئايلىنىشى ئاسانغا چۈشمىدى. ئۇ بىر ئەسىر كۈرەش قىلغانلىقنىڭ نەتىجى ـ سى. جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى يەنىلا سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ مۇكەممەللىشىشى، قۇدرەت تېپىشى، ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە

ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش بەلگىلەيدۇ. بۇ ئېتىقاد، غايە ۋە بايراق مەسى-لىسى.

21 - ئەسىرگە ئاتلانغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتىنى كۈندىن - كۈنگە مۇكەممەللىشىۋاتقان سوتسىيالىستىك بازار ئى-گىلىكى تەلىپىگە ماسلىشىشى لازىم. سوتسىيالىستىك بازار ئى-گىلىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە تىكلىنى-شى بىلەن خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇش ئىستېمالى ئېچىدىكى نىس-بىتى ئاشتى. خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجى كۆپ خىللاشتى. ئىختىيارىي تاللاش ئىمكانىيىتى كۆپەيدى. مەدەنىيەت بازىرىنىڭ مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى تەقسىم قىلىش رولى بارغا-سېرى كۈچىيىپ، مەدەنىيەت - سەنئەت تەرەققىياتى ئۈچۈن كەڭ زېمىن ۋە ياخشى ماددىي ئاساس ھازىرلاندى.

مەدەنىيەت - سەنئەتنى قانداق قىلىپ كەڭ دائىرىدە بازارغا يۈزلەندۈرۈپ، بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇش ئىنتا-يىن مۇھىم ئەمەلىي مەسىلە.

مەدەنىيەت - سەنئەت تارماقلىرى ئىشلەپ چىقارغان مەدەنى-يەت - سەنئەت مەھسۇلاتلىرى قوش خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ھەم ئىدېئولوگىيە خاراكتېرىنى، ھەم بازار خاراكتېرىنى ئالغان. ئۇ مۇشۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت - سەنئەت، ئاممىۋى مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى مەدە-نىيەت - سەنئەت، تىجارەت خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت - سەنئەت دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. مەدەنىيەت - سەنئەتنى بازارغا يۈزلەندۈرگەندە، مەدەنىيەت - سەنئەت مەھسۇلاتلىرىغا نىسبەتەن تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش لازىم. مىللىي مۇزېي، قىرا-ئەتخانا، مەدەنىيەت يۇرتى قاتارلىق جامائەت پاراۋانلىقى، ئاممىۋى مۇلازىمەت خاراكتېرلىك مەدەنىيەت - سەنئەت باشقۇرۇش مەسئۇ-لىيىتى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەردە بولۇپ، بۇ خىل مەدەنى-يەت - سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنى بازارلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئالا-

ھەدە سىياسەت بەلگىلەپ، مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ، قوغدىلىدۇ. لېكىن تىجارەت خاراكتېرىنى ئالغان ئويۇن قويۇش، كىنو ـ تېلېۋىزىيە، ئۈن ـ سىن بۇيۇملى ـ رى، كۆڭۈل ئېچىش مەيدانلىرى، مەدەنىيەت ساياھىتى، سەنئەت تەربىيەسى، گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى قاتارلىق زور مىقداردىكى مەدەنىيەت ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا يۈزلەندۈرۈپ، بازار قانۇنىيىتى بويىچە باشقۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش كېرەك.

تىجارەت خاراكتېرىنى، مۇلازىمەت خاراكتېرىنى ئالغان مەدە ـ نىيەت ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنى كەسپىي ئىگىلىك سۈپىتىدە بازارغا يۈزلەندۈرۈپ مەدەنىيەت كەسپى ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇ ـ رۇش مەدەنىيەت ـ سەنئەتنى بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇشنىڭ توپ ئاساسىي چىقىش يولى، مەدەنىيەت ـ سەن ـ ئەت تەرەققىياتىنىڭ جىددىي ئېھتىياجى.

شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى، خىلمۇ خىل سېھىرلىك مەدەنىيەت ـ سەنئەت بايلىقىغا ئىگە گۆھەر زېمىن. بىز ئۆز ئەۋ ـ زەللىكىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مەدەنىيەت بايلىقىمىزنى قېزىپ، ئۇنى ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى بىلەن رەڭگارەڭ بېزەپ، تاۋارغا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم. بۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەت ـ سەنئىتىمىز تېز تەرەققىي قىلىپلا قالماي، ئېلىمىز مەدەنىيەت بازىرى ۋە دۇنيا مەدەنىيەت بازىرىدا ئورۇن ئېلىپ، ئۇ ـ نىڭ رىقابەت كۈچى داۋاملىق ئاشىدۇ.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتى، بولۇپمۇ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئوخشىمىغان دەرىجىدە بازارغا يۈزلەندى. لېكىن تارقاق، كۆلىمى كىچىك بولۇپ، ناخشا ـ ئۇسسۇل بىلەنلا چەكلىنىۋاتىدۇ. شۇڭا مەدەنىيەت كەسپىي ئىگىلىكى تەلىپى بويىچە مەدەنىيەت كەسپىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، مەبلەغ يوللىرىنى كېڭەيتىپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ كۆلەملىشىش، كارخانىلىشىش يولىغا قاراپ تەرەققىي قىلىش لازىم. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مەدەنىيەت كارخانىلىرىنى

يېتەكچى قىلغان، كوللېكتىپ، شەخسلەر ئىگىلىكىدىكى مەدەنىيەت كارخانىلىرىمۇ تەڭ تەرەققىي قىلغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ، تۈر، شەكىللىرى كۆپ، كۆپ خىل مەنبەلىك مەدەنىيەت بازىرى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم.

21 ـ ئەسىرنىڭ باشلىنىشى بىلەن دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ يەر شارىلىشىشى تېخىمۇ تېزلەشتى. ئۇچۇر تېخنىكىسى ئۇچقاندەك راۋاجلاندى. بۇنىڭ بىلەن مىللەتلەر، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى جۇغراپىيەلىك ئارىلىق تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، سىڭىپ كىرىش كۈچەيدى. ئېلىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىن، ئېلىمىز مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىش دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىدۇ، شۇنداقلا غەربنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ ئېلىمىزگە كىرىش يوللىرى، پۇرسىتى كۆپىيىدۇ.

يېڭى ئەسىردىكى يېڭى ۋەزىيەت ئېلىمىز مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىلگەن قىياپەتتە مەيدانغا چىقىشىنى، دۇنيا مەدەنىيەت ـ سەنئىتى بىلەن تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئۇچرىشىپ، دۇنيادىكى كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت ـ سەنئەتنى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. يۈرەكلىك بىلەن ئېچىۋېتىش، ئېچىۋېتىش جەريانىدا ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت قىممىتىنى نامايان قىلىش، قوبۇل قىلىش، ئەينەك قىلىش ئارقىلىق ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش، ئالغا بېسىش مەدەنىيەت ـ سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتى ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت بازىرىدا، دۇنيا مەدەنىيەت بازىرىغا ئايرىم مەدەنىيەت ـ سەنئەت تۈرلىرى بويىچە يۈزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن مەدەنىيەت ـ سەنئەتنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدىن ئالغاندا يەنىلا بېكىنمە ھالەتتە تۇرماقتا. تەڭرىتاغ باغرىدىن چىقىپ كېتەلمىدى. گەرچە ئۇيغۇر تىلىدا 100 دىن ئارتۇق رومان يېزىلغان بولسىمۇ، جۇڭگو خەلق نەشرى-

ياتى، يازغۇچىلار نەشرىياتى قاتارلىق ئالتە چوڭ نەشرىيات ئۇ-
يۇشتۇرغان «100 يىللىق 100 خىل مۇنەۋۋەر ئەسەر» نى باھالاشتا
ئۇيغۇرلارنىڭ بىرەر ئەسىرىمۇ تىلغا ئېلىنمىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ
بىرەر پوۋېست، رومانىمۇ «ماۋدۇن ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرى-
شەلمىدى.

ئېچىۋېتىش — جانلىنىش، گۈللىنىش دېمەكتۇر. ئالدى بىلەن
ئۆزىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر سەنئەت ئەسەرلىرىمىزنى چەت ئەللەرنىڭكى
بىلەن كەڭ تۈردە ئالماشتۇرۇش، خەنزۇ تىلىدىن باشقا چەت ئەل
تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ تارقىتىش، ئۈنئالغۇ، VCD پىلاستىن-
كىسى قاتارلىق ھازىرقى زامان يەن - تېخنىكا ۋاسىتىلىرىدىن
پايدىلىنىپ، چەت ئەلگە تونۇشتۇرۇش، يازغۇچى - سەنئەتكارلارنى
دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەر خىل مۇسابىقىلەرگە، بولۇپمۇ
خەلقئارادا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەسىرى چوڭ پائالىيەتلەرگە قات-
ناشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئە-
تىنى مەملىكەت ئىچى ۋە دۇنياغا تونۇتۇش، تەشۋىق قىلىش لازىم.
بېكىنمىچىلىك، قاتماللىق بىزنى زاۋاللىققا باشلايدۇ. ئېچىۋې-
تىش جەريانىدا باشقا مىللەتلەرنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ مەدەنى-
يەت - سەنئەت نەتىجىلىرىگە نىسبەتەن ئاكتىپ قوبۇل قىلىش
پوزىتسىيەسىنى قوللىنىپ، ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ئىلغار،
پايدىلىق نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ مەدەنى-
يەت - سەنئەت ئەنئەنىسىگە سىڭدۈرۈپ، ئورتاق گۈللىنىش مەق-
سىتىگە يېتىشىمىز لازىم.

تەرەققىيات — ھامان چىڭ قائىدە، مەدەنىيەت - سەنئەت
خىزمىتىدە ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىدە چىڭ
تۇرۇپ، بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش
قەدىمىگە ماسلىشىشتا تۈپ ئاساسي مەسىلە يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ
ئىشىنى ياخشى ئىشلەپ، مەدەنىيەت - سەنئىتىمىزنى گۈللەندۈ-
رۈشتە. مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمىتىدە خىلمۇخىل قىيىنچى-

لىق، زىددىيەتلەر ساقلانغان بولسىمۇ، تۈپ ئاساسىي زىددىيەت يەنىلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجى بىلەن قالاق مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت. بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىشنى چۆرىدىگەن ھالدا، مەدەنىيەت ـ سەنئەت تەرەققىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلىلەرنى ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا قويۇپ تەھلىل قىلىپ، تەدبىر بەلگىلەپ ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش لازىم.

بىرىنچىدىن، نادىر ئەسەر يارىتىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش لازىم. مەدەنىيەت ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش مەدەنىيەت ـ سەنئەت تارماقلىرىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى. مەدەنىيەت ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى نادىر ئەسەرلەرنى مۇھىم بەلگە قىلىدۇ. نادىر ئەسەرلەر ھامان يېتەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئارقىلىق كىشىلەرگە ئىلھام بېرىشمۇ نادىر ئەسەرلەر بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. شۇڭا 5000 يىللىق تارىخقا ئىگە جۇڭخۇا مىللەتلىرى شانلىق تارىخقا، زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈرۈش قىلغان ئۇلۇغ دەۋرگە مۇناسىپ ھەم دەۋر مۇقامى ياڭرىغان، ھەم كۆپ خىل شەكىل، كۆپ خىل ئۇسلۇبقا ئىگە ئەسەرلەرنى يارىتىش ئۈچۈن ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىش لازىم.

مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئەسەرلىرى كۆپ خىللىقتا، كۆپ مەنبەگە يۈزلەنگەن بولغۇنكى كۈندىمۇ نادىر ئەسەرلەرنىڭ قىممىتىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم بولىدۇ. بۇ ئۆلچەم مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئەسەرلىرىگە، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ھادىسىلىرىگە بىرقەدەر مۇۋاپىق كېلىدىغان چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك ئۆلچىمىدىن ئىبارەت.

چىنلىق مەدەنىيەت ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى ئۆزگىرىشلەرنى، تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈشكە قارىتىلغان؛ ياخشىلىق مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى

ئىچىگە سىڭدۈرۈلگەن غايە، ئېتىقاد، ئەقىل ـ پاراسەت، ئەخلاقىي
پەزىلەت قاتارلىق ئىجتىمائىي كۈچ دەرىجىسىنى كۆرسىتىدۇ؛
گۈزەللىك ئەسەردىكى ئوبراز، قۇرۇلما، تىل، ئىپادىلەش ئۇسۇلى
قاتارلىق بەدىئىي ئامىللارنىڭ جۇغلانمىسى بولۇپ، ئەدەبىي ئە-
سەرنىڭ ھاياتىي كۈچى؛ چىنلىق ياخشىلىقنى گەۋدىلەندۈرگۈچى
مەنىۋى كۈچ. مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ قىممىتى ۋە سۈپىتىنى
چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك بىلەن ئۆلچىگەندە ئەدەبىي ئەسەر-
لەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى، دەۋر روھى-
نى، رەڭگارەڭ باي تۇرمۇشنى ئىپادىلەپ، مەدەنىيەت ـ سەنئەتنىڭ
كۆپ خىل رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇپلا قال-
ماي، مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ بەدىئىي سېھرىي كۈچىنى ئاشۇرغى-
لى بولىدۇ. مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەل-
لىكتىن ئىبارەت قىممىتى چوقۇم بازار سىنىقىدىن، ئاممىنىڭ
ھۆزۈرلىنىشىدىن، ياخشى كۆرۈشىدىن ئۆتۈشى لازىم. ئىدىيەۋى
مەزمۇنى ياخشى، بەدىئىي شەكلى گۈزەل، كىشىگە ئىلھام بې-
غىشلايدىغان ئەسەرلەر ياخشى سۈپەتلىك ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ،
بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى
ياخشى بولىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىدە مۇنداق
ئەسەرلەر تولىمۇ ئاز. ئادەتتە بىرەر ئەسەر 3000 تىراژ بىلەن
بازارغا چىقىدۇ. بۇ ئومۇمىي نوپۇس بىلەن سېلىشتۇرغاندا تولىمۇ
ئاز. «ئويغانغان زېمىن»، «ئانا يۇرت» رومانلىرىدەك 20 مىڭ، 30
مىڭ تىراژ بىلەن بازار تاپىدىغان ئەسەرلەر بارماق بىلەن سانى-
غىدەك. بەزى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ناخشا ـ ئۇسسۇل ئەسەرلىرى-
مۇ بىر قانچە مەيدان بازار تاپالايدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەدەنى-
يەت بازىرىنى ئىگىلەش نىسبىتىنىڭ بۇنداق تۆۋەن بولۇشىنىڭ
سەۋەبلىرى ھەر خىل بولسىمۇ، ئەسەر سۈپىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى
يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

مەدەنىيەت ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا، ئاممىغا يۈزلەن-

دۇرۇپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئاچقۇچ چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك بىرلەشتۈرۈلگەن، ئىدىيەۋى مەزمۇنى چوڭقۇر، بەدىئىيلىكى ئۈستۈن، شەكىل - ئۇسلۇبى خىلمۇخىل نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىپ، مەدەنىيەت بازىرىنى گۈللەندۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئىككىنچىدىن، مەدەنىيەت - سەنئەتتە يېڭىلىق يارىتىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

ۋارىسلىق قىلىش يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئاساسى، يېڭىلىق يارىتىش ئاكتىپ ۋارىسلىق قىلغانلىق، يېڭىلىق يارىتىش مەدەنىيەت - سەنئەتنىڭ ھاياتىي كۈچى. يېڭىلىق بولمىسا تەرەققىيات بولمايدۇ. مەدەنىيەت - سەنئەت دەۋر تەرەققىياتى بىلەن ماس ھالدا ئالغا بېسىشى، دەۋر تەرەققىياتى ۋە دەۋر تەلىپىگە ماس كېلىدىغان مەزمۇن، شەكىل، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ھەتتا ھۇزۇرلىنىش ئادەتلىرىنى دادىل ئۆزگەرتىش، ئىسلاھ قىلىش لازىم.

ئۈچىنچىدىن، مىللىي، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ، مىللىي مەدەنىيەت - سەنئەتكە نىسبەتەن قوغداش خاراكتېرىدىكى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش لازىم. مەدەنىيەت - سەنئەت مىللىي روھ، مىللىي خاراكتېرنىڭ نامايەندىسى. مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە خاسلىق ھامان نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە. ئۇنىڭ مۇستەقىللىقى مىللىي مەدەنىيەت - سەنئەتنىڭ خاراكتېرى، مىللىي روھ، مىللىي ئۇسلۇب، مىللىي شەكىل قاتارلىق ئامىللاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مىللىي مەدەنىيەت - سەنئەتكە نىسبەتەن قوغداش خاراكتېرىدىكى ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشتا سىرتقا ئېچىۋېتىش بىلەن مىللىي مەدەنىيەت - سەنئەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە.

جۇڭگوچە مەدەنىيەت ـ سەنئەت سوتسىيالىستىك خاراكتېرنى ئالغانلىقى، جۇڭگو زېمىنىدا يىلتىز تارتىپ ئۆسۈپ يېتىلىپ، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى كەڭ جارى قىلغانلىقى، جۇڭگو خەلقى بەك ياقتۇرىدىغانلىقى بىلەن دۇنيا مەدەنىيەت ـ سەنئىتى ئىچىدە جۇلالىنىپ، ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىدۇ. ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتنى كەڭ جارى قىلدۇرۇش مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇش، مىللىي غۇرۇرنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى بولۇپلا قالماي، مىللىي مەدەنىيەت ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم شەرتى. مىللىي، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ـ سەنئەتنى كەڭ جارى قىلدۇرۇش، مىللىي مەدەنىيەت ـ سەنئەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاش، قوغداش ھەرگىزمۇ بېكىنمىچىلىك ئەمەس. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتى دەۋرگە ماسلىشىپ، دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىدىن ئۆگىنىشكە، قوبۇل قىلىشقا ماھىر بولۇشى، ئىنسانىيەت ئىجاد قىلغان بارلىق مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىپ، ئۇنى جۇڭگوچە مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىچىگە سىڭدۈرۈشى، ئىجابىي ئۆزلەشتۈرۈشى لازىم. چەت ئەلنىڭ نەرسىلىرىنى شۇ پېتىلا كۆچۈرۈۋېلىش ھەتتا ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش خاتا، مەدەنىيەتتىكى يارامسىزلىق. ئۆزئارا ئۆگىنىش، قوبۇل قىلىش جەريانىدا سىڭىپ كىرىش، بېكىنمە مەدەنىيەت ھادىسىلىرى، ئەبجەش مەدەنىيەت ھادىسىلىرى مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتلىق ھادىسە. دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى، ئالاھىدىلىكىنى ئەينەك قىلىپ، قوبۇل قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، تىل ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى، ھۇزۇرلىنىش ئادەتلىرى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ يېڭىلىق يارىتالىساقلا، بىزنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتىمىز تېخىمۇ بېيىيدۇ، گۈللەيدۇ. چەت ئەلنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتىگە نىسبەتەن تەھلىل يۈرگۈزۈپ مېغىزى بىلەن شاكىلىنى ئايرىشقا، پايدىلىق بىلەن پايدىسىزنى پەرقلەندۈرۈشكە ماھىر بولۇپ، ئىلغار،

ئىلمىي، ئېسىل نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشىمىز، ئەينەك قىلىشىمىز، قالاق، خۇراپىي، چىرىك نەرسىلەرنى چەكلىشىمىز لازىم. مەدەنىيەت - سەنئەتنى قانۇن بىلەن باشقۇرۇش، سىياسىي - ئىدىيەۋى خىزمەتنى، ئەخلاق تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

تۆتىنچىدىن، ئىختىساس ئىگىلىرىنى سىجىل تەربىيەلەپ، مەدەنىيەت - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش لازىم. مەدەنىيەت - سەنئەت ئومۇملاشتۇرۇپ ئالغاندا بىرىنچىدىن، سىياسەتكە؛ ئىككىنچىدىن، مەبلەغكە؛ ئۈچىنچىدىن، ئىختىساس ئىگىلىرىگە تايىنىپ تەرەققىي قىلىدۇ. دۇنيادا ۋە مەملىكەت ئىچىدە شۆھرەت قازانغان دىلبەر يۇنۇس، ئادىل ھوشۇردەك سەنئەتكارلارنى، مۇساجان روزى، ھۇسەنجان جامى، پاشا ئىشان، داۋۇت ئاۋۇتقا ئوخشاش سەنئەت ئۇستازلىرىنى، ئەخەت تۇردى، ئازات سۇلتان، كۇرەش رەجەپ، نۇسرەت ۋاجىدى، دىلنار ئابدۇللا، تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجاندەك تايانچ كۈچلەرنى، بولۇپمۇ ياش تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش ۋە يېتىلدۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىش لازىم. ياشلارنى چەت ئەللەردە ئوقۇتۇش، پراكتىكا قىلدۇرۇش، ئىچكىرىدىكى نۇقتىلىق سەنئەت ئالىي مەكتەپلىرىدە مەخسۇس تەربىيەلەش لازىم. شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ رولىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. مەدەنىيەت - سەنئەت خادىملىرى ئىچىدە ئىلىم - پەن ئۆگىنىش، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، يۇقىرى كۆتۈرۈش كەيپىياتىنى يېتىلدۈرۈش، ھەر خىل ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۇنۋان باھالاش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىلمىي ماقالە، ئىلمىي ئەسىرى بولۇش ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇش، 1 - ۋە 2 - دەرىجىلىك سەنئەتكارلارغا نىسبەتەن خەنزۇچىنى تولۇق بىلىش، بىرەر چەت ئەل تىلىنى ئىگىلەش تەلىپىنى قويۇش لازىم.

يازغۇچىلار قوش تىللىق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم. قوش تىللىق بولۇش يازغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئېلىمىزگە ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشتىكى مۇھىم ۋاسىتە. ئەدەبىي تەرجىمانلار قوشۇنىنى تەربىيىلەش ۋە يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئەدەبىي تەرجىمانلار قوشۇنى ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتىنى، بولۇپمۇ ئەدەبىياتىنى ئېلىمىزگە، دۇنياغا تونۇشتۇرۇشتىكى كۆۋرۈك. بۇ قوشۇننى تەربىيىلەش، جانلاندۇرۇش، كېڭەيتىش كېچىكتۈرۈپ بولمايدىغان جىددىي ۋەزىپە بولۇپ قالدى.

20 - ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. دەسلەپكى قەدەمدە ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىپ، 21 - ئەسىر تەرەققىياتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى. 21 - ئەسىر جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش دەۋرى، شۇنداقلا، ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭمۇ چوڭ گۈللىنىش دەۋرى.

بىز جۇڭگونىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ ئالغا بېسىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مەدەنىيەت - سەنئەت تەرەققىياتىدىكى ئىستراتېگىيەلىك مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىدىغانلا بولساق، ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتىدە چوقۇم يېپيېڭى ۋەزىيەت يارىتالايمىز.

(«ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىنىڭ 2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى (پەيشەنبە) دىكى سانىغا بېسىلغان.)

# يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىشى توغرىسىدا

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنيا ـ دىكى ئاساسىي كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ جاھانگىرلىك باسقۇچىغا كىردى.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن چەت ئەل جاھانگىر ـ لىرىنىڭ شىنجاڭغا ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەت ـ لەردە سىڭىپ كىرىشى كۈچەيدى. ئۇلار ئۇرۇمچى، ئىلى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا بانكا ۋە ھەر خىل تىجارەت ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ، شىنجاڭنى ئۆزلىرىنىڭ سانائەت ماللىرىنى ساتىدىغان بازارغا ۋە خام ئەشيا بازىرىغا ئايلاندۇرماقچى بولدى.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىر تەرەپتىن، جاھانگىرلار ـ نىڭ شىنجاڭ بايلىقىنى تالان ـ تاراج قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ غەزەپلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، غەرب ئەللىرىنىڭ سانائەت، ئىل ـ لىم ـ پەن، مەدەنىيەت جەھەتتە خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، دۇنياغا نەزەر تاشلىدى.

يولداش ماۋ زېدۇڭ «خەلق دېموكراتىيەسى دىكتاتۇرىسى ھەق ـ قىدە» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن ئىدى: «1840 ـ يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشى مەغلۇپ بولغاندىن باشلاپ، ئىلغار جۇڭگولۇقلار مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، غەرب ئەللى ـ رىدىن ھەقىقەت ئىزدىدى. خۇڭ شيۇچۈەن، كاڭ يۇۋېي، يەن فۇ ۋە سۇن جۇڭشەنلەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى دۇنياغا كەل ـ گىچە، غەربتىن ھەقىقەت ئىزدىگەن بىر گۇرۇھ كىشىلەرگە ۋە ـ كىللىك قىلدى.»[1] شىنجاڭدىكى بىر تۈركۈم ئىلغار زىيالىيلارمۇ

[1] «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە، 4 ـ توم، 654 ـ بەت.

شۇنداق قىلدى.

قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ داۋاملىق ئېچىلىشى ئارقىسىدا، ئەرەب ئەللىرىدە بولۇۋاتقان دېموكراتىك ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى، تۈركىيەدە ئېلىپ بېرىلغان بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرى ئۈچۈن ئالاھىدە جەلپ قىلىش رولىنى ئوينىدى. بۇنىڭ بىلەن مىسىر ۋە تۈركىيەلەرگە چىقىپ ئوقۇيدىغانلار كۆپەيدى.

تۈركىيەدە 1896 ـ يىلىدىن 1911 ـ يىلغىچە ئېلىپ بېرىلغان جەدىدچىلىك ھەرىكىتى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.

جەدىدچىلىك يېڭىلىقپەرۋەرلىك دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي روھى ئىلىم ـ پەن بىلەن ئىسلام ئەقىدىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت. جەدىدچىلىك مىللىي بۇرژۇئازىيەنىڭ پىكىر ئېقىمى بولسىمۇ، فېئوداللىق جاھالەتكە، دىنىي خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇشتا ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئابدۇقادىر ئابدۇۋارىس (كاشغەرىي) قاتارلىق بىر تۈركۈم زىيالىيلار جەدىدچىلىكنى ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلارنىڭ ۋە يەرلىك فېئودال روھانىيلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش ۋە يېڭىلىققا كۆچۈشنىڭ قورالى قىلدى. بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە بىر قاتار ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلدى. ئالدى بىلەن مەدرىسەلەردە دەرس مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلدى. بۇرۇنقى مەدرىسەلەردە ئاساسەن دىنىي كىتابلار ئوقۇلاتتى. دەرسلەر ئەرەبچە، پارسچە ئۆتۈلەتتى. تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلىمۇ دوگما، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ئىدى. 20 ـ يىللارغا كەلگەندە ئابدۇقادىر ئەزىزى قاتارلىق دېموكرات زىيالىيلارنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئۆزلىرى قول سېلىپ يېڭى دەرسلىك تۈزۈشى بىلەن ماتېماتىكا، فىزىكا، گىراممانىكا، جۇغراپىيە،

تارىخ قاتارلىق يېڭى دەرسلىكلەر كىرگۈزۈلدى. ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. دەرسلەرمۇ ئانا تىلدا (ئۇيغۇر تىلىدا) ئۆتۈلىدىغان بولدى. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەر قۇرۇلدى. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرى مۇھەممەت ئېلى (مەمتىلى) ئەپەندى ئاتۇش ئىكساقتا يېڭى مەكتەپ قۇردى. سوپى زادە قەشقەردە «ئونۋانۇل ھايات» دېگەن نامدا يېڭى مەكتەپ ئاچتى. ئەلى ئەپەندى تۇرپاندا، ئابدۇراخمان شاھىدى غۇلجىدا يېڭى مەكتەپ قۇردى. غۇلجىدا «دەرنەك»① قۇرۇلۇپ، ئەدەبىي پائالىيەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلدى. بەزى مەكتەپلەردە ئويۇن قويۇش ھەرىكەتلىرىمۇ باشلاندى.

1905 - يىلى قەشقەردە شۋېت② مەتبەئەسى قۇرۇلۇپ، 20 - يىللاردا بۇ مەتبەئەدە «سۇلتان ساتۇق ھەققىدە قىسسە»، «دۇنيانىڭ ئومۇمىي جۇغراپىيەسى» قاتارلىق كىتابلار نەشر قىلىندى. 1920 - يىلى غۇلجا كۈرەدە تاش مەتبەئە قۇرۇلۇپ، ھەر خىل ئەدەبىي كىتابلار نەشر قىلىندى.

1917 - يىلى، روسىيەدە دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قازىنىپ، دۇنيادا تۇنجى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى ئىشچى - دېھقانلار ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي تەقدىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇنىڭ شانلىق نۇرى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق يولىنى يورۇتتى.

شىنجاڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن چېگراداش بولغىنى ئۈچۈن، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ شىنجاڭغا تەسىرى چوڭ بولدى. 1918 - يىلى 4 - ئايدا، غۇلجىدا ئوقۇغۇچىلار، ئىشچى - خىز-

---

① «دەرنەك» — ئىلمىي يىغىلىش ئورنى، «سۆھبەت يىغىنى» دېگەن مەنىدە.

② شۋېت — شۋېتسىيە.

مەتچىلەردىن مىڭدىن ئارتۇق كىشى نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلىدى. تۆت سائەت داۋام قىلغان بۇ ئاممىۋى نامايىش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئەينى ۋاقىتتا، شىنجاڭغا فېئودال مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن (1912 - يىلىدىن 1928 - يىلىغىچە) ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئىدى. ياڭ زېڭشىن «جىيايۇگۇەننىڭ سىرتىدا يالغۇز ئۆزى خوجا بولۇش»، شىنجاڭنى «سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىكى شاپتۇللۇق باغقا ئايلاندۇرۇش» نى ئويلاپ، «جىيايۇگۇەننى ئېتىپ، ئۆزىنى قوغداش» يولىنى تۇتتى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا بۆلۈنمە ۋەزىيەت شەكىللەندى. ياڭ زېڭشىن ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ شىنجاڭغا بولغان تەسىرىگە، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ تارقىلىشىغا، «4 - ماي ھەرىكىتى» ۋە جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرىگە نىسبەتەن «قەتئىي چەكلەش» تەدبىرىنى قوللاندى. ئۇ «تەشۋىق ۋەرەقىلىرى تارقىتىدىغانلار مەيلى جۇڭگولۇق ياكى رۇسىيەلىك بولسۇن، بىردەك جازالاش كېرەك» دەپ ئېلان قىلدى. ياڭ زېڭشىن قاتتىق تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردە چىقىدىغان گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇشنى چەكلىدى. لېكىن تارىخ تەرەققىياتى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنماي، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ شانلىق تەسىرى شىنجاڭغا كەڭ تارقالدى.

1920 - يىلى 5 - ئايدا، سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى ئىلى ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى ئىمزالىدى. 1924 - يىلى جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو - سوۋېت ھەل قىلىنمىغان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالاپ، قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئۆزئارا ئەلچى ئەۋەتىشتى. شۇ يىلى 10 - ئايدا، سوۋېت ھۆكۈمىتى شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى بىلەن كونسۇلخانا قۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. سوۋېت - جۇڭگو مۇناسىۋە-

تىنىڭ نورماللىشىشى، سودا ئالاقىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئار -
قىسىدا، ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلىنىپ، بازارلار ئاۋاتلىشىپلا قال -
ماي، ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى، شۇ -
نىڭ بىلەن بىللە رۇس كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە سوۋېت ئەدەبىيا -
تى ھەر خىل يوللار بىلەن شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىدى. 20 -
يىللارنىڭ بېشىدىلا پۇشكىن، تولستوي، ئابدۇللا توقاي، گوركىي،
ئابدۇللا قادىرى، سەدرىدىن ئەينى قاتارلىق يازغۇچى - شائىرلار -
نىڭ ئەسەرلىرى شىنجاڭغا تارقىلىشقا باشلىغان.

ياڭ زېڭشىن ۋە جىن شۇرېنلار شىنجاڭغا يەرلىك پادىشاھ بو -
لۇۋاتقان چاغلاردا، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ مۇناسى -
ۋىتى قاتتىق كونترول قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن شىنخەي ئىن -
قىلابى بىلەن «4 - ماي» ھەرىكىتى شىنجاڭدا يېڭى مەدەنىيەت ۋە
ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا بەلگىلىك تەسىر
كۆرسەتتى. بىر تۈركۈم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ھەر خىل يوللار بى -
لەن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ، «4 - ماي» دەۋرىدە چىققان
كىتاب - ژۇرناللارنى شىنجاڭغا ئېلىپ كەلدى. ئابدۇخالىق ئۇي -
غۇرنىڭ زاماندашلىرى ئۇنىڭ ئۆيىدە «4 - ماي» دەۋرىدە چىققان
كىتاب - ژۇرناللارنىڭ بارلىقىنى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بۇ
خىل كىتاب - ژۇرناللارنىڭ مەزمۇنىنى باشقىلارغا ئېيتىپ بەر -
گەنلىكىنى ھېكايە قىلىشىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، شىنخەي ئىنقىلابى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە
«4 - ماي» ھەرىكىتىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرى بىلەن يۈز بەرگەن
بىر قاتار تارىخىي، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە، 20 -
ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قە -
دەر بولغان 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن ئەگرى -
توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، شىنجاڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى دې -
موكراتىك ئەدەبىياتى تەدرىجىي ھالدا مەيدانغا چىقتى.

«مۇئەييەن مەدەنىيەت ــ مۇئەييەن جەمئىيەت سىياسىتى ۋە
ئىقتىسادىنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئىنكاسى.»[1] 20 ـ ئە-
سىردىن باشلانغان يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى شىنجاڭ ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ فېئودالىزمغا، جاھانگىرلىككە قارشى كۈرە-
شىنى ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش تەلپىنى ئەكس ئەتتۈردى.
ئەدەبىياتتا مەزمۇندىن تارتىپ شەكىلگىچە ناھايىتى چوڭ ئۆز-
گىرىشلەر بولۇپ، ئۇ يېڭى تۈسكە كىردى. ئۇنىڭ دېموكراتىك
خاراكتېر ئالغانلىقى ئەنە شۇ يەردە. بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ دې-
موكراتىك خاراكتېر ئالغانلىقى شۇ ۋاقىتتا مەيدانغا چىققان ئې-
غىز ئەدەبىياتىدىمۇ، يازما ئەدەبىياتتىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.
شۇ ۋاقىتتا مەيدانغا چىققان قوشاقلار دېھقانلار قوزغىلىڭىنى
بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرۈپ، ياڭ زېڭشىن ۋەكىللىكىدىكى فېئودال
ھۆكۈمرانلارنى، دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنى پاش قىلىپ، ئېغىز ئە-
دەبىياتىنىڭ دېموكراتىك، خەلقچىللىق ئىدىيەسىنى يېڭى يۈك-
سەكلىككە كۆتۈردى. بۇ قوشاقلار شۇ ۋاقىتتىكى تارىخنىڭ بەدى-
ئىي دەستۇرى سۈپىتىدە ھازىرغىچە خەلق ئىچىدە ساقلانماقتا.

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتتا تېخىمۇ رو-
شەن نامايان بولدى. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ شارائىتىدا پارتىيەنىڭ
ئاشكارا پائالىيىتى بولمىغانلىقى، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ
تارقىلىشى ئېغىر توسالغۇغا ئۇچرىغانلىقى، يېڭى ئەدەبىياتنى
تەشۋىق قىلىدىغان نوپۇزلۇق، يېتەكچى خاراكتېرىدىكى نەشر
ئەپكارىنىڭ بولمىغانلىقى، سىرتقى مەدەنىيەت تەسىرىنىڭ ئوخ-
شاش بولماسلىقى، ئەڭ مۇھىمى يېڭى ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللان-
غۇچى زىيالىيلارنىڭ پىكىر ئېقىمىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى-
دىن، يازما ئەدەبىياتتىكى يېڭى باشلىنىش ئوخشاش بولمىغان

---

① ماۋ زېدۇڭ. «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە»، «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئە-
سەرلىرى» ئۇيغۇرچە، 2 ـ توم، 663 ـ، 664 ـ بەتلەر.

خاھىشچانلىققا ئىگە بولدى.

قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا ئابدۇقادىر ئەزىزى تەشەببۇس-
كارلىقى ۋە ئەمەلىي يېتەكچىلىكى بىلەن جەدىدچىلىك يېقىنقى
زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يېڭى دەۋرنىڭ ئاساسىي خاھىشىنى
نامايان قىلدى.

ئابدۇقادىر ئەزىزى (1862 ــ 1924) ئاتۇشنىڭ مەشھەد يېزى-
سىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئابدۇقادىر ئەزىزى ۋە-
تەنپەرۋەر، مەرىپەتچى دېموكرات بولۇپ، يېڭى ئىلىم ـ پەن بى-
لەن ۋەتەننى، خەلقنى قۇتقۇزۇش يولىدا ئۆمۈر بويى كۈرەش قىل-
دى. ئۇ مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش، يېڭىچە ئىلىم ـ پەن ۋە ئەدە-
بىياتنى يۈكسەلدۈرۈش يولىدا تىرىشىپ، ھەر خىل مەزمۇندا بىر-
مۇنچە ئەسەرلەرنى يازدى.

ئەينى ۋاقىتتا، ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ھۆكۈمەتلىرى ئۆز-
لىرىنىڭ فېئودال ئىستىبداتلىق ھاكىمىيىتىنى قوغداش ئۈ-
چۈن، مىللەتلەرنى بىر ـ بىرىگە ئۆچمەنلەشتۈرۈش، مىللىي
كەمسىتىش، دىنىي خۇراپاتلىق بىلەن خەلقنى نادانلاشتۇرۇش
سىياسىتىنى قوللاندى. خۇددى يولداش ماۋ زېدۇڭ «بىرلەشمە
ھۆكۈمەت توغرىسىدا» دېگەن شانلىق ئەسىرىدە ئېيتقاندەك:
«ئۇلار پۇتۇنلەي چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ۋە شىمالىي مىلىتا-
رىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسەتلىرىگە ۋارىسلىق
قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قى-
لىشتا قىلمىغىنى قالمىدى.»[1] ئەنە شۇنداق تارىخىي شارائىتتا،
ئابدۇقادىر ئەزىزى مىللىي باراۋەرلىك، ئىناقلىق ـ بىرلىك، ئى-
لىم ـ مەرىپەتنى ئىبارەت دېموكراتىك شوئارنى ئوتتۇرىغا قوي-
دى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئاقائىدە زۆرۈرىيە» ناملىق سوئال ـ جاۋاب
شەكلىدە يېزىلغان نەسرىي ئەسىرىدە:

---

① «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 ـ توم،
433 ـ بەت.

«ئىنساننىڭ خار ۋە زەبۇن بولمىقىغا بائىس نېمەدۇر؟
— ئىككى نەرسىدۇر: بىرى، جاھىل ۋە نادانلىق، ئىككىنچىسى، تەپرىق ۋە ئىختىلاپتۇر.»
«ئىززەت - ئابرۇي، قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولىدۇ؟
— ئىلىم - مەرىپەت، ئىتتىپاقلىق بىلەن بولىدۇ.» دەپ يازىدۇ.

بۇ ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيە شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى بولغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا يېزىلغان نۇرغۇن ئەسەرلەر مۇشۇ ئىدىيەنى ئالغا سۈرىدۇ.

دېمەك، 20 - يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنىدىن تارتىپ شەكلىگىچە (تىلمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان قىياپەتكە ئىگە بولۇشى ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ فېئوداللىق ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىياتىدىن پەرقلىق ھالدا دېموكراتىك دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىش دەۋرى جىددىي كۈرەش ۋە سىناقلارغا دۇچ كەلدى. فېئودال مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن ئىلغار دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىنىڭ تارقىلىشىنى توسۇپ، ئەمدىلا چىقىشقا باشلىغان گېزىت - ژۇرناللارنى پېچەتلىدى. چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىمۇ ياڭ زېڭشىننىڭ خەلقنى نادانلاشتۇرۇش سىياسىتىگە ماسلىشىپ، شىنجاڭدا كاتولىك ۋە خىرىستىيان دىنىغا ئائىت كىتابلارنى تارقىتىپ، يېڭى «روھىي ئەپيۇن» بىلەن خەلقنى ئازدۇرۇشقا ئۇرۇندى. بۇنىڭ بىلەن يېڭى ئەدەبىيات فېئودال مۇستەبىتلىككە قارشى دېموكراتىك كۈرەش ۋەزىپىسى بىلەن بىر ۋاقىتتا جاھانگىرلارنىڭ مەدەنىيەت تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

قەشقەردە ئابدۇقادىر ئەزىزى باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، بىرقانچە مىڭ كىشىنى تەشكىللەپ، جاھانگىرلارنىڭ مەدەنىي تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلى-

ـرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. بۇ، جاھانگىرلىككە قارشى ئىلغار دېموكراتىك ھەرىكەت ئىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى ۋە 30 ـ يىللارنىڭ بېشىدا (1933 ـ يىلىغا قەدەر) ئىلى ۋە تۇرپاننى مەركەز قىلغان ھالدا ياڭ زېڭشىن ۋە جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىلـ ـغان بىر قاتار ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر (دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى)، بولۇپمۇ ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى بىلەن باشلانغان سوۋېت ئەدەبىياتى، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئېلىپ بېرىلـ ـغان يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئېنىق ئىنـ ـقىلابىي خاھىشچانلىققا ئىگە يېڭى دېموكراتىك خاراكتېردىكى ئەـ ـدەبىيات بىخ ئۇرۇپ چىقىپ، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىش دەۋرىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى، تەرەققىيات يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر (تۇرپاندىن)، مەرۇپ سەئىـ ـدى، خېلىل ساتتارى، نەزەرخوجا (ئىلىدىن) قاتارلىق كۆپلىگەن شائىر ـ يازغۇچىلار مەيدانغا چىقتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يېڭى دېـ ـموكراتىك ئەدەبىياتنىڭ شانلىق سەھىپىسىنى ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن يازغۇچى ئىنقىلابىي دېموكرات شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇردۇر.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1902 ـ يىلى تۇرپاننىڭ باغرى دېگەن كەنـ ـتىدە سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 8 ـ 9 ياش ۋاقتىدا ئۆز يېـ ـزىسىدىكى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، ئەرەبچە ـ پارسچە ئۆگىنىپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشتى. 20 يېشىغا كەلـ ـگەندە تۇرپاندا خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇدى. كېيىن قاراشەھەرگە بېرىپ موڭغۇلچە ئۆگەندى. دادىسى بىلەن بىللە كۆپ قېتىم تاشـ ـكەنت ۋە موسكۋاغا باردى، قازاقىستاننىڭ شەمەي شەھىرىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ رۇسچە ئۆگەندى. سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىنـ ـقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. رۇس ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئىلغار ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشتى. بۇ

ئۇنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتى ۋە ئىنقىلابىي پائالىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. شائىر قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىغا يار ـ يۆلەكتە بولۇپ، جىن شۇرېن ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش مەقسىتىدە تۇرپاندا ئىنقىلابىي تەشكىلات ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىنقىلابىي ھەرىكەت ئېلىپ باردى. 1932 ـ يىلى قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنى باستۇرۇش ئۈچۈن بېرىپ، قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، پەرىشان ھالدا قايتىپ كېتىۋاتقان قانخور شېڭ شىسەي تۇرپاندا تەييارلىنىۋاتقان ئىنقىلابىي كۆتۈرۈلۈشتىن خەۋەر تېپىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر باشچىلىقىدىكى 17 كىشىنى تۇتقۇن قىلىپ، ۋەھشىيانە تۈردە چېپىپ ئۆلتۈردى. شائىر بۇ چاغدا 30 ياشتا ئىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 20 يېشىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن. شائىرنىڭ 250 كە يېقىن شېئىر يازغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرىدىن، ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ھەققىدە توپلانغان ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولىنى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن: ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ 20 ـ يىللاردىكى ئاساسىي تەشەببۇسى ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيەسىدۇر. ئۇنىڭ بۇ ئىدىيەسى «ياز كۈنى» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ:

يار كۈنى كۈندۈز قىزىق بولغاي ھاۋا ئىسسىقتا تەر،
ھەر كۈنى ئاخشامى كۆپ جان خالىغاي بى ئىختىيار.

تۈندە ھەركىم ئۆگزىسىدە تاغ شامالىغا قاراپ،
«كەل جېنىمنىڭ راھىتى» دەپ تەلمۈرەر بەك ئىنتىزار.

كۆك يۈزى ساپ، ئاندا يوق تاپ، بارچە يۇلتۇزلار يېقىن،
شول يىراقتىن خوپ يېقىنلاشقانغا ئوخشاش پارقىرار.

هەر كىشى بىر خۇش ھاۋا ئاستىدا خۇشاللىق ئىلە،
گەپلىشىپ ياندا يولداشى بىلەن كۆڭلىن ئاچار.

بۇ غېرىب شائىر ياتار يالغۇز ئۆزى كۆككە قاراپ،
كۆكتە يۇلتۇزلار يانار، يەردە پەقەت شائىر ياتار.

شائىر ئىنسانپەرۋەرلىك غايىسىنى «ھەسرەتتە قالدىم» دەپ تېخىمۇ ئوچۇق بايان قىلىدۇ. مەسىلەن،

لەۋلىرىڭ قېنى ئانار رەڭگىدىنمۇ ياخشىراق،
چىشلىرىڭ چىن ئۇنچىدۇر، يات سۆز تىلىڭدىن يىراق.

قاشلىرىڭدۇر يېڭى چىققان ئەينى شەۋۋالنىڭ[1] ئېيى،
ئولكى ئالدىمدا باراۋەردۇر، گاداي ـ شاھ ـ يۇرت بېيى.

شائىر ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بىلەن ئەركىن مۇھەببەتنى، ئىندىۋىدۇئال ئازادلىقنى تەرغىپ قىلىدۇ. شائىرنىڭ «باھار چېچەكلىرىدىن بىر تەسىر»، «ئەي پەرى»، «جانان»، «ئارمان» قاتارلىق شېئىرلىرى ئاشۇ خىل مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ.

شائىر ئەركىن مۇھەببەت ۋە ئازادلىق ئارزۇسىنى ئەركىن مۇھەببەتنى بوغىدىغان، كىشىنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىدىغان فېئوداللىق جەمئىيەتنى سۆكۈش، ئەيىبلەش بىلەن بىرلەشتۇرىدۇ. شائىر «باھار چېچەكلىرىدىن بىر تەسىر» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

---

① شەۋۋال ــ ھىجرىيە كالېندارى بويىچە 10 ـ ئاي.

يىغا قايناپ بۇ تىلىم سۆزلەرگە ھالى يوق ئىدى،
ئۇدۇلۇمدا ئول چېچەك خۇددى بىر قىزىل چوغ ئىدى.

دېدى: ئەي، بىچارە ـ مىسكىن يىغلىما ھالىڭ دېگىل،
مۇڭدىشايمەن بىلگىنىمچە سەن بىلەن بەجانىدىل.

يىغلىبان دېدىم: پەلەك بېشىمغا نە كوي سالمىدى،
يىغلىماقتىن تاشقىرى بەندەڭگە ھېچ كوي قالمىدى.

دېدى: ئەي، نادان بىلەمسەن تاش بېغىردۇر بۇ پەلەك،
كۆرمىدىڭمۇ ئۇندۇرەر ئول، بىر پەلەكتىن مىڭ خەمەك.

شائىر مۇشۇ مەزگىلدە يازغان نۇرغۇن شېئىرلىرىدا ئىلىم ـ مەرىپەتنى ئاجايىپ قىزغىنلىق بىلەن تەشۋىق قىلىدۇ. ئۇ كۆپ قېتىم: «باشقىلار تۆمۈردىن ئات ياساپ ھاۋادا ئۇچماقتا، دېڭىزلاردا ئۈزمەكتە. بىز ساپالدىن ئىۆرىق ياساش، چىۋىقتىن سېۋەت توقۇش، يىپتىن ئىشتانباغ ئۆرۈش بىلەن قالدۇق» دېگەن ئىدى. شائىر «غەزەپ ۋە زار» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

ئويغىنىپ كەتتى جاھان مەغرىبى ـ مەشرىق تامام،
مەن تېخى سۇت ئۇيقۇدا، چۈش كۆرۈپ ياتارىمەن.

باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ كەتتى يىراق،
مەن مىسال يالاڭ ئاياغ دەسسەپ تىكەن ماڭارىمەن.

ئىلىم ـ پەندىن يوق خەۋەر، باستى غەپلەت، خەۋپ ـ خەتەر،
ھالىمىمۇ قۇلدىن بەتەر، قانداق چىداپ تۇرارىمەن.

شائىر ئىلىم ـ پەننى تەشۋىق قىلىشنى دىنىي خۇراپاتلىقنى قامچىلاش بىلەن باغلايدۇ. مەسىلەن، «دەردى دەۋران» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

ئۆتەرمۇ بۇ ئۆمۈر ئەپسۇس ئارمانى نادامەتتە،
تېپىلماس شادلىق شەخس، ئومۇمەن ھېچ ئالامەتتە.
قايان بارسام، قايان باقسام ئومۇمەن ئۇشبۇ ھالەتتە،
نە يەكلىغ مەنپەئەت باردۇر بۇ يەكلىغ ئىستىقامەتتە،
چۈشەندۈرگۈچى يوقمۇ بۇنى دەۋرى جاھالەتتە.

فېئوداللىق ئاسارەت، دىنىي جاھالەت قاپلىغان تۇرپان ۋادىسىدا مۇنداق شېئىرلارنى يېزىش ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ شائىرنىڭ سەگەك رېئالىزىمچى، قەيسەر دېموكرات جەڭچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر گەرچە «زامان زورنىڭ» ئىكەنلىكىنى، ۋەتەننىڭ «دەردىگە داۋا تېپىش» كېرەكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، داۋا تېپىش يولىنى تاپالماي بىر مەزگىل تېڭىرقاش كەيپىياتىدا بولدى. بۇ ھال ئۇنىڭ «غەزەپ ۋە زار» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ:

چۆل ـ جەزىرە، دەشتى ـ سەھرا ئىچىدە قالدىم نائىلاج،
ئاھ! قاچان بىر يول تېپىپ، قۇشۇلاي قاتارىمەن.

سۇغا تەشنادۇر بۇ چۆل بىپايان مۇنبەت يېرى،
مىسلى دەريا تايماي ئېقىش، قاينام بولۇپ قاينارىمەن.

1928 ـ يىلى شائىرنىڭ شەمەيدە بىر يىلدىن ئارتۇق تۇرۇشى ئۇنىڭ ھاياتىدا خاسىيەتلىك يىللار بولدى. لېنىن، ستالىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت خەلقىنىڭ يېڭى ھاياتىنى ئۆز كۆزى بىلەن

كۆردى. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پارتلاش ئالدىدا تۇرغان دېھقانلار ئىنقىلابى شائىرنى ئۆز قوينىغا ئالدى. ئۇنىڭ ئىدىيە- سىدە زور بۇرۇلۇش پەيدا بولدى. ۋەتەننىڭ، خەلقنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشتە قىلىچنى قانغا بويىماي بولمايدىغانلىقىنى چۈشەن- دى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى يېڭى ئىدىيەۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلدى. ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك ئى- دىيەسىنى فېئودال مىلىتارىستلار ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت يېڭى دې- موكراتىك ئىنقىلاب بىلەن بىرلەشتۈردى. ئۇنىڭ 20 - يىللارنىڭ ئاخىرى 30 - يىللارنىڭ باشلىرىدا يازغان شېئىرىدا ئىنقىلابىي ئىرادە قىزىل نۇر بولۇپ چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ «كۆكۈل خاھى- شى» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يالقۇنلۇق مىسرالار بار:

تولغىنىپ ئىگرايدۇ ئەل - يۇرت، زومىگەرلەر زۇلمىدىن،
چىن يىگىتلەر - ئەزىمەتلەر قۇتقۇزۇر ئىمكان بىلەن.

كۇنۇ تۈن ھېچ ئۇيقۇ يوق، ۋىجدان ئازابى يەنچۇ ...؟
ئەلنى ئويغاتماق تىلەك، تاڭدا بىر چۇقان بىلەن.

ھەم سىياسەت تەشۋىشى كۆڭلۈمنى چارچاتماس مېنىڭ،
ھېچقاچان ئادەم يېڭىلمەس ئېلىشسا قاۋان بىلەن.

ئابدۇخالىق ئۇشبۇ يولدىن قايتما بېشىڭ كەتسىمۇ،
ئەلنى قىل غەمدىن خالاس، قىلىچنى بوياپ قان بىلەن.

شائىرنىڭ «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» دېگەن شېئىرىدا ئۆ- زىنىڭ ئىنقىلابىي ئىرادىسىنى، ئىنقىلاب غەلىبىسىگە بولغان ئىشەنچىنى تېخىمۇ يارقىن بايان قىلىدۇ:

مەنزىلى مەقسەت ئۇزاق، تېز ماڭمىدى مىنگەن ئۇلاغ،
تاش ـ قورامىلىقتا مېڭىپ، ئاقساپ يامان بولدى ياداپ.

ئازغىنا بىر ئىستىراھەتنى قىلاي ھاسىل دېسەم.
ھېچ ئارام بەرمەيدۇ ماڭا تۆت تەرەپتىن ئىت قاۋاپ.

* * *

ئېقى ئاق، قارىسى قارا، ھەرگىزمۇ ئاق بولماس قارا،
ئاجرىسۇن مىستىن تازا ئالتۇن كۆيۈپ ئوتتا چىداپ.

كۆرگۈلۈكنى كۆرگۈلۈك، يا ئابدۇخالىق ئۆلگۈلۈك،
ئىككىنىڭ بىرىگە تۇرماق، ھەر جانغا بولسۇن شۇ خىتاب.

ياش شائىر ئەنە شۇنداق جەڭگىۋار شېئىرلىرى ئارقىلىق قۇ-سۇل، تۇرپان دېھقانلار ئىنقىلابىغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىپلا قالماي، بەلكى قوزغىلاڭغا بىۋاسىتە قاتنىشىپ، قىلىچنى قانغا بوياپ، ھەقىقىي خەلقپەرۋەر، ھۆرىيەتپەرۋەر جەڭچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن جاللات شېڭ شىسەي تەرىپى-دىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى.

شائىرنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىيىتى ئۇنىڭ بىر ئىنسانپەرۋەر زىيالىيدىن سىنىپىي ئاڭغا ئىگە ئىنقىلابچىغا، جە-دىدتىن ئىنقىلابىي كۈرەش يولىغا ماڭغان ئىرادىلىك ۋەتەنپەرۋەر جەڭچىگە ئايلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ يولى ئەينى ۋاقىتتا نۇرغۇن ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولى. شائىر شېئىرىي ئىجادىيەتنى:

مەن زېرىككەندە قەلەم ئەڭ ياخشى بىر سازىم مېنىڭ،
ئېيتىڭىزچۇ ئۇشبۇ تۇرمۇش تەڭ ئەمەسمۇ خان بىلەن.

دەپ تونۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئاڭلىق تۇردە خەلق ئاممىسىنىڭ

ئازادلىق ـ ئەركىنلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. ئۇ ئىجادىيەتتە زور ئىجتىمائىي تېمىلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، 20 ـ يىللارنىڭ دەۋر روھىنى ئىپادىلىدى. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆز ئىجادىيىتىگە سىڭدۇرۇپ، شېئىرنى قويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە قىلدى، جۈملىدىن شېئىرىي ھېسسىياتنى تەبىئەت ۋە تۇرمۇش مەنزىرىسى ئىچىگە سىڭدۇرۇپ، ئاجايىپ گۈزەل ئوبراز ئىچىدە چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شېئىر شەكلىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، تىلىنىڭ ئاددىي ـ ساددا، ئاممىباب بولۇشى بىلەن ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىپ، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىش دەۋرىدىكى ئۈچمەس يۇلتۇزغا ئايلاندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئاشۇ تۆھپىسى بىلەن يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىش دەۋرىنىڭ ئاساسچىسى، دەسلەپكى بايراقدارى بولۇشقا مۇناسىپ. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىش دەۋرىدىكى يازما ئەدەبىيات ئابدۇقادىر ئەزىزى ۋەكىللىك قىلغان كونا دېموكراتىك جەدىدچىلىك ئەدەبىياتى بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋەكىللىك قىلغان ئىنقىلابىي دېموكراتىك ئەدەبىياتتىن تەركىب تاپقان. بۇ ئىككى ئەدەبىيات فېئودالىزم ۋە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش جەھەتتە بىرلىكتە كۈرەش قىلىش، بىر ـ بىرىگە ماسلىشىش، تەبىئىي سەپ قۇرۇش ھالىتىنى شەكىللەندۇردى. لېكىن، جەدىدچىلىك مىللىي بۇرژۇئازىيەنىڭ پىكىر ئېقىمى بولۇپ، ئىسلاھاتچىلىق ئارقىلىق بۇرژۇئازىيە ھاكىمىيىتىنى تىكلەشنى مەقسەت قىلىدۇ، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، سوتسىيالىزم يولى بىلەن، كوممۇنىزم ئىدىيەسى بىلەن چىقىشالمايدۇ. شۇڭا قۇمۇل ئىنقىلابىدىن كېيىنكى يېڭى تارىخىي شارائىتتا، ئىنقىلاب يولى مەسىلىسىدە (مۇھىمى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قانداق قاراش مەسىلىسىدە) جەدىدلەر ئارىسىدا زور پارچىلىنىش بولدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋەكىللىكىدىكى ئىنقىلابىي دېموكراتىك

ئەدەبىيات قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىدىن كېيىن، شىنجاڭدا ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ تارقىلىشى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچىيىشى، سوۋېت سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتى ۋە ئېلىمىزنىڭ «4 ـ ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىن باشلانغان يېڭى دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنىڭ داۋاملىق ئۇلغىيىشى نەتىجىسىدە، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىگە ئۇيغۇنلىشىپ، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى پەللىسىگە قاراپ تەرەققىي قىلدى.

ئەينى ۋاقىتتا تۈرلۈك سىياسىي ـ ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىيات نۇرغۇن تارىخىي چەكلىمىلەرگە ئۇچراپ، كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن تولۇق بىرلىشىپ كېتەلمىدى. لېكىن يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئەدەبىيات قىلىچتىن قان تېمىپ تۇرغان شارائىتتا، يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن يېزىلدى. قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىغا جامائەت پىكرى تەييارلىدى، كۈچلۈك مەنىۋى قورال بولدى. 30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغان يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى تىكلىدى. مانا مۇشۇ تۆھپىسى بىلەن 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن باشلانغان يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىش دەۋرى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىن شەرەپلىك ئورۇن ئېلىشى كېرەك.

# شېئىرىي ئوبراز ھەققىدە

شېئىر ــ ئاممىۋىلىقى كۈچلۈك، ئۇزۇن تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە ئەدەبىيات شەكلى، ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە.

نەچچە يىلدىن بۇيان پارتىيەنىڭ تەربىيەلىشى ۋە غەمخورلۇق قىلىشى نەتىجىسىدە، بىرمۇنچە ياش شائىر ۋە ھەۋەسكارلار ئۆسۈپ يېتىلىپ، شېئىرىيەت قوشۇنىمىز كېڭەيدى ۋە ئۆستى. شېئىردىيىتىمىز مەزمۇن جەھەتتىلا بېيىپ قالماي، ئۇنىڭ شەكىل ۋە تۈرلىرىمۇ كۆپەيدى. گەرچە شېئىرىيىتىمىزدە نەتىجىلەر زور بولسىمۇ، لېكىن مۇزاكىرە قىلىپ بىر ياقلىق قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بەزى مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت. مەن بۇ ماقالەمدە شېئىرىي ئىجادىيەتنىڭ مەركىزىي مەسىلىلىرىدىن بىرى بولغان شېئىرىي ئوبراز ئۈستىدە بەزى تەسىراتلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يولداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

ھازىر يېزىلىۋاتقان خېلى كۆپ ساندىكى شېئىرلاردا جانلىق شېئىرىي ئوبراز يوق، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تولۇق شېئىرىي مەنزىرە ۋە جانلىق، روشەن كارتىنا كەم. بەزى شېئىرلار شېئىرىيەتكە خاس خۇسۇسىيەتتىن مەھرۇم بولۇپ، قۇرۇق داۋرىلار بىلەن تولغان. بۇ ئەھۋال شېئىرنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا، تەربىيەۋى رولىنىڭ كەڭ جارى قىلىنىشىغا نۇقسان يەتكۈزمەكتە. شېئىرىيەتتىكى بۇ ئەھۋال يالغۇز ياش ھەۋەسكارلارنىڭ شېئىرلىرىدىلا كۆرۈلۈپ قالماي، مەلۇم دەرىجىدە پىشقان شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تېپىۋاتىدۇ.

بەدىئىي ئەسەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى جانلىق ئوبراز ئارقىلىق

ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. يازغۇچى ئۆز دۇنيا قارىشىنىڭ يېتەك-چىلىكىدە، كەڭ بەدىئىي توقۇلما ئارقىلىق ئومۇملاشقان، كونك-رېت ھېس قىلغىلى بولىدىغان تۇرمۇش كارتىنىسىنى يارىتىدۇ. شۇ ئوبراز ئارقىلىق كىتابخاننىڭ قەلبىگە تەسىر قىلىدۇ. شۇڭا شېئىردا جەزمەن ئوبراز بولۇشى كېرەك. چۈنكى شېئىر رېئال تۇرمۇشنى ئەڭ مەركەزلىك ۋە ئەڭ نۇقتىلىق ئىپادىلەيدىغانلىقى، جۈملىدىن شائىرنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىن ئالغان ئەڭ چوڭ-قۇر تەسىراتى ۋە تەسەۋۋۇرى ئاساسىغا قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، شې-ئىرىيەتنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭدا ئوبرازنىڭ بولۇشىنى تېخىمۇ تەلەپ قىلىدۇ.

مەسىلەن، شائىر مۇھەممەتجان سادىق ئۆزىنىڭ «يېزا يولىدا» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

تاپ - تاقىر ئېگىزلار ئارىسىدىن،
يالغۇز ئاياغ يول كېلىدۇ.
يول ئۈستىدە
بىرى قىزىل،
بىرى ئاق —
گۈل كېلىدۇ.
قىزىل گۈلۈم ياش چوكان،
ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاي،
ئۇنىڭ جۈپتى — مەرد ئېرى،
كوپېراتىپتا داڭلىق باي.

بۇگۈن ئۇلار
قەدىم كۈچا بازىرىغا
خۇشال بولۇپ يول ئالدى،
بىلىپ قالدىم سىرىنى،

گاڭدەك تۆت قول ئەمگەكدىن
تەقسىماتتا
دارامەتنى مول ئالدى.

بۇ شېئىر كوللېكتىپلىشىشنىڭ ۋە ئەمگەكنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئوبرازلىق ھالدا مەدھىيەلەيدۇ. بۇ تېمىدا نۇرغۇن رومانلار، ھېكايىلەر، دىرامىلارنى يېزىش مۇمكىن، بۇنداق ژانىرلاردا كىشىلەرنىڭ جانلىق سەرگۈزەشتىلىرى يېزىلىدۇ، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىشلەر تەسۋىرلىنىدۇ. بۇنىڭدا تەبىئىي ھالدا ئوبراز كېلىپ چىقىدۇ. لېكىن شېئىرلاردا بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، شېئىردا تۇرمۇشتىكى ئەڭ تەسىرلىك تىپىك ۋەقە ۋە ھېسسىيات بايان قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، شېئىرىي ئوبراز تېخىمۇ جانلىق ۋە يارقىن بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا ئۇ كىتابخان قەلبىدە تەسىر قوزغايدۇ.

شېئىر تۇرمۇش ۋەقەلىكىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان مەنتىقىي تەپەككۇر ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلىدۇر.

شائىر شېئىردا مەلۇم تۇرمۇش ۋەقەلىكى ۋە تۇرمۇشتىن ئالغان چوڭقۇر تەسىراتىغا ئاساسەن، تۈرلۈك سۈپەتلەشلەر، ئوخشىتىشلار، سىمۋوللۇق ئىبارىلەر، تەسەۋۋۇر ۋە گۈزەل تىل ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق، كىتابخان كۆرەلەيدىغان، ئاڭلىيالايدىغان، ھېس قىلالايدىغان، تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان سەنئەت مەنزىرىسىنى ياكى شېئىرىي ئوبرازنى يارىتىدۇ. سۈبيېكتىپ لىرىك تۇيغۇ بىلەن جانلىق تۇرمۇش كارتىنىسىنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ كىتابخاننى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. جانلىق شېئىرىي ئوبراز پەقەت ئېپىك شېئىرلاردىلا بولۇپ قالماستىن، لىرىك شېئىرلاردىمۇ بولىدۇ.

مەسىلەن، شائىر ئەلقەم ئەختەمنىڭ «تاڭ ئاتقاندا»ناملىق شېئىرىدا مۇنداق مىسرالار بار:

داھى ماۋ زېدۇڭ
قىلغاندا جاكار،
سۇزۇلۇپ بۇلۇت
يۇز ئاچتى ئاسمان.

بېيجىڭغا شۇ دەم
تىكلەنگەندە تۇغ،
جۇڭخۇا ئېلىگە
ياغدى شەرەپ ــ شان.

شائىر بۇ يەردە ئىجتىمائىي تۇزۇمدىكى ئۆزگىرىشنى تەبىئەتتىكى جانلىق ھەرىكەت بىلەن باغلاپ، بىر خىل شادلىق مەنزىرىسىنى سۇرەتلەپ، كىتابخاننىڭ چوڭقۇر تەپەككۇرىنى قوزغايدۇ. بۇ پارچىدا شائىر دېمەكچى بولغان مەقسەتنى ئابستراكت ئىبارىلەر، قۇرۇق داۋرالار بىلەن ئىپادىلىمەستىن، ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق، جانلىق، كونكرېت شېئىرىي مەنزىرە ئىچىدە ئىپادىلەپ بەرگەن. شېئىردا شائىر دېمەكچى بولغان مەقسەتنى ئەلۋەتتە رېئال تۇرمۇشتىكى كىشىلەر ۋە ۋەقەلەرنىڭ سىرتقى ۋە ئىچكى تۇپ خۇسۇسىيەتلىرىنى تاللاپ، ئۇنى چوڭقۇر ھاياجان ئىچىدە ھېسسىياتلىق ئىپادىلەپ، كىتابخانىنىڭ زوقلىنىش ۋە تەسىرلىنىش ھېسسىياتىنى قوزغىشى، يەنى شېئىردىكى جانلىق كارتىنا، پېرسوناژ، ۋەقە، ھېسسىيات كىتابخان قەلبىدە تىرىك نەرسىگە ئايلىنىشى لازىم.

ئېپىك شېئىرلاردا ئوبراز يارىتىش ئوڭايراق بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئېپىك شېئىرلاردا ۋەقە ۋە پېرسوناژ بولىدۇ، ئوبرازنىڭ ئوبيېكتىپلىق خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بولىدۇ. لىرىك شېئىرلاردا بولسا ئوبراز يارىتىش مۇرەككەپرەك بولىدۇ. لىرىك شېئىرلاردىمۇ شائىر ئۆزىنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى تۇرلۇك

هادىسىلەرگە، ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە روھىي قىياپىتىگە بول-غان كۆچلۈك سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ، ئۇنىڭدىمۇ باشقا شېئىر تۈرلىرىگە ئوخشاشلا جانلىق، بەدىئىي ئوبراز يارىتىپ، كىتابخانغا كونكرېت ھېس قىلغىلى بولىدىغان نەرسە بې-رىشى لازىم.

لىرىك شېئىرلاردا ئوبراز يارىتىشقا مەلۇم رامكا بەلگىلەپ بې-رىشكە بولمايدۇ. تۇرمۇش ھەر خىل بولغانلىقى، شائىرلارنىڭ ئۇسلۇبى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، لىرىك شېئىرلاردا ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلىمۇ خىلمۇخىل بولىدۇ.

بەزى لىرىك شېئىرلاردا شائىر رېئال تۇرمۇشتىكى مۇھىم خاراكتېرلار، ۋەقەلەرنى تاللاپ ئېلىپ كۈچلۈك ھېسسىيات ۋاسى-تىسى بىلەن جانلىق ئوبراز يارىتىدۇ. بىز تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ «ئۈزۈم ئۈزگەندە» ناملىق شېئىرىنى ئوقۇساق، بۇ نۇقتىنى ئوبدان ھېس قىلىمىز.

بەزى لىرىك شېئىرلاردا تەبىئەت ھادىسىلىرى، تەبىئەت مەن-زىرىسى تەسۋىرلىنىپ، جانلىق ئوبراز يارىتىلىپ، روشەن مەنزى-رە ئىچىدە ئىدىيەۋى ھېسسىيات ئىپادىلىنىدۇ، بۇنداق شې-ئىرلاردا مەنزىرە ئىچىدە ھېسسىيات، ھېسسىيات ئىچىدە مەنزىرە بولىدۇ. شائىر تەبىئەتنى جانلاندۇرۇپ، روشەن ئوبراز ئارقىلىق كىتابخاننىڭ قەلبىنى تەۋرىتىدۇ. مەسىلەن، شائىر ئەلقەم ئەختەم ئۆزىنىڭ «ئايدىڭ كېچىدە» ناملىق شېئىرىدا تەبىئەت مەنزىرىسى-نىڭ گۈزەللىكىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق شېئىرىي مەنزىرە ھا-سىل قىلىپ، سوتسىيالىستىك ۋەتەنگە بولغان قىزغىن مۇھەببى-تىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق تەبىئەت مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئوبراز يارىتىش لىرىك شېئىرلاردا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.

بەزى شائىرلار تۇرمۇش ۋەقەلىكىگە ياكى تەبىئەت مەنزىرىسى-نى تەسۋىرلەشكە يۈلەنمەستىن، لىرىك ھېسسىياتىنى بىۋاستە

بايان قىلىش ئارقىلىقمۇ ئوبراز يارىتىدۇ. بۇنداق شېئىرلاردا ئوبراز يارىتىش شېئىرلاردىكى لىرىك قەھرىماننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە ۋە جانلىق تەسۋىرلەش بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. مەسىلىنى روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ل. مۇتەللىپنىڭ مۇنۇ بىر كۇپلېت شېئىرىنى كۆرەيلى:

مەرىپەت ئىزدە، ئېرىنمە،
سەرپ ئەتكىن كۈچۈڭنى.
بوياق بىلەن بويىغىچە تېشىڭنى،
ئىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىڭنى.

شائىر بۇ بىر كۇپلېت شېئىرىدا ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى گۈزەللىكنى روشەن ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئىلىم ـ مەرىپەتكە پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بېغىشلىغان، ھاياتىنى كۆرەش ۋە ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە بەل باغلىغان قەھرىماننىڭ ئوبرازى گەۋدىلىنىدۇ. ئىچكى ھېسسىياتنى ناھايىتى چوڭقۇر، ھەققىي تەسۋىرلەش ل. مۇتەللىپنىڭ «خىيالچان تىلەك» ناملىق شېئىرىدا تولۇق ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

خىيالىم خۇددى تەلپۈنۈپ تۇرغان بىر سەبىي بالا،
ئېمىش ئۈچۈن قەدىردان ئانىدىكى قوش ئەمچەكلەرنى.

لەززەتلىك خىيال ئارىسىدا بېقىپ ئاسمانلارغا،
تەپەككۇر كۆزى بىلەن كۆرىمەن روشەن روجەكلەرنى.

بۇ شېئىرىدا شائىرنىڭ ئىچكى دۇنياسى نەقەدەر روشەن تەسۋىرلەنگەن ـ ھە! بۇنداق لىرىك شېئىرلاردا كىتابخاننىڭ ئوبراز ھەققىدىكى چۈشەنچىسى لىرىك پېرسوناژنىڭ قەلبىدىن، ھېسسىياتىدىن تەسىرلىنىش بىلەن باشلىنىدۇ ۋە ئۇ شېئىردىن ئې-

لىنغان لەززەت ئارقىلىق كىتابخاننىڭ تەسەۋۋۇرىدا تاكامۇللى-شىپ، تېخىمۇ تولۇقلىنىدۇ. بۇنداق لىرىك شېئىرلارنىڭ تەسىر كۈچى تولىمۇ ئۈستۈن بولىدۇ. بەزى لىرىك شېئىرلاردا شائىر تۇرمۇشتىن ئالغان تەسىراتىنى بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا قويماستىن، مول تەسەۋۋۇر، ئوخشىتىش، مۇبالىغە قىلىش ئارقىلىقمۇ گۈزەل ئوبراز يارىتىدۇ.

شائىر نىمشېھىتنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئوبرازلار مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا يارىتىلغان. مەسىلەن، شائىرنىڭ «ئۈچرىشىش» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق چىرايلىق مىسرالار بار:

كېتىپ بېرىپ بازاردا،
كۆزۈم چۈشتى بىر قىزغا.
ئىزى ماڭا نە كېرەك،
پەرىزاتتەك بىر قىزغا.

قىزمۇ شۇنداق بولامدۇ؟
ئاينى ئايال تۇغامدۇ؟
كۆڭلۈم بېرىپ باغلاندى،
سۇمبۇل چېچى قۇندۇزغا.

ئىختىيارسىز قىلدىم سۆز،
ماڭا قاراڭ غورۇلاي كۆز!...
قىيا بېقىپ بىر كۈلۈپ،
شەرەت قىلدى ئېتىزغا.

.............

— كۆيگەن بولساڭ، كەل!...— دېدى،
— قولغا كەتمەن ئال ! ... — دېدى،
سۇ باشلاپ بىز چۆللەرنى،
ئايلاندۇرايلى دېڭىزغا.

قىسمەن شېئىرلاردا شائىر پەقەت كىشىنى چوڭقۇر ئىزدىنىش-كە سالىدىغان سوئاللارنى قويۇش ئارقىلىقمۇ ئوبراز يارىتىشى مۇمكىن.

شائىر ت. ئېلىيېفنىڭ «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» ناملىق شېئى-رىدا مۇنداق مىسرالار بار:

كۈھىقاپقا قارشى ماڭغان پەھلىۋان ئوغلى تۇرۇپ،
قۇترىغان ئەتۇر قۇيۇنلار نوقىسا تەۋرەمدىمەن!؟
بەختى كۈلمەكتە ۋەتەنىنىڭ، ئەتىمىز ئاندىن گۈزەل،
تۇرسا ئۇ بەرگەن كۆزۈم، شۇ ئەتىنى كۆرمەمدىمەن!؟

...............
شۇ ۋىسالدىن رىشتە ئۈزگەنلەرنى ئۇچراتسام شۇ چاغ،
نېمە دەر ئىغۋاسىنى سالسام يۈزىگە شۇندا مەن؟

شېئىردا ئوبراز بولۇشى كېرەك، چۈنكى شېئىرنىڭ كىتابخانغا بولغان تەسىرى ئوبراز ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. ئوبرازسىز شې-ئىرنىڭ تەسىر كۈچى بولمايدۇ.

بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاشلا شېئىردىكى ئوبرازمۇ تىپىك بولۇشى كېرەك.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت تۇرمۇشنىڭ كۆچۈرمىسى ئەمەس، ئەلۋەت-تە. يازغۇچى ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تۇرمۇش ۋەقەلىكىنى تاللاپ، ئومۇملاشتۇرۇپ، تىپىك ئوبراز يارىتىدۇ. شېئىردا تىپىكلەشتۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئالاھىدە بولۇشى ئۆزىگە خاس ئالاھىدە تىپىك ئوبرازنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. ئەگەر شې-ئىردا تىپىك ئوبراز بولمىسا، شېئىرىي ئىجادىيەتتە ئاسانلا نا-تۇرالىزم خاھىشى پەيدا بولۇپ، تۇرمۇشنى بۇرمىلاش كېلىپ چى-قىدۇ، جانلىق، تەسىرلىك قىلىپ ئەكس ئەتتۈرگىلى بولمايدۇ.

ئېپىك شېئىرلاردا تىپىك شارائىتتىكى تىپىك ئوبرازلارنى يا-
رىتىشقا بولىدۇ. بۇنداق شېئىرىي ئەسەرلەردىمۇ رومان ـ ھېكايە-
لەرگە ئوخشاشلا تىپىك شارائىت، تىپىك قەھرىمان، تىپىك سۇ-
ژىت ۋە مۇرەككەپ توقۇنۇشلار مۇكەممەل ئىپادىلەنمىسىمۇ، پېر-
سوناژنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئىچكى كەچۈرمىشلىرى ناھايىتى
تەپسىلىي يېزىلمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئۆزىگە لايىق تىپىك
شارائىتتىكى تىپىك پېرسوناژ بولىدۇ. مەسىلەن، ئابدۇكېرىم
خوجىنىڭ «ئايخان» باللادىسى مۇشۇ تەلەپنى قاندۇرغان ئەسەردۇر.

شائىر لىرىك شېئىرلاردا مەلۇم تۇرمۇش ۋەقەلىكى ئارقىلىق
ئۆزىنىڭ لىرىك ھېسسىياتىنى بايان قىلغاندا، ھەرقانداق ۋەقەنى
ئەمەس، تۇرمۇشنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرەلەيدىغان ۋەقە-
لەرنى ياكى پېرسوناژنىڭ تۈپ خاراكتېرلىك ھەرىكىتىنى، خۇ-
سۇسىيىتىنى تاللايدۇ. مەسىلەن، شائىر ئەلقەم ئەختەم «دېڭىز بو-
يىدا بىر كېچە» ناملىق لىرىك شېئىرىدا دېڭىز بويىدا پوستا تۇر-
غان قىزنىڭ دۈشمەن پاراخوتىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئالدىن سې-
زىپ، يولداشلىرىغا مەلۇم قىلىپ، دۈشمەن پاراخوتىنى يوقاتقان-
لىقىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، خەلقىمىزنىڭ ۋەتەننى قوغداش يو-
لىدىكى قەھرىمانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. شائىر پېرسوناژنىڭ ۋەتەنگە
بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى، خىزمەتتىكى سەزگۈرلۈكىنى پە-
قەت قىزنىڭ دۈشمەن پاراخوتىنى يىراق يەردىن ئالدىنئالا كۆ-
رۈپ، يولداشلىرىغا خەۋەر قىلغانلىقى بىلەن كۆرسىتىدۇ. بۇ ۋەقە
قىزنىڭ خاراكتېرىنى تىپىك ھالدا ئېچىپ بېرىدۇ.

شېئىردا تىپىك خاراكتېرلىك ۋەقەلەرنى تاللاش ۋە ئۇنى تە-
سىرلىك كۆرسىتىش تىپىك ئوبراز يارىتىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇ-
لىدۇر. بەزى لىرىك شېئىرلاردا ياكى لىرو ـ ئېپىك شېئىرلاردا
پېرسوناژ ئوبرازى بولىدۇ، بۇنداق پېرسوناژ ئوبرازىمۇ تىپىك
خاراكتېردا بولۇشى كېرەك، لىرىك شېئىرلاردا لىرىك قەھرىمان
شائىرنىڭ ئۆزىدۇر. شائىر تۇرمۇشقا بولغان كۆزقارىشىنى ۋە

كۈچلۈك تەسىراتىنى، سۆيگۈ - مۇھەببىتىنى، غەزەپ - نەپرىتىنى بايان قىلغاندا، ئۆزىنىڭ ئىدىيەسى، پەزىلىتى، خاراكتېرى، پۈتۈن روھىي قىياپىتى كىتابخان ئالدىدا تولۇق گەۋدىلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا شائىر خەلق ئاممىسىنىڭ ئىچىدىكى ئىلغار ئادەم ياكى بىرەر نەمۇنىچى سۈپىتىدە ئىجابىي قەھرىمان بولۇپ مەيدانغا چىقىدۇ. ئەگەر لىرىك شېئىردا ئۆزى ئەمەس، باشقا پېرسوناژ بولغاندا، شائىر ئۆزىنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنى، خاراكتېرىنى شۇ پېرسوناژغا سىڭدۈرگەنلىكى ئۈچۈن، شېئىردىكى پېرسوناژمۇ ئىلغار ئادەم، نەمۇنىچى، ئىجابىي قەھرىمان بولۇپ كۆرۈنىدۇ. شۇڭلاشقا شائىر شېئىردا پېرسوناژ ئوبرازىنى ياراتقاندا، ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان ئادەملەر ياكى گۇرۇھنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتىنى شۇ پېرسوناژ ئارقىلىق جانلىق ۋە تەسىرلىك قىلىپ كۆرسىتىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا لىرىك شېئىر خەلق ئاممىسىنىڭ روھىي بايلىقىغا ئايلىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى تەربىيەلەيدۇ. مەسىلەن، ل. مۇتەللىپنىڭ «يىللارغا جاۋاب» ناملىق شېئىرىدا شائىر ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي روھىنى، بەختلىك تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئىپادىلەپ، شۇ دەۋردىكى ئىنقىلابچىلارنىڭ روھىي قىياپىتىنى ئۆزىنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق ئومۇملاشتۇرىدۇ. شۇڭا بۇ شېئىر بارلىق كۈرەشچان، ئىنقىلابىي كىشىلەرنىڭ يۈرەك ناخشىسى بولۇپ قالدى.

يۇقىرىدا شېئىرىي ئىجادىيەتتە تىپىك ئوبراز يارىتىش مەسىلىسى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۇق. بۇلار شېئىرىي ئوبراز توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە. شېئىرىيەتتىكى ئوبراز مۇرەككەپ ۋە خىلمۇ خىل بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنى داۋاملىق تەتقىق قىلىش لازىم.

# شېئىر ئىجادىيىتىدىكى ئىندىۋىدۇئاللىق ۋە بەدىئىي ئۇسلۇب توغرىسىدا

يېڭى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتى پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركەزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئۇنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، تۇرمۇشنى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن ئوبرازلاشتۇرىدىغان شېئىرلار مەيدانغا چىقتى، داستانچىلىق زور قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى، شېئىرىي رومان مەيدانغا چىقىپ، تىپىك شەخسلەرنىڭ ئوبرازى يارىتىلىشقا باشلىدى، شېئىرنىڭ تۇر ۋە شەكىللىرى كۆپەيدى، بۇ، شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ تۇرمۇشنى ئىنكاس قىلىشتا تېخىمۇ چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىككە قاراپ راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شېئىرىيەت سېپىمىزگە يېڭى تالانتلىق ياش شائىرلار قوشۇلدى، بۇ شېئىرىيەت قوشۇنىمىزنىڭ پارلاق ئىستىقبالىدىن دېرەك بېرىدۇ، لېكىن شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، دەۋر روھى چاقناپ تۇرىدىغان، جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ھېسسىياتىنى قوزغاپ، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان مۇنەۋۋەر شېئىرلار يەنىلا ئاز، بەزى شېئىرلارنىڭ سەۋىيەسى ئادەتتىكىچە بولۇپ، شوئارۋازلىق، ئۇقۇملاشتۇرۇش، قېلىپبازلىق قاتارلىق ناچار ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى، شېئىر توغرىسىدا يېزىلغان ئەدەبىي تەنقىدلەرنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ساغلام بولسىمۇ، لېكىن بەس ـ مۇنازىرە كەيپىياتى، دوستلارچە سەمىمىي مۇھاكىمىلەر يەنىلا كەمچىل.

شېئىر ئىجادىيىتىدە ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن ئۆستۈرۈشنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئالغاندا، ئۆستۈرۈشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش،

ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش — نۆۋەت-
تە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە. شېئىر ئىجادىيىتى-
نىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە تۇرمۇش يەنىلا تۈپ ئامىل. لېكىن
ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ قانۇنىيىتىدىن سەۋەبنى سۈرۈشتۈرگەندە،
ئىجادىيەتتە ئىندىۋىدۇئاللىق (خاسلىق) نى جارى قىلدۇرۇش، ئۆ-
زىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب يارىتىپ، ھەر خىل ئۇسلۇبلار ئارا
ئەركىن مۇسابىقىنى قانات يايدۇرۇش شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ سۈ-
پىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىل.

ئەدەبىي ئىجادىيەت بىر خىل مەنىۋى ئەمگەك، بۇ خىل ئەمگەك
يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى، شەخسىنىڭ
ئىجادىي كۈچى، كۆزىتىش ئىقتىدارى ۋە تەسەۋۋۇر كۈچىنى غايەت
زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشنى، تۇرمۇشقا نىسبەتەن چوڭقۇر
چۈشەنچە، ئالاھىدە كۆزقاراشقا ئىگە بولۇشنى، ئۆزىگە خاس بەدى-
ئىي ئۇسلۇب يارىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۆزىگە خاس بەدىئىي
ئۇسلۇبنىڭ شەكىللىنىشى يازغۇچى ئىجادىيىتىنىڭ پىشىپ يې-
تىلىۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى ھەر-
قايسى مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەپ ياشناۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم
بەلگىسىدۇر.

بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى ئىندىۋىدۇئاللىق ۋە بەدىئىي ئۇسلۇب
بىر - بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىر - بىرىنى تو-
لۇقلايدۇ ۋە بىر - بىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئى-
جادىيەتتىكى ئىندىۋىدۇئاللىق يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش
تەجرىبىسى، ئىدىيەۋى ھېسسىياتى، شەخسىي خاراكتېرى، ئېس-
تېتىك غايىسى ۋە ئىجادىيەت تالانتىنىڭ ئەسەردىكى ئىپادىسى-
دۇر. بەدىئىي ئۇسلۇب بولسا، شەخسىي ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ يۇ-
قىرى كۆتۈرۈلۈشى، ئۆسۈپ يېتىلىشى بولۇپ، يازغۇچىنىڭ بىر
قەدەر روشەن ۋە بىر قەدەر مۇھىم ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلىر-
نىڭ ئەسەردىكى ئىپادىسىدۇر. ئىجادىيەتتە ئىندىۋىدۇئاللىق تو-

لۇق جارى قىلدۇرۇلغاندا، ئاندىن ھەر خىل بەدىئىي ئۇسلۇب شە-كىللىنىدۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يازغۇچىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى ۋە شۇ ئا-ساستىكى بەدىئىي ئۇسلۇبى ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇن ۋە شەكلىنى ھاسىل قىلغۇچى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. يەنى سۇژىت تاللاش، تېمىنى تاللاش ۋە ئوبراز يارىتىشتا، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىسىنى ۋە ئۇسلۇبىنى ئىشلىتىش، ۋەقەلىك قۇ-رۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىجادىيەت ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەت-لەردە ئىپادىلىنىدۇ. ھازىرقى ئىجادىيەت ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئىجادىيەتتە ئىندىۋىدۇئاللىقنى جارى قىلدۇرۇپ، بەدىئىي ئۇس-لۇبنى شەكىللەندۈرۈشتە تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىنى ئالاھىدە تەكىتلەش زۆرۈر:

ئېنگېلس: «ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ھەربىر كىشى بىر تىپ، شۇنداقلا مۇئەييەن بىر شەخس، خۇددى موپىسسپىت گېگېل ئېيت-قاندەك بىر ‹مۇشۇ بىر شەخس› بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم» دېگەنىدى، ئېنگېلس گەرچە بۇ سۆزنى تىپىك ئوبرازلارنىڭ ئو-مۇملۇقى ۋە خاسلىقى توغرىسىدا ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشىگىمۇ ئوي-غۇن كېلىدۇ. ھەربىر يازغۇچىدا قەلبىنى تەسىرلەندۈرىدىغان تۇرمۇش ئۆزگىچىلىكى بولۇشى، ئۆزىنى تەسىرلەندۈرگەن، ئۆزى پىششىق بىلىدىغان، ئۆزگە مەنسۇپ بولغان تۇرمۇشنى يېزىشى لازىم. تۇرمۇش يېڭى، ئۆزگىچە بولغاندا، پىكىر ۋە مەنىمۇ يېڭى بولىدۇ، ئىدىيەۋى ھېسسىياتمۇ چوڭقۇر بولىدۇ. يازغۇچى تۇر-مۇشنى كۆزىتىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، مۇستەقىل تەپەككۇر ئارقىلىق تۇرمۇش ھەقىقىتىنى ئۆزگە خاس بەدىئىي ماھارەت بىلەن يورۇتۇپ بېرد-شى لازىم. نۆۋەتتە، يېڭى دەۋرىمىزنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت دەۋر روھىنى ئۇلۇغ ئىسلاھات

دولقۇنىدىن بىۋاسىتە تەسىرلىنىش ئاساسىدا يېڭى شېئىرىي پىكىر بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشىمىز لازىم.

ھېسسىيات يېڭى ۋە يالقۇنلۇق بولۇشى لازىم، ئىجادىيەتتە ھېسسىيات بولماي مۇمكىن ئەمەس، شېئىردا تېخىمۇ شۇنداق، ھېسسىيات شېئىرنىڭ جېنى. ئادەمنىڭ ھېسسىياتى خىلمۇخىل بولىدۇ. شائىر خەلقنىڭ ھېسسىياتىنى ئۆزىگە خاس ھېس ـ تۇيغۇ بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشى، ھېسسىياتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە دىققەت قىلىشى كېرەك. ھېسسىياتنىڭ ئالاھىدىلىكى شېئىردىكى ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىدۇر. بىزدە ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا نۇرغۇن شېئىرلار يېزىلدى، ۋەتەن تېمىسىنى ئۆزىگە خاس قايناق ھېسسىيات بىلەن ئىپادىلىگەن شېئىرلار خەلق ئىچىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. مەسىلەن، «سېغىنىدىم» (نىمشېھىت)، «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» (ت. ئېلىيېۋ)، «بۇغدا ئانام» (ئا. ئۆتكۈر)، «ۋەتىنىم سۈت بەردىڭ، ھالال ۋە ئاپئاق» (ئوسمانجان ساۋۇت) ئەنە شۇنداق شېئىرلاردۇر.

شېئىردا تىل ئالاھىدىلىكى بولۇشى لازىم. شېئىرىي تىل مەنىلىك، ساپ، ئاممىباب، گۈزەل، ئاھاڭدار بولۇشى كېرەك. شائىرلار خەلقنىڭ جانلىق تىلىنى، كىلاسسىك شائىرلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش ئاساسىدا تىلدىمۇ ئىجادچانلىق روھىنى جارى قىلىشى، تىل دېڭىزى ئىچىدىن خىلمۇ خىل ئېسىل گۆھەرلەرنى قېزىشقا ماھىر بولۇشى لازىم.

بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكنى جارى قىلىش، ھەر خىل ئىجادىيەت ۋاسىتىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىش، ھەر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىش لازىم.

ئىجادىيەتتە ئىندىۋىدۇئاللىق كەڭ جارى قىلىنسا، ھەر خىل ئۇسلۇبلار شەكىللىنىپ، ئەركىن مۇسابىقىلىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەنسە، شېئىرىيەت بېغىمىزدا ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىل-

بارلىققا كېلىدۇ.

ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى بولغان شائىر ئۆزگىچە خاس ئاۋازغا ئىگە بولۇشى، بەدىئىي ئىندىۋىدۇئاللىق ئاساسىدا ئۆزگىچە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب يارىتىشى لازىم. بىر ئۆمۈر شېئىر يېزىپ، شېئىرىيەتتە ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئورنى ياكى شەخسىي ئۇسلۇبى بولماسلىق ئېچىنارلىق ئەھۋال، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئۆزگىچە خاس ئىندىۋىدۇئاللىقنى ئىپادىلەش، ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇب يارىتىش ئاسان ئەمەس.

ئىجادىيەتتە ئىندىۋىدۇئاللىق، شەخسىي ئۇسلۇبنىڭ شەكىللىنىشى خىلمۇخىل ئامىللارغا باغلىق بولسىمۇ، يەنىلا ئاچقۇچ ئىزدىنىشكە جۈرئەت قىلىش ـ قىلماسلىققا باغلىق، ئىزدىنىش ئىجادىيەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئىزدىنىش بولمىسا ئىجادچانلىق بولمايدۇ. يازغۇچى ۋاڭ مېڭ: «ئادەم باشقىلارنىڭ ئىزىنى دەسسەپ ماڭماسلىقى، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭمۇ ئىزىنى دەسسەپ ماڭماسلىقى كېرەك.» دېگەنىدى. بىزدە ئىجادىيەتتە ئىندىۋىدۇئاللىقنى كەڭ جارى قىلىشنىڭ، شەخسىي ئۇسلۇب يارىتىشنىڭ شەرت ـ شارائىتى ناھايىتى تولۇق، يازغۇچىلارغا كەڭ ئەركىنلىك بېرىلدى، نۇرغۇن شائىرلىرىمىز ئۆزگىچە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب يارىتىش يولىدا جاپالىق ئەمگەك قىلىۋاتىدۇ، بىز بىردەك ئىنتىلىپ، تىرىشىپ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، شېئىر ئىجادىيىتىدە ئىندىۋىدۇئاللىقنى جارى قىلدۇرۇش، شەخسىي ئۇسلۇب يارىتىش يولىدا ئىزدەنسەك، ئەدەبىي تەنقىدتىمۇ مۇشۇ جەھەتتىكى نەزەرىيەۋى تەتقىقاتنى كۈچەيتسەك، «سەنئەت ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن پىرىنسىپنى ئىجرا قىلىپ، يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئىجادچانلىق روھىغا تېخىمۇ ياخشى ئىلھام بەرسەك، شېئىر ئىجادىيىتىمىزنىڭ سۈپىتى تېخىمۇ ئۆسۈپ، يېڭى بىر گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كېلىدۇ.

# ئوبرازلىق تەپەككۇر توغرىسىدا

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە تۇرمۇشنى كۆزىتىش، تۇرمۇشتىن ئىجادىيەت ماتېرىياللىرىنى ئېلىشتىن تارتىپ تاكى بەدىئىي ئوبراز يارىتىشقىچە بولغان پۈتكۈل ئىجادىيەت جەريانىدا بولىدىغان ئاساسلىق پىكىر قىلىش پائالىيىتى ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ئوبرازلىق تەپەككۇر ياكى بەدىئىي تەپەككۇر دەپ ئاتىلىدۇ.

تەپەككۇر — ئاڭنىڭ ماددىي دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ئالىي شەكلى، ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇر، ئۇقۇم، ھۆكۈم قاتارلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى تونۇش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى بىر خىل پائالىيەت جەريانى. تەپەككۇر شەكىللىرى كۆپ خىل بولىدۇ، مۇھىملىرى ئوبرازلىق تەپەككۇر، ئابستراكت تەپەككۇردىن ئىبارەت.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى جانلىق، كونكرېت، تەسىرلىك بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى ئوبرازلىق تەپەككۇردىن ئىبارەت پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى شەكىللەندۈرگەن، شۇڭا، ئوبرازلىق تەپەككۇرنى بەدىئىي ئىجادىيەتتە چوقۇم ئەمەل قىلىنىشقا تېگىشلىك ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت دەپ قاراش كېرەك.

ئوبرازلىق تەپەككۇر دۇنيانى بىلىشنىڭ بىر خىل پىكىر قىلىش شەكلى بولۇپ، ئۇ بىلىشنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىدۇ، يەنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق ھېسسىي بىلىش باسقۇچىدىن ئەقلىي بىلىش باسقۇچىغا تەرەققىي قىلىپ، شەيئىلەرنىڭ ماھى-

يىتىنى بىلىشكە يېتىدۇ. ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى شۇنى ئىس-پاتلايدۇكى، رېئال تۇرمۇشتىكى مەلۇم ۋەقە ۋە پېرسوناژ يازغۇ-چىنى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدۇ، لېكىن يازغۇچى بۇ ۋەقە ۋە پېر-سوناژنى شۇ پېتىلا كۆچۈرۈپ قويماستىن، بۇ ۋەقە ياكى پېرسوناژ ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بارىدۇ، باي ۋە جانلىق ھېسسىي ئوبرازلارنى ئومۇملاشتۇرىدۇ، مەركەزلەشتۈرىدۇ، يارقىنلاشتۇرى-دۇ. ھېسسىي بىلىش باسقۇچىدىن ئەقلىي بىلىش باسقۇچىغا سەكرەپ، مۇئەييەن خاھىشقا ئىگە تۈرلۈك - تۈرلۈك ئوبرازلارنى يارىتىپ، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىپ، «خەلق ئاممى-سىنى ئويغىتىپ، روھلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىش ۋە كۈرەش قىلىش يولىغا چۈشۈپ، ئۆز شارائىتىنى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولىدۇ.»[①]

يازغۇچىنىڭ ئەدەبىي ئوبراز يارىتىش جەريانىدىكى ئوبرازلىق تەپەككۇرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇ ئالاھىدىلىك-لەرنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

بىرىنچى، ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ پائالىيەت جەريانى باش-تىن - ئاخىر جانلىق، كونكرېت، تەسىرلىك ئوبرازدىن ئايرىل-مايدۇ. بەدىئىي ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ماھىيەتتە، بەدىئىي ئىجادىيەت جەريانىدىكى ئوبرازلىق پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. بىر پۈتۈن ئىجادىيەت جەريانىنى ماتېرىيال توپلاش باسقۇچى، ئىجتى-مائىي تۇرمۇشتىن ئېلىنغان خام ماتېرىياللارنى تاللاش، چەككى-لەش، پىششىقلاش، ئەسەرنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش باس-قۇچى، رەسمىي يېزىش باسقۇچى دەپ ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈش مۇم-كىن. بۇ ئۈچ باسقۇچنىڭ بىر پۈتۈن جەريانى ئوبرازلىق تەپەك-كۇردىن ئايرىلمايدۇ. كونكرېت تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى ئىگى-لەشتىن تارتىپ بەدىئىي ئوبراز يارىتىلغىچە بولغان جەرياننىڭ

---

① ماۋ زېدۇڭ: «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەن-گەن نۇتۇق»، ئۇيغۇرچە، 133 - بەت.

ھەممىسى جانلىق تۇرمۇش ماتېرىياللىرىدىن تېخىمۇ يارقىن، تې-
خىمۇ روشەن، تېخىمۇ تەسىرلىك تىپىك ئوبراز يارىتىشقا ئۆتۈش
جەريانى بولۇپ، بۇ جەرياندىكى تەپەككۇر ھامان جانلىق، ھېس
قىلغىلى بولىدىغان ئوبراز ھالىتىدە بولىدۇ. لۇشۈن: «ئا Q نىڭ
ئوبرازى مېنىڭ كۆڭلۈمدە بىرقانچە يىللار ساقلانغان ئىدى» دېگەن
ئىدى. بېلىنىسكىيمۇ گوگولنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە توختى-
لىپ: «ئۇ قولىغا قەلەم ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى
ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنەتتى، ئۇلارنىڭ كىيىم-
لىرىنىڭ تۈگمىسىنى ئېنىق سانىيالايتتى، دەرد - ئەلەمدىن پەيدا
بولغان پېشانىسىدىكى قورۇق ئىزلىرىنىمۇ ئېنىق سانىيالايتتى.
ئۇلارنى ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىنمۇ ئېنىق
بىلەتتى» دېگەن ئىدى. ئاتاقلىق يازغۇچىلارنىڭ بۇ ئەمەلىي تەج-
رىبىسى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، يازغۇچى تۇرمۇشتىكى جانلىق
پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى، ئېپىزوت (ۋەقە) ۋە سۇژىتلارنى
تاللاشتىن تارتىپ ئەسەر قۇرۇلمىسى، تىپىك ئوبرازلارنىڭ يارى-
تىلىشى جەريانىدا تەپەككۇر ھامان جانلىق، تەسىرلىك كونكرېت
ئوبرازدىن ئايرىلمايدۇ.

ئىككىنچى، ئوبرازلىق تەپەككۇر تەسەۋۋۇر، بەدىئىي توقۇلما،
تەقلىد - تەمسىل قاتارلىق ئېستېتىك ۋاسىتىلەر بىلەن زىچ
باغلانغان بولىدۇ. يولداش ماۋ زېدۇڭ يولداش چېن يىغا يازغان
شېئىرىيەت توغرىسىدىكى خېتىدە: «شېئىردا ئوبرازلىق تەپەككۇر
بولۇشى كېرەك»، «تەقلىد - تەمسىل دېگەنلەردىنمۇ پايدىلانماي
بولمايدۇ» دەپ كۆرسىتىپ، ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ خىلمۇخىل
بەدىئىي ۋاسىتىلەر بىلەن مۇستەھكەم بىرلەشكەن پىكىر قىلىش
ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن ئىدى. تەسەۋۋۇر بىر خىل
پىكىر قىلىش شەكلى بولۇپ، ئوبرازلىق تەپەككۇرنى پەرۋاز قىل-
دۇرۇشتىكى مۇھىم ۋاسىتە. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە، تەسەۋۋۇر ئەمە-
لىي پاكىتلاردىكى كەمتۈك جايلارنى تولدۇرىدۇ، ھېس قىلىنمىغان

هالقىلارنى تولۇقلايدۇ. ئوبرازنى تېخىمۇ غايىۋى، ئومۇملۇققا ئىگە
تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. لېۋ. تولستوي: «بىرەر كىشىنىڭ
ئاساسلىق ۋە خاراكتېرلىك بەلگىسىنى ئېلىپ، ئۇنى سىز كۆزەت-
كەن باشقا كىشىلەرنىڭ خاراكتېرلىك بەلگىلىرى بىلەن تولۇقلاش
لازىم، شۇندىلا بۇ تىپ بولالايدۇ. بىر ئالاھىدە تىپنى يارىتىش ئۇ-
چۇن، ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان نۇرغۇن كىشىلەرنى كۆزىتىش كې-
رەك.» دېگەن ئىدى. روشەنكى ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى تىپىكلەش-
تۈرۈش جەريانى، ئەمەلىيەتتە، يازغۇچىنىڭ كۆزەتكەن تۇرمۇش
رېئاللىقى ئاساسىدا ئىجادىي تەسەۋۋۇر ئارقىلىق، جانلىق
ئوبرازلارنى، خاراكتېرلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئاي-
رىملىق بىلەن ئورتاقلىق، ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپ بىر-
لىككە كەلتۈرۈلگەن بەدىئىي ئوبراز يارىتىش جەريانىدۇر. بۇ جەر-
ياندا تەسەۋۋۇر ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. لېكىن بەدىئىي
تەسەۋۋۇر مۇئەييەن تۇرمۇش ئاساسىغا ئىگە بولۇشى، پەنگە ئۇيغۇن
بولۇشى كېرەك.

بەدىئىي توقۇلما سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ جانلىق تەپەك-
كۇر ھەرىكىتى. بەدىئىي توقۇلما ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى
ۋە ئۇنىڭدىكى قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىدىغان،
ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تەبىئىي باغلايدىغان، ۋەقە ۋە ھا-
دىسىلەرنى قۇراشتۇرۇپ ئومۇملاشتۇرىدىغان مۇھىم ۋاسىتە. ياز-
غۇچى ئوبرازلىق پىكىر قىلغاندا تۇرمۇشتىكى راست ئادەم ۋە
راست ئىشلارنى ئۆز ئەينىچە يازمايدۇ. بەلكى تۇرمۇش ماتېرىيال-
لىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، بەدىئىي توقۇلمىغا تايىنىپ، پېرسو-
ناژلار ۋە ۋەقەلەرنىڭ كەم جايلىرىنى تولۇقلاپ، بىر پۈتۈن ۋەقە-
لىك ۋە ئوبرازنى شەكىللەندۈرىدۇ. لۇشۈن مۇنداق دېگەن ئىدى:
«تارىخ يېزىش ئۇچۇن چوقۇم پاكىت بولۇشى كېرەك، ئەدەبىي ئى-
جادىيەتتە بولسا ۋەقەلىك ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق
تەسۋىرلىنىدۇ. چوقۇم پاكىت بولۇشى تەلەپ قىلىنمايدۇ.» لېكىن

ھەرقانداق بەدىئىي توقۇلما چىنلىققا، بولۇپمۇ پېرسوناژنىڭ
خاراكتېر مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
تەقلىد - تەمسىل، مۇبالىغە، سېلىشتۇرۇش، ئوخشىتىش قا-
تارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرمۇ ئوبرازلىق تەپەككۇر پا-
ئالىيىتىدە كەم بولسا بولمايدۇ، بۇ ۋاسىتىلەر تەپەككۇرنى جارى
قىلدۇرۇپ، ئوبرازنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرىدۇ، يارقىنلاشتۇرىدۇ.
ئۈچىنچى، ئوبرازلىق تەپەككۇر باشتىن - ئاخىر كۈچلۈك
ھېسسىيات بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. ھېسسىيات بەدىئىي
ئوبرازنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا ئوبرازلىق تەپەك-
كۇرنىڭمۇ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە، يازغۇ-
چى بىر تەرەپتىن، تۇرمۇشنى ئوبراز ئارقىلىق چىنلىق بىلەن
ئەكس ئەتتۈرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، يازغۇچى ئەسەر ئىچىدىكى
ۋەقەلىك ۋە پېرسوناژلارغا ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ھېسسىياتىنى سىڭ-
دۈرىدۇ. شۇڭا ئوبرازلىق تەپەككۇردا جانلىق، تەسىرلىك ھېسسى-
يات بولىدۇ. يازغۇچىلاردا ئۆزىنىڭ پېرسوناژلىرىغا نىسبەتەن
«غەزەپ بىلەن ھومىيىمەن قەبىھ - زالىملارغا، كالا بولۇپ باش
ئېگىمەن سەبىي بالىلارغا» دېگەندەك نەپرەت بىلەن مۇھەببەت ئې-
نىق بولغان روشەن ھېسسىيات بولغاندىلا، ئەدەبىي ئەسەر كۈچ-
لۈك تەسىرچانلىققا ئىگە بولۇپ، كىشىلەرگە نىسبەتەن ئۈن -
تىنسىز تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن نۇرغۇن
يازغۇچىلار ئوبرازلىق تەپەككۇر جەريانىدا ھېسسىياتلىرى ئۇر-
غۇپ، ئۆزىنى تۇتالماي قېلىشتەك تەجرىبىلەرنى بېشىدىن كە-
چۈرگەن. بەزى يازغۇچىلار ئەسەردىكى قەھرىمانغا نىسبەتەن چوڭ-
قۇر مۇھەببەت باغلىغانلىقى ئۈچۈن، قەھرىمان ۋاپات بولغاندا،
ئۇنىڭغا ھازا تۇتۇپ يىغلىغان. سوۋېت يازغۇچىسى ئا. تولستوينىڭ
يېزىقچىلىق ئۈستىلىگە چوڭ - چوڭ ئەينەك قويۇپ، ئۆزىنىڭ
ھېسسىياتىنىڭ پېرسوناژ ھېسسىياتىغا ئوخشىغان ياكى ئوخشى-
مىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئەسەر يازىدىغانلىقى نۇرغۇن كى-
تابلاردا ھېكايە قىلىنغان. بۇ مىساللار ئوبرازلىق تەپەككۇردا

ھېسسىياتنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتە قوللىنىدىغىنى ئوبرازلىق
تەپەككۇر، لېكىن بۇ، يازغۇچىنىڭ تەپەككۇرى پەقەت ئوبرازلىق
تەپەككۇر بىلەنلا چەكلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئابستراكت تەپەككۇر بىلەن
مۇناسىۋىتى يوق دېگەنلىك ئەمەس. يازغۇچى ئىجادىيەت بىلەن
شۇغۇللانغاندا، ئوبرازلىق تەپەككۇر يۈرگۈزۈشى كېرەك ھەم
شۇنداق قىلىشى زۆرۈر. لېكىن تۇرمۇشنى بىلىشتە ۋە تۇرمۇشنى
ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئوبرازلىق تەپەككۇر ھەم ئابستراكت تەپەك-
كۇردىن پايدىلىنىشى كېرەك. ماكسىم گوركىي: «بەدىئىي ئىجادى-
يەت جەريانى ئابستراكتلاشتۇرۇش بىلەن كونكرېتلاشتۇرۇش جەر-
يانىدىن ئىبارەت» دېگەن ئىدى. ئابستراكتلاشتۇرۇش دېگەنلىك
تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئايرىملىقتىن ئومۇملۇققا، ھادى-
سىدىن ماھىيەتكە ئۆتۈشنى كۆرسىتىدۇ. كونكرېتلاشتۇرۇش دې-
گەنلىك، تۇرمۇش پاكىتلىرى ئۈستىدە بەدىئىي تاۋلاش ئېلىپ
بېرىپ، تۇرمۇش ئايرىملىقىدىن بەدىئىي ئايرىملىققا قاراپ
راۋاجلاندۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئابستراكتلاشتۇرۇش بىلەن كونك-
رېتلاشتۇرۇش بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدۇ، بىر - بىرىنى چەتكە
قاقمايدۇ، بەلكى بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئۆزئارا سىڭدۇ-
رۇۋېتىلىدۇ.

شۇنى قەيت قىلىش كېرەككى، ئىجادىيەت جەريانىدا ئوبرازلىق
تەپەككۇرنىڭ ئورنىغا ئابستراكت تەپەككۇرنى دەسسىتىشكە،
ئوبرازنى تەسۋىرلەشنىڭ ئورنىغا ئابستراكت داۋلىلارنى چۈشەن-
دۈرۈشنى دەسسىتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر ئىجادىيەت جەريانىدا
ئابستراكت تەپەككۇر ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ئورنىغا دەسسە-
تىلسە، مۇقەررەر ھالدا، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇ-
نىيىتىگە خىلاپلىق قىلىنىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە قېلىپبازلىق،
شوئارۋازلىق خاھىشى كېلىپ چىقىدۇ؛ ئەگەر ئىجادىيەت جەريا-
نىدا، ئابستراكت تەپەككۇر ئوبرازلىق تەپەككۇردىن ئايرىۋېتىلسە
ياكى ئۇنىڭ رولى ئىنكار قىلىنسا، ئەدەبىي ئىجادىيەت قىڭغىر

يولغا مېڭىپ قالىدۇ.

ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيەنىڭ بىرى بولغان ئەدەبىيات ـ سەن-
ئەت تۇرمۇشنى ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۇرىدۇ، كىشىلەرنىڭ
ئىدىيەسى، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىقلار پەقەت ئوبيېكتىپ
ماددىي دۇنيانىڭ ئىنكاسىدىنلا ئىبارەت. شۇڭلاشقا ئاڭنىڭ مەزمۇ-
نى تونۇپ يېتىلگەن ئوبيېكتىپ چىنلىقتۇر، ئىنكاس قىلىنغۇچى
بولمىسا، ئىنكاسنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئوبيېكتىپ مەۋ-
جۇت بولۇپ تۇرغان شەيئى بولمىسا، شەيئىنىڭ ئوبرازى بولۇشى
مۇمكىن ئەمەس. باي ۋە خىلمۇ خىل رېئال تۇرمۇشتىن بىۋاستە
ياكى ۋاستىلىك تەسىرلەنمەي تۇرۇپ، ئوبرازلىق تەپەككۇر قى-
لىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە تۇرمۇش خام ماتېرىياللى-
رىنى ئىگىلەشتىن تارتىپ بەدىئىي ئوبرازنىڭ يارىتىلىشىغىچە
بولغان جەريان ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن ئابستراكت تەپەككۇر
جەريانىدۇر. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئابستراكت تەپەككۇر ياز-
غۇچىنىڭ تۇرمۇشنى بىلىشى ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇشىغا ياردەم
بېرىپ، ئېنىق، روشەن يېتەكچى ئىدىيەنى شەكىللەندۇرىدۇ، نى-
شان كۆرسىتىدۇ.

رېئال تۇرمۇش ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى.
ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيەسى رېئال تۇرمۇشنى
كۆزىتىدىغان تېلېسكوپ ۋە مىكروسكوپ. بىز سوتسىيالىستىك
زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خەلق ئام-
مىسىنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەڭ كەڭ، ئەڭ باي مەن-
بەگە بېرىپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسىدىن
ئىبارەت بۇ ئۆتكۈر قورال بىلەن يېڭى دەۋردىكى بارلىق شەيئىلەر-
نى تەتقىق قىلىش ۋە تونۇش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈپ، ئوبراز-
لىق تەپەككۇردىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە پىكىر
قىلىش ئۇسۇلىنى پۇختا ئىگىلەيدىغانلا بولساق، ئەدەبىي ئىجاد-
ىيىتىمىزدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ
سەنئەت ئىشلىرىمىزنى چوقۇم گۈللەندۈرەلەيمىز.

# ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتى توغرىسىدا مۇلاھىزە

شەيئىنىڭ ماھىيىتى شەيئىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى دېمەكتۇر. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ماھىيىتىمۇ ئۇنىڭ دائىم رول ئويناپدىغان مۇقىم قانۇنىيىتىدۇر. بۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي ماھىيىتى ۋە ئېستېتىك ماھىيىتىدىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى دىيالېكتىك بىرلىك مۇناسىۋەت. بۇ ئىككى تەرەپنىڭ باغلىنىشىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي ماھىيىتى، يەنى ئۇنىڭ ئۇستقۇرۇلمىلىق خاراكتېرى، ئۇنىڭ سىنىپىيلىقى، خەلقچىللىقى، پارتىيەۋىلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر بۇرۇن خېلى ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىندى، بۇندىن كېيىنمۇ داۋاملىق مۇھاكىمە قىلىش كېرەك. لېكىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلەر ئاز بولدى. مەن بۇ ماقالەمدە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتىگە بولغان بەزى تونۇشلىرىمنى يولداشلارنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويىمەن.

## 1

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتى تۇرمۇش گۈزەللىكىدىن ھوزۇرلىنىش ۋە ئۇنى تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ قايناق ھېسسىياتقا تولغان بەدىئىي ئوبراز بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشتىن

ئىبارەت. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتى يازغۇچىنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتى، ئېستېتىك قارىشى بىلەن شەيئىلەرنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنىڭ بىرلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ نەزەرىيەسى توغرىسىدا يېزىلغان نۇرغۇن كىتابلار ۋە ماقالىلاردا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتى ئوبراز ۋە تىپ ئارقىلىق تۇرمۇشنى بىلىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت دەپ چۈشەندۈرۈلدى. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتىنى ئەنە شۇنداق چۈشىنىشتە، كۆپىنچە، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ رېئال تۇرمۇشنى ئوبراز ئارقىلىق قايتا نامايان قىلىش تەرىپى كۆزدە تۇتۇلغان، ئوبرازنىڭ ئوبيېكتىپلىقى تەكىتلەنگەن. بۇ خىل كۆزقاراش بېلىنىسكىي قاتارلىق ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتىگە بولغان ئاساسىي كۆزقارىشى بىلەن تومۇرداش. بېلىنىسكىي: «پەيلاسوپلار سىللوگىزىم (ئۈچ باسقۇچلۇق يەكۈن چىقىرىش ئۇسۇلى) نى قوللىنىدۇ، شائىر بولسا ئوبراز ۋە مەنزىرە ئارقىلىق سۆزلەيدۇ، ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ دەۋاتقىنى ئوخشاشلا بىر ئىش ... لېكىن ھەر ئىككىسى سۆز بىلەن قايىل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بىرى، لوگىكىلىق يەكۈندىن پايدىلىنىدۇ، يەنە بىرى، مەنزىرىدىن پايدىلىنىدۇ، خالاس.» دېگەن ئىدى. روشەنكى، بېلىنىسكىي، ئەدەبىيات - سەنئەت باشقا ئىجتىمائىي پەنلەرگە ئوخشاش ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئەقلىي بىلىشكە يېتىدۇ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ باشقا ئىجتىمائىي پەنلەر بىلەن ئوخشىمايدىغان تۈپ ئالاھىدىلىكى پەقەت ئۇنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدا، تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش شەكلىدە، دەپ قارايدۇ. چېرنىشېۋسكىي: «تۇرمۇشنى قايتا نامايان قىلىش سەنئەتنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرى، ماھىيىتى.» دېگەن ئىدى. دېمەك، بۇ خىل قاراشلارنىڭ ھەممىسى ئەدەبىيات - سەنئەتنى بىر خىل ئەقلىي

بىلىش پائالىيىتى، تونۇشنىڭ پەۋقۇلئاددە شەكلى دەپ خۇلاسى-لەيدۇ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتىنى پەقەت ئوبرازغىلا مەركەزلەشتۇرىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتىنى ئەنە شۇنداق چۈشىنىش ماتېرىيالىستىك ئىنكاس نەزەرىيەسىگە ئۇيغۇن بول-سىمۇ، لېكىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتىنى پەقەت ئوبرازغىلا مەركەزلەشتۇرۇپ قويۇش ئەدەبىيات ـ سەنئەت-نىڭ باشقا ئىجتىمائىي پەنگە ئوخشىمايدىغان مۇرەككەپ مەزمۇن-نى، خىلمۇ خىل شەكىللىرىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلمەيلا قالماي، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتىنى تولۇق ئېچىپ بېرەلمەيدۇ. ئوبراز ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مۇھىم ئالا-ھىدىلىكى، لېكىن بىردىنبىر ئالاھىدىلىكى ئەمەس؛ جۈملىدىن ئەدەبىياتقا خاسلا نەرسە ئەمەس، باشقا ئىجتىمائىي پەنلەرمۇ ئوبرازغا موھتاج، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوبراز يالغۇزلا شەكىل مەسى-لىسى بولماستىن، مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكى. ئەدەبى-يات ـ سەنئەتنى تۇرمۇشنىڭ قايتا نامايان بولۇشى دەپ چۈشەن-گەندە، كۆپىنچە، ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ تەرىپىنى تەكىتلەپ، سۇب-يېكتىپ تەرىپىگە دىققەت قىلماسلىق، بولۇپمۇ ئوبراز ئىچىگە سىڭدۈرۈش لازىم بولغان ھېسسىيات ئامىلىغا سەل قاراشتەك بىر تەرەپلىمىلىك كېلىپ چىقىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتىنى چۈشىنىشتە، ھېسسىيات ئىنتايىن مۇھىم ئامىل. ئۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتىنىڭ جەۋھىرى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ژانىر-لىرىنىڭ كۆپ خىللىقى، تىپىك شارائىت ۋە تىپىك خاراكتېرنىڭ ئوخشىماسلىقى، يازغۇچى ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدىكى ھېس-سىياتنىڭ تۇتقان ئورنى، ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشاش بولمايدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي

ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ھېسسىيات ۋە تىپىك ئوبراز قان بىلەن گۆشتەك بىر گەۋدىگە ئايلانغان، لېكىن نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەردە ھېسسىيات بىلەن تىپىك ئوبرازنى سېلىشتۇرغاندا، ھېسسىياتنى گەۋدىلەندۇرۇش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئوبراز بولسا قىستۇرما بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن، ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى،
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.
(خەلق قوشىقى)

يىللار دېڭىزى دولقۇنلۇق بولساڭمۇ،
ئوپقۇنلىرىڭنى يارىدۇ بىزنىڭ كاراپ.
يىلنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قورقىتىپ باقساڭمۇ،
ئىجاد — يىللارنى قېرىتىدۇ دەپ بېرىمىز جاۋاب.
(ل. مۇتەللىپ «يىللارغا جاۋاب»)

سېغىندىم مەن، سېغىندىم مەن، سېغىندىم،
ۋەتەن سېنى تەشنا بولۇپ سېغىندىم.
مېھرىڭ تولغان يۈرىكىمدە سېغىندىم،
دولقۇنلىغان كۆكرىكىمدە سېغىندىم....
(نىمشېھىت «سېغىندىم»)

يۇقىرىدىكى ناخشا، شېئىرلاردا ھېسسىيات ئاجايىپ چوڭقۇر گەۋدىلەنگەن، ئوبراز بولسا سېلىشتۇرما قىلىنغان. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئىرسالنامىلەر، كىلاسسىك ئەدەبىياتتىكى نەسىرەتنامىلەر، ھازىر يېزىلىۋاتقان نەسرىي شېئىرلاردا مۇكەممەل ئوبراز يوق، لېكىن ھېسسىيات بىر قىزىل يىپ بولۇپ، پۈتۈن ئەسەرگە ئۆتكۈزۈلگەن. بەزى ئەسەرلەردە ئوبراز جانلىق ۋە كونكـ

رىت ئەمەس، چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەرمۇ يوق، لېكىن ئۇ-نىڭدا ساغلام روھىي ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

بىزنىڭ باغدا جىنەستە،
تۇگەپ كەتتى يېمەستە.
يار ئىگىزدە، مەن پەستە،
ئۆتۈپ كەتتى كۆرمەستە.
(خەلق قوشىقى)

يوللۇقۇم بولسۇن ساڭا،
قوينىڭغا سالغىن ئالمىنى.
ھەر سىغىنغاندا پۇراپ،
يادىڭغا يارىم ئال مېنى.
( ت. ئېلىيېۋ)

مۇنداق ئەھۋال تەبىئەت لىرىكىلىرى، رەسىم ۋە مۇزىكىلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. ھېسسىياتنى ئاساسىي ئورۇندا قويۇپ گەۋدىلەن-دۇرۇشنى ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ بىر مۇھىم ئېس-تېتىك ئالاھىدىلىكى دەپ قاراش مۇمكىن.

بۇ يەردە تەكىتلىنىۋاتقان ھېسسىيات تۇرمۇشنى گۈزەللىك نۇقتىئىنەزەرى بىلەن باھالاشتىن كېلىپ چىققان ئېستېتىك ھېسسىيات بولۇپ، ئۇ تۇيغۇ، سەزگۇ، تەسەۋۋۇر، تەپەككۇر، ئېتىد-قاد، غايە ۋە ئىرادە قاتارلىق ئامىللار تەبىئىي بىرلەشكەن ئاڭنىڭ ئالىي شەكلى. ئۇ مۇئەييەن ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، مۇئەييەن ئەخلاق ۋە دۇنيا قاراشنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە چەكلىمى-سىدىن ئايرىلسا، خەلق ئاممىسى ئۇچۇن پايدىسى بولمىغان، شەخسنىڭ خۇنۇك، پەس ئارزۇ – ھەۋىسىگە، بولمىغۇر ئىشتىيا-قىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

گوركىي ئەدەبىيات – سەنئەتنى «دەۋر تۇرمۇشى ۋە ھېسسىيا-

تىنىڭ تارىخى» دەپ باھالاپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي ماھىيىتى ۋە ئىستېتىك ماھىيىتىنى تولۇق ئېچىپ بەرگەن ئىدى. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مەقسىتى رېئال تۇرمۇشتىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى شۇ پېتى ئەكس ئەتتۇرۇشلا ئەمەس، بەلكى سۇبيېكتىپ ئىستېتىك پوزىتسىيە، ئېستېتىك ھېسسىيات ئارقىلىق رېئال تۇرمۇشتىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى قايتا ـ قايتا ئۆزگەرتىپ، يىغىنچاقلاپ، خىلمۇخىل تىپىك ئوبرازلارنى يارىتىپ، ئاممىنىڭ تارىخنى ئالغا سۈرۈشىگە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت.

## 2

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتىنى توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. لۇشۈن: «ئەدەبىيات ـ سەنئەت خەلق روھىدىن پارلىغان نۇر، شۇنداقلا خەلق روھىنى ئىستىقبالغا يېتەكلەيدىغان مەشئەلدۇر» دېگەن ئىدى.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت كىشىلەرنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتى ۋە روھىي ھالىتىگە تەبىئىي ۋە ئاستا ـ ئاستا تەسىر قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ۋە ئۆز ئەتراپىدىكى مۇھىتىنى ئۆزگەرتىشىگە ئىلھام بېرىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئادەتتە كىشىلەر ئوخشاش داۋلى، ئوخشاش مەسىلە چۈشەندۈرۈلگەن ماقالىلار بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، ئالدىنقىسى بىلەن قانائەتلەنمەي، كېيىنكىسىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە «تەربىيە كۆڭۈل ئېچىش ئىچىدە بولىدۇ» (جۇ ئېنلەي). ئادەتتىكى ئەھۋالدا، كىتابخانلار دەسلەپتە ئەدەبىي ئەسەرنى كۆپىنچە ئارام ئېلىش، شاد ـ خۇراملىقا ئېرىشىش ياكى بىرەر بىلىم ئېلىش

مەقسىتىدە ئوقۇيدۇ، لېكىن ئۇلار ئەسەردىكى پېرسوناژلار، ۋەقەلىكلەرگە مەپتۇن بولۇپ كېتىپ، ھېسسىيات جەھەتتە كۈچلۈك تەسىراتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىدىيەسى، ھىسسىياتى، خاراكتېرى، ئەخلاقى ۋە پسىخىك ئادىتىنى ئۆزگەرتىشكە قاراپ مېڭىپ، ئىدىيە ۋە بىلىش جەھەتتە تەربىيەگە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئەدەبىي ئەسەرلەر كىتابخانلاردا ئېستېتىك تۇيغۇ قوزغىيالمىسا، كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتمىسە، كىشىلەرگە لەززەت بېغىشلىمىسا، بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ سىياسىي خاھىشى ھەرقانچە ياخشى بولغان بىلەنمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىدىيە ۋە باشقا جەھەتتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمايدۇ. بۇ ھال ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەربىيەۋى رولى، بىلىش رولىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك رولى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدىغانلىقىنى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك رولىنىڭ غايەت زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئىدىيەۋى ھېسسىيات ئارقىلىق ئۆزگەرتىش رولىنى ئوينايدىغان مەنىۋى قورال، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرنى كوممۇنىستىك ئىدىيە بىلەن تەربىيەلەش ۋە ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ بۇ خىل رولىنى باشقا ۋاسىتىلەر ئورۇنلىيالمايدۇ. بىز ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي ماھىيىتىگە بولغان تونۇشنى ئۈستۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتى ئۈستىدە نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي ئىجادىيەت جەھەتتىن يەنىمۇ ئىزدىنىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىشتىكى ئالاھىدە رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

# ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە

ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى بىر مەزگىل توغرا بىر تەرەپ قىلىنمىدى. «ئەدەبىيات ـ سەنئەت دەۋرنىڭ تېرمومېتىرى» دەپ قارىلىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆزقارىشى، ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەمدە ئەدەبىيات نەزەرىيەسىگە دائىر مەسىلىلەرگە نىسبەتەن توغرا پوزىتسىيە تۇتۇلمىدى. خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەت ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىپ، توغرا نەرسىلەر زەربىگە ئۇچراپ، خاتا نەرسىلەرنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمىز ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىياسىينىڭ بېقىندىسى دېگەن نەزەرىيە بويىچە ۋەزىپە قوغلىشىپ، دولقۇنغا ئەگىشىپ يېزىلغان بىرمۇنچە ئەسەرلەر سىياسىي ھەرىكەت ئۆتۈپ كېتىشى بىلەنلا ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىپ، تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ قالدى. ھازىرمۇ ئەدەبىياتىمىزدا بەزى ئەسەرلەر تېخىچە فورمۇلالاشتۇرۇش، ئۇقۇملاشتۇرۇش خاھىشىدىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ، پەقەت سىياسىي ۋەزىيەتكە ماسلىشىشقىلا بېرىلىپ كېتىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ۋەقەلەرنى ئەمەس، بەلكى يۈزەكى ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن چەكلىنىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەرمەكتە.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتىنى كەڭ مۇھاكىمە قىلىش ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىش ــ بىزنىڭ سوت-

سىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە.

ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۇستقۇرۇلمىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئىقتىسادىي بازىس ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئۇ ئىقتىسادىي بازىسنى پاسسىپ ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەنلا قالماستىن، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بازىسنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا پائال تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ـ دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋەت.

سىياسىي بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۇستقۇرۇلمىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئىقتىسادىي بازىس تەرىپىدىن بەلگىلەنسىمۇ، لېكىن ھەر ئىككىسى نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە. سىياسىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. سىياسىي بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ پەرقى شۇ يەردىكى، ئالدى بىلەن سىياسىي بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. سىياسىي ئابستراكت ئۇقۇم شەكىللىرى ئارقىلىق ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت تىپىك ئوبراز ئارقىلىق ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەت ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۇستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى تىپىك شارائىتتىكى تىپىك ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا ئۇ مۇئەييەن دۇنيا قاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى كۆزىتىش، ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، تەھلىل قىلىش ھەمدە تۇرمۇشتىن ئېلىنغان خام ماتېرىياللارنى تاللاش، چەككىلەش، پىششىقلاش ئارقىلىق بەدىئىي ئوبراز يارىتىدىغان ئىجادىي ئەمگەكتۇر.

يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەتتە كۆزلىگەن نىشانى ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۇرمۇش چىن-

لىقىنى ئاساس قىلغان هالدا ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەكس
ئەتتۈرۈش ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشتىن ئىبا-
رەت. يازغۇچى زوردۇن سابىر «ئىزدىنىش» رومانىدا ئەلانىڭ يار-
قىن، جانلىق ئوبرازى ئارقىلىق يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇيغۇر زىيالىي-
لىرىنىڭ ئىلىم-پەن ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاشتەك قەيسەر
ئىرادىسىنى نامايان قىلدى.

ئەدەبىيات-سەنئەت بىلەن سىياسىي تۈرمۇشنى ئوخشاش
بولمىغان ئۇسۇل بىلەن ئەكس ئەتتۈرسىمۇ، لېكىن ئەدەبىيات-
سەنئەتنىڭ تۈرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ
بولىدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەت پۈتكۈل ئىجتىمائىي تۈرمۇشنى ئۆ-
زىنىڭ ئوبيېكتى قىلىدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە
ئىنسانلارنىڭ ماددىي تۈرمۇشى، هازىرقى هاياتى، كېلەچەككە بول-
غان ئارزۇ-ئۈمىدى، غايىسى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. هەتتا رېئال
تۈرمۇشتىكى ئىنسانلار هاياتىلا ئەمەس، هەر خىل هايۋانلار، تە-
سەۋۋۇر ئىچىدىكى پەرىشتىلەر تەسۋىرلىنىدۇ. سىياسىي تۈرمۇش-
نىڭ مۇهىم مەزمۇنى بولسىمۇ، لېكىن تۈرمۇشنىڭ هەممە تەرى-
پىنى ئۆز ئىچىگە ئالالمايدۇ.

سىنىپىي جەمئىيەتتە، سىنىپىي كۈرەش ئىجتىمائىي تۈرمۇش-
نىڭ هەممە ساهەلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغان، چەك-
لەش، يېتەكلەش رولىنى ئوينايدىغان بولسىمۇ، لېكىن سىنىپىي
جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي تۈرمۇشنىڭ هەممە تەرەپلىرىنى ئۆز
ئىچىگە ئالالمايدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ هەممىسىدىلا سى-
نىپىي كۈرەش، سىياسىي كۈرەش مەزمۇنى بولۇۋەرمەيدۇ.

ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئىنكاس قىلىش ئوبيېكتى سىياسىيغا
قارىغاندا كەڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئىج-
تىمائىي رولىنى پەقەت سىياسىي بىلەنلا چەكلەپ قويغىلى بول-
مايدۇ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي تۈرمۇشتىكى رولى
كۆپ تەرەپلىمە بولىدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەت كىشىلەرگە ئىجتى-

ـمائىي تۇرمۇشنى كۆزىتىشتە، ئەخلاقىي ـ مەنىۋى جەھەتتىن تەر ـ
بىيەلەش، ئېستېتىك زوق بېرىش، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق
رولىلارنى ئوينايدۇ. بۇ تۇرمۇشنىڭ باي ۋە خىلمۇخىللىقى، خەلق
ئاممىسىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە بولغان تەلىپىنىڭ خىلمۇ
خىللىقىدىن كېلىپ چىققان. نەسىردىن ئەپەندىنىڭ خىلمۇ خىل
لەتىپىلىرى، مۇھەببەت لىرىكىلىرى، پېيزاژ (مەنزىرە) لىرىكى ـ
لىرى بۇنىڭ جانلىق مىسالى.
ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ رولىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا پەقەت
سىياسىي بىلەن، سىنىپىي كۈرەش بىلەنلا باغلاپ قويغاندا، دەۋر ـ
لەردىن بۇيان خەلق ئىچىدە تەسىر كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان
كىلاسسىك ئەسەرلەر ۋە ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ تارىخىي
رولىنى چۈشەندۈرۈش ۋە باھالاش قىيىن. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ
رولىنى پەقەت سىياسىي بىلەنلا چەكلىگەندە، سىياسىي بىلەن ئە ـ
دەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاددىيلاشتۇرىدىغان، چاكىنا ـ
ىلاشتۇرىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ.
ئەدەبىيات ـ سەنئەت تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە، پوئېزىيە،
پىروزا، دىراما قاتارلىق ئۆزىگە خاس تۈرلۈك ژانىرلارغا، ئوخشاش
بولمىغان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىغا ئىگە بولۇپ، بۇ ژانىر ۋە ئىپا ـ
دىلەش ئۇسۇللىرى تارىختىن بۇيان تەدرىجىي شەكىللەنگەن ۋە تە ـ
رەققىي قىلغان. بۇ ژانىرلار ۋە خىلمۇ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇللى ـ
ـرى تۇرمۇشنىڭ خىلمۇ خىل تەرەپلىرىنى ئۆزىگە خاس ئالاھىدى ـ
لىك بىلەن ئىپادىلەشكە ماسلاشقان بولۇپ، خەلقنىڭ ئوقۇش،
ئاڭلاش، كۆرۈش، ھۇزۇرلىنىش سىنىقىدىن ئۆتكەن. بۇنداق كۆپ
خىللىق ئالاھىدىلىك سىياسىي ئەسەرلەردە بولۇشى مۇمكىن ئە ـ
مەس.
ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا،
شەخسىي مەنىۋى ئەمگەك. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىدا ئوخ ـ
شاش بولمىغان شەكىل ۋە ئۇسلۇبلارنىڭ ئەركىن مۇسابىقىسى

كەڭ يولغا قويۇلىدۇ. بۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈل ـ لەنگەنلىكىنىڭ ئالامىتى. دېمەك، بۇ جەھەتتە ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن سىياسىي بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

روشەنكى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن سىياسىي بىر ـ بىرى ـ دىن پەرقلىنىدىغان، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە مۇستەقىل ئىدېئولوگىيە ھېسابلىنىدۇ، بۇ ئىككىسىنى بىر ـ بىرىگە ئا ـ رىلاشتۇرۇۋېتىشكە، بىرىنى يەنە بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ. بۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋى ـ تىنى توغرا تونۇشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. سىياسىي — ئىقتى ـ سادنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى. ئۇ ئومۇمىي ئىدېئولوگىيە سىستېمىسى ئىچىدە ھامان يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئومۇمىي ئىدېئولوگىيە ئىچىدە سىياسىينىڭ ئىقتىسادقا بولغان تەسىرى بىۋاسىتە ۋە چوڭراق بولىدۇ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بولسا ۋاسىتىلىك ۋە كىچىكرەك بولىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىق ـ تىسادىي بازىسقا بولغان تەسىرى كۆپ ھاللاردا سىياسىينى ۋاسى ـ تە قىلىدۇ، سىياسىيغا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئا ـ شىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ياز ـ غۇچى مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئېنىق خاھىشچانلىققا ئىگە. ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بەلگى ـ لىك سىياسىي رول ئوينايدۇ. شۇڭا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجتى ـ مائىي تۇرمۇشتىن ئايرىلمىغانغا ئوخشاش، سىياسىيدىنمۇ ئاي ـ رىلمايدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى سىياسىيدىن ئايرىۋەتكەندە، ئە ـ دەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمىز چوڭ نىشاندىن ئادىشىپ، قىڭ ـ غىر يولغا كىرىپ قالىدۇ، بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلى ـ رىمىز توغرا يول بويىلاپ ساغلام تەرەققىي قىلالمايدۇ ـ دە، ئوڭ ـ چىل خاھىش پەيدا بولىدۇ؛ ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن سىياسىي ـ نىڭ مۇناسىۋىتى ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس

ئالاھىدىلىكى ئىنكار قىلىنسا، «سول» چىل خاھىش پەيدا بولۇپ، ئەدەبىيات يولى توسۇلۇپ قېلىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت راۋاجلى-نالمايدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى، ئەمەلىيەتتە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسى-ۋىتىدىن ئىبارەت. سىياسىي خەلق ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجى ۋە مەنپەئەتىنى مەركەزلىك ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇڭا يازغۇچى خەلق تۇرمۇشىغا چۆكۈپ، خەلق ساداسىغا قۇلاق سېلىشى، خەلقنىڭ قەلبىنى چۈشىنىشى، خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە تەقدىرى بىلەن مۇ-ناسىۋەتلىك بولغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. يازغۇچى بىر مەزگىللىك سىياسەتكە ياكى سىياسىي شوئارغا يۆلەنمەستىن، بەلكى تۇرمۇشنىڭ كەڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى كۆزىتىپ، مۇستەقىل ھالدا ئىجتىما-ئىي مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىشى، تۇرمۇشتىن ئېلىنغان جانلىق ئوبرازلار ئىچىدە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشى لازىم. بىرەر سىياسىي ۋەزىپىنى قوغلىشىپ ياكى بىرەر سىياسىي شو-ئارنى چىقىش نۇقتا قىلىپ ئەسەر يېزىش ئىجادىيەت قانۇنىيىتى-گە توغرا كەلمەيدۇ. بۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئۇتۇقلۇق ئەسەر يېزىش مۇمكىن ئەمەس. يازغۇچى ھەرقانداق ۋاقىتتا تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشى، ئۆزىگە پىششىق بولغان، ئۆزى قىزىقىدىغان، ئۆزىگە قاتتىق تەسىر قىلغان، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل مۇلاھىزىسىدىن ئۆت-كەن نەرسىلەرنى يېزىشى كېرەك.

يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالى مۇرەككەپ بولىدۇ. بەزىدە يازغۇچى دەۋر چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئىنقىلابنىڭ مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچنىڭ ئېھتىياجىغا، سىياسىي كۇرەشنىڭ تەلىپىد-گە ماسلىشىپ ئەسەر يېزىشى مۇمكىن. بۇ خىل ئىجادىيەت ئۇسۇ-لىنى ھەممە يازغۇچىغا، ھەرقانداق ئەدەبىيات ـ سەنئەت شەكلىگە زورلاپ تاڭغىلى بولىسمۇ، لېكىن چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتىكى ھالقىلىق مەسىلە تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت. چىنلىق بارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ جان تومۇرى، رېئا ـ لىزمنىڭ يادروسى. يازغۇچى راست گەپ قىلىشى، يالغاننى ياز ـ ماسلىقى كېرەك؛ يازغۇچى ئىجادىيەتتە، ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىپ، خەلقنىڭ مۇھەببىتىنى، نەپرىتىنى، ئارزۇ ـ ئۈمىدىنى يۇقىرى مەسئۇلىيەتچانلىق پوزىتسىيە بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم.

سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ چىنلىقى بىلەن سىياسىي خاھىشچانلىقىنىڭ بىردەكلىكىنى ئە ـ مەلگە ئاشۇرۇشنىڭ كەڭ ئىمكانىيىتى يارىتىلغان. بىزنىڭ سوت ـ سىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدە گەرچە خىلمۇ خىل زىددىيەتلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن پىرولېتارىيات ئىدىيەسى، سوتسىيالىزملىق ئىدىيە تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە چوڭقۇر سىڭگەن. پارتىيەنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى خەلق مەنـ ـپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا ھەقنى سۆزلەش، تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش ئېخىمۇ مۇھىم. تۇرمۇش چىنلى ـ قى قانچە كەڭ ۋە قانچە چوڭقۇر ئىپادىلەنسە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتى شۇنچە زىچلىشىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئۆسىدۇ. ستالىن مۇنداق دېگەن ئىدى: «چىنلىقنى يازايلى! يازغۇچىلار تۇرمۇش ئىچىدە ئۆگەنسۇن. ئەگەر يازغۇچى يۈكسەك سەنئەت شەكلى ئارقىلىق تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرەلىسە، ئۇ چوقۇم ماركسىزم ـ لېنىنىزمغا يېتەلەي ـ دۇ». ستالىننىڭ بۇ سۆزى ئۇبراز ئىچىدە تۇرمۇش چىنلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەندە، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئەدەبىيات ـ سەنئەت بى ـ لەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلغىلى بولى ـ دىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

پارتىيەمىز ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۇ ـ

چۇن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۇچۇن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى ۋە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش فاڭجېنى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ داغدام يولىنى كۆرسىتىپ بەردى.

بىز بۇ فاڭجېندا چىڭ تۇرۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قانۇنىيىتىنى پۇختا ئىگىلەپ، خەلق تۇرمۇشىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلق تۇرمۇشىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرىدىغان بولساق، بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزدە يېڭى بۇرۇلۇش ۋە يېڭى بۆسۈش مەيدانغا كېلىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى جەڭگىۋارلىقى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

# ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ چىنلىقى ۋە خاھىشچانلىقى توغرىسىدا

يولداش ماۋ زېدۇڭ: «يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» تا «ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەمەلىي تۇرمۇشقا ئاساسەن خىلمۇ خىل ئوبرازلارنى يارىتىپ، ئاممىنىڭ تارىخنى ئالغا سۈرۈشىگە ياردەم بېرىشى كېرەك»① دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. بۇنىڭدا، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى چىنلىق بىلەن خاھىشچانلىقنىڭ دىيالېكتىك مۇناسىۋىتى ئېنىق شەرھلەنگەن. بۇ ــ ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى ۋە رېئالىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تۈپ پرىنسىپى.

شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقتىن بۇيانقى ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات يولى شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، ئاشۇ پرىنسىپ بويىچە، تۇرمۇش بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مۇناسىۋىتى توغرا بىر تەرەپ قىلىنىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە چىنلىق بىلەن ئىنقىلابىي خاھىشچانلىق ياخشى بىرلەشتۈرۈلگەندە، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر يېزىلدى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇقلاشتى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئۆستى. ئەكسىچە بولغاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت راۋاجلانمىدى، يېزىلغان ئەسەرلەرمۇ خەلق نەزەرىدىن چۈشۈپ قالدى. بىز 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئەمەلىي تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش مەسىلىسىدە ئەگرى ـ توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتتۇق.

1958 ـ يىلدىن بۇرۇنقى رېئال تۇرمۇش ئەدەبىيات ـ سەنئەت

① «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم، 128 ـ بەت.

ئەسەرلىرىدە بىرقەدەر چىنلىق بىلەن ئىپادىلەندى. بىزنىڭ يازغۇچى، شائىرلىرىمىز ئۆز خەلقىنىڭ قاينام - تاشقىنلىق كۈرەش ئەمەلىيىتىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، كۈچلۈك ئىنقىلابىي رېئالىزم روھىغا ئىگە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يارىتىپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. ئاتاقلىق شائىر نىمشېھىتنىڭ پارتىيەمىزنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن كۈيلىگەن «ئالدىدا» ناملىق شېئىرى، پېشقەدەم شائىر ئەلقەم ئەختەمنىڭ «تاڭ ئاتقاندا» ناملىق شېئىرى، پېشقەدەم يازغۇچى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «تۇردى ئاخۇننىڭ خۇشاللىقى» ناملىق ئۇچېرىكى قاتارلىق ئەسەرلەر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى سەلتەنەتلىك ھايات مەنزىرىسىنى جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن بولسا، بۇرھان شەھىدىنىڭ «يالقۇن تاغ غەزىپى» ناملىق دىرامىسى، شائىر تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ «ۋالاقتەگكۈرۈپىنىڭ ئۆلۈمى»، «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» قاتارلىق شېئىرلىرى تارىخىي چىنلىقنى ھەمدە 50 - يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدىكى رېئاللىقنى بىرقەدەر توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ، يالغانچىلىق، پوچىلىق ۋە بىيۇروكراتلىقنى تەنقىد قىلىپ، جاپا - مۇشكۇللەر ئالدىدا باش ئەگمەيدىغان، ۋەتەن، خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن تەۋرەنمەيدىغان جەڭگىۋار روھقا مەدھىيە ئوقىدى.

لېكىن، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، مەملىكەت بويىچە ئەۋج ئالغان سول پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە، بولۇپمۇ 10 يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىق جەريانىدا ئەدەبىياتنىڭ رېئالىزملىق روھى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئەدەبىيات - سەنئەت ھەققىي ئازادلىققا ئېرىشىپ، بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز يېڭىچە تەرەققىيات يولىغا قەدەم قويۇپ، قىسقىغىنە بىرنەچچە يىل ئىچىدە

تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر مۇنچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتى ئۆتكەنكى 17 يىلغا سېلىشتۇرۇپ بولمايدىغان دەرىجىدە قويۇقلاشتى. يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «دولان ياشلىرى» دېگەن ھېكايىسى، شائىر مۇھەممەتئېلى زۇنۇننىڭ «قۇچاقلا، ئۇسىنىڭ دادىڭ» دېگەن شېئىرى، شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «ۋەتىنىم، سۈت بەردىڭ ھالال ۋە ئاپئاق» دېگەن شېئىرى، يولداش مۇھەممەت باغراشنىڭ «سەپداش» دېگەن ھېكايىسى، شائىر مۇھەممەتجان سادىقنىڭ «يېڭى يىلىڭىز مۇبارەك، يولداش» دېگەن شېئىرى، شائىر بۇغدا ئابدۇللانىڭ «يۈرەك لىرىكىسى» دېگەن شېئىرى قاتارلىق ئەسەرلەر بۇنى ناھايىتى ئوبدان ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. بۇ ئەسەرلەر رېئالىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ زور ھاياتىي كۈچىنى تەنتەنە قىلدى. يازغۇچى قەييۇم تۇردىنىڭ «كۈرەشچان يىللار» ناملىق رومانىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇيغۇر پىروزىسىنىڭ يېڭى يۈكسىلىشكە قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇ ئەسەرلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، خۇددى يولداش ماۋ زېدۇڭ كۆرسەتكەندەك، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئەمەلىي تۇرمۇشنى چىقىش نۇقتا قىلىپ، چىنلىق بىلەن ئىنقىلابىي خاھىشچانلىقنى ئوبراز ئىچىدە توغرا بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن ياخشى ئەسەر يازغىلى بولىدۇ.

لېكىن نۆۋەتتىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن ئىنقىلابىي خاھىشچانلىقنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بەزى مەسىلىلەرمۇ يوق ئەمەس. بەزى ئاپتورلارنىڭ ئايرىم ئەسەرلىرىدە تۇرمۇش چىنلىقىغا نىسبەتەن توغرا تونۇش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، تۇرمۇشتا كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان ھادىسىلەرنى شۇ پېتىلا كۆچۈرۈپ يازىدىغان، تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى تىپىكلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، يۈزەكى

تەسىراتلار بويىچە ئىجاد قىلىشقا ئىنتىلىدىغان خاھىش مەۋجۇت.

تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» تا ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ چىنلىقى بىلەن خاھىشچانلىقى توغرىسىدىكى ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق كۆزقاراشلىرىنى قايتا ئۆگىنىش ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

يولداش ماۋ زېدۇڭ «ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى» دەپ كۆرسىتىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ تۇرمۇشتىن كېلىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېنگېلسنىڭ مېنىنا كائۇتسكىغا يازغان خېتىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە «ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش» دېگەن كۆزقارىشىنى تېخىمۇ بېيىتتى، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئادەتتىكى كۈندىلىك تۇرمۇشتىن ئۆتۈپ، تېخىمۇ مۇرەككەپ، تېخىمۇ چوڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەكىتلەپ، يازغۇچىلار «بارلىق سىنىپلارنى، بارلىق ئاممىنى، بارلىق جانلىق تۇرمۇش ۋە كۈرەش شەكىللىرىنى، بارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت خام ماتېرىياللىرىنى كۆزىتىشى، ئۆگىنىشى، تەتقىق قىلىشى ۋە تەھلىل قىلىشى لازىم.»[1] دەپ كۆرسەتتى. روشەنكى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان تۇرمۇش ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمىغان كۈندىلىك پارچە ـ پۇرات تۇرمۇش ھادىسىلىرى ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىن ئىبارەت. يازغۇچىلارنىڭ يازىدىغان، كۈيلەيدىغان تېمىلىرى ئىنتايىن كەڭ، خۇددى يولداش خۇ ياۋباڭ «سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتى سۆھ-

① «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم، 128 ـ بەت.

بەت يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق» تا ئېيتقاندەك، خىلمۇ خىل سۇژېتلار بار. شۇڭا، يازغۇچىلار ئېگىزدە تۇرۇپ، يىراققا نەزەر تاشلاپ، ئەنە شۇنداق كەڭ دۇنيانى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈ-رۇشى لازىم.

يولداش ماۋ زېدۇڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق كۆر-سىتىدۇ: «ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى بولسىمۇ، كېيىنكىسىگە قارى-غاندا تەڭلەشتۈرۈپ بولمايدىغان جانلىق ۋە باي مەزمۇنغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئاممىسى يەنە ئالدىنقىسى بىلەن قانائەت-لىنىپ قالماي، كېيىنكىسىنى تەلەپ قىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ شۇ-نىڭ ئۈچۈنكى، ئىككىلىسى گۈزەل بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش ئادەتتىكى ئە-مەلىي تۇرمۇشقا قارىغاندا تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ يارقىن، تې-خىمۇ يىغىنچاق، تېخىمۇ تىپىك، تېخىمۇ غايىۋى بولىدۇ ۋە شۇنداق بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تېخىمۇ ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان بولىدۇ.»[1]

يازغۇچى تۇرمۇشنى كۆزىتىش، تەتقىق قىلىش، ئەكس ئەتتۈ-رۇش جەريانىدا، تۇرمۇشتىن ئېلىنغان مول ماتېرىياللار ئۈستىدە «ناچىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، ياخشىسىنى ئىلغۇۋېلىش، ساختىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، چىنىنى ساقلاپ قېلىش، بۇنىڭدىن ئۇنىڭغا ئۆ-تۈش، تاشقىرىسىدىن ئىچكىرىسىگە كىرىشتەك يېڭىباشتىن ئىشلەپ چىقىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ»[2]، ئوبراز ئىچىدە تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك چىنلىقىنى، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئە-سەرلىرىدىكى چىنلىق تىپىكلەشتۈرۈلگەن چىنلىق، ماھىيەت

---

① «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم، 128 ـ بەت.

② «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 ـ توم، 551 ـ بەت.

خاراكتېرلىك چىنلىق. ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى تۇرمۇش چىن-لىقى بەلگىلىك ھەقىقەت خاراكتېرىگە، ئىلمىيلىككە ئىگە بولغان بولىدۇ. تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى تىپىك ئوبراز يارىتىش، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىچكى قانۇن-يىتىنى ئېچىپ بېرىش ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۇرۇلگەن تۇرمۇش چىنلىقىنى ھەقىقەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشتە. قىسقىسى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەدەبىي چىنلىقنىڭ ئاساسى، سەنئەت چىنلىقى ئەنە شۇ تۇپراقتا ئۆسكەن گۈل ـ چې-چەك.

يېقىندىن بۇيان يېزىلغان ئايرىم ئاپتورلارنىڭ بەزى ئەسەرلى-رىدە، بىزنىڭ ئادەم ئادەمنى ئېزىدىغان ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى-نى يىمىرىپ تاشلاپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمدە ياشاۋاتقانلىقى-مىزدىن ئىبارەت تۈپ ماھىيەت، ئاساسىي ئەمەلىيەت نەزەرگە ئې-لىنمىغانلىقى، 10 يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىق دەۋرىدە ئېغىر كۈنلەرنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن بولساقمۇ، لېكىن پارتىيەمىز-نىڭ، خەلقىمىزنىڭ داۋاملىق ئالغا بېسىۋاتقانلىقى چوڭقۇر تەھ-لىل قىلىنمىغانلىقى سەۋەبلىك، بەزى ساغلام بولمىغان كەيپى-ياتلار ئىپادىلەندى. بۇ يۈزەكى شەخسىي تەسىراتنى ھەقىقەت ئور-نىغا دەسسەتكەنلىك، يەنى تۇرمۇش چىنلىقىنى ـــ رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىنى كۆرەلمىگەنلىك بولىدۇ.

يولداش خۇ ياۋباڭ «پارتىيە، سوتسىيالىزم تۈزۈمى، جىسمانىي ئەمگەك ۋە ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچى خەلق، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى، ئىشلىرىمىزنى ئالغا يېتەكلەپ ماڭىدىغان ماركسىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى جەمئىيىتىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا زىچ مۇناسىۋەتلىك نەرسى-لەردۇر» دەپ كۆرسەتتى.

سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ ئاساسىي ماھىيىتىگە ۋەكىل-لىك قىلىدىغان بۇ بەش ئامىلغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇنى

قانداق ئىسپاتلاش «كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسىلىسى، تۈپ ـ ئاساسىي مەسىلە، پرىنسىپلىق مەسىلە»، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنىڭ كونكرېت مەزمۇنى. يازغۇچىلىرىمىز جەمئىيەتتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان، يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئاشۇ بەش ئامىلنى قىزغىن مۇھەببەت بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم. مەدھىيىلەنگەن، پاش قىلىنغان نەرسىلەرنىڭمۇ ماھىيەتلىك تەرىپى، قانۇنىيەتلىك تەرىپى بولىدۇ.

شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، تۇرمۇش چىنلىقىنى يېزىش دېگەنلىك، شەخسنىڭ تۇرمۇشى ياكى سەرگۈزەشتىسىنى شۇ پېتى يېزىش دېگەنلىك ئەمەس. يازغۇچىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى ۋە ئۇ ئۆزى بىلىدىغان مەلۇم دائىرىدىكى تۇرمۇش ھەرقانچە مول بولسىمۇ بەربىر چەكلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچىلار قىسمەن دائىرىدىكى تۇرمۇش بىلەن تونۇشۇپلا قالماي، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى، ئۆزى ياشاپ تۇرغان ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىنى، تەرەققىيات يۆنىلىشىنى پۇختا ئىگىلىشى لازىم.

نۆۋەتتە يېڭى دەۋرىمىزنى توغرا تونۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈشىمىز، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشىمىز لازىم، بۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم يولى.

«ئىدېئولوگىيە ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ــ مەلۇم ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنسانلار مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى»[1] بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەدەبىي ئەسەرلەردە يازغۇچىنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتى، پىكرى، غايىسى جەزمەن ئۆز

① «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم، 126 ـ بەت.

ئىپادىسىنى تاپىدۇ. يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىشى، ۋەقە تال-لىشى، سۇژىت قۇراشتۇرۇشى، بەلگىلىك ئىدىيەنى يورۇتۇپ بې-رىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئەدەبىي ئەسەر كىشىلەرنىڭ ئاڭ سېزى-مىگە ئۇن - تىنسىز تەسىر قىلىپ، ئىجتىمائىي ئۇنۇم ھاسىل قىلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەردىكى خاھىشچانلىقنىڭ ئىپادىلىنىش ئۇ-سۇلى خىلمۇ خىل بولسىمۇ، لېكىن خاھىشسىز ئەسەر بولمايدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ چىنلىقى بىلەن خاھىشچانلىقىنى بىر - بىرى-گە قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇش ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بەدىئىي چىنلىق كونكرېت ھېس قىلغىلى بولىدىغان جانلىق ھايات كارتىنىسى، شۇنداقلا يازغۇچىنىڭ ئىدىيەۋى ھېس-سىياتى ۋە غايىسىنى گەۋدىلەندۇرگۈچى ۋاستە. بەدىئىي چىنلىق مەلۇم ھەقىقەتنى يورۇتۇپ بېرىش خاراكتېرىگە، شەيئىلەرنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بول-غانلىقى ئۈچۈن، چىنلىق بىلەن خاھىشچانلىق تەبىئىي ھالدا بىرلىشىپ كېتىدۇ. دېمەك، چىنلىق ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ھاياتى كۈچى، خاھىشچانلىق ئەدەبىي ئەسەرنىڭ جان تومۇرى.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى خاھىشچانلىق ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىما-ئىي رولى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. يولداش ماۋ زېدۇڭ «نۇتۇق»-تا مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەدەبىيات - سەنئەت ... خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىپ، روھلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىش ۋە كۈرەش قىلىش يولىغا چۈشۈپ، ئۆز شارائىتىنى ئۆزگەرتىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.»[1] ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى تۇرمۇشتىكى زىددى-يەت ۋە كۈرەشلەرنى تىپىكلەشتۈرىدىغان بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلاردا مەدھىيەلەشمۇ بولىدۇ، پاش قىلىشمۇ بولىدۇ. يولداش خۇ ياۋباڭ مۇنداق دېگەن ئىدى: «يازغۇچىلار ئالىيجاناب، گۈزەل نەرسىلەرنى

[1] «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 - توم، 129 - بەت.

ئۇلۇغلىشى، مەدھىيەلىشى، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ كۆپلىگەن كىشىلەرنى مۇشۇنداق ئۈلگە ئالدىدا تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭدىن ئۆرنەك ئېلىشقا ۋە ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈشى لازىم. شۇنداقلا، يەنە خۇنۇك، پەس نەرسىلەرنىمۇ ئېچىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئىچ ـ باغرىنى يېرىپ، ئاشكارىلاپ ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنى ھوشيار بولۇپ، ئەنە شۇنداق نەرسىلەردىن چەك ـ چېگرانى ئاجرىتىشقا، ھەتتا ئاخىر ئۇلارنى يوقىتىشقا ئۈندىشى لازىم.» ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى «تۇرمۇش دەرسلىكى» دېيىشنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ئەنە شۇ. مەدھىيەلەش بىلەن پاش قىلىش ھەرقاچان زۆرۈر، بۇ بىر مەسىلىنىڭ ئىككى تەرىپى. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مەدھىيەلەش بىلەن پاش قىلىشنى قانداق ئىپادىلەش مەسىلىسىدە رامكا بەلگىلەش تەس. نوقۇل مەدھىيەلەشمۇ، پاش قىلىشمۇ مۇمكىن، ئىككىنى بىرلەشتۈرۈپ يېزىشمۇ مۇمكىن. ھەر خىل بەدىئىي شەكىللەرنى قوللىنىش مۇمكىن. بۇ يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا بىر تەرەپ قىلىنىدىغان مەسىلە.

بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى زور كۈچ بىلەن يارىتىشى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزنىڭ يېڭى ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم. قاراڭغۇ تەرەپلەرنىمۇ يېزىشى، ئوبراز ئىچىدە ئۇنىڭ جەزمەن يوقىتىلىدىغانلىق قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىشى لازىم. لېكىن، ئۇ پەقەت يان تەرەپ بولۇشى، سېلىشتۇرما بولۇشى لازىم. بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىز سوتسىيالىستىك ئېلىمىزنىڭ روشەن ئەينىكى، جاراڭلىق ئاۋازى بولۇشى كېرەك. خەلقىمىز تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە باتۇرلارچە كۈرەش قىلىۋاتقان قەھرىمانلارنىڭ جەڭگىۋار تۇرمۇشىنى كۆپ تەرەپلىمە، چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدىغان تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرگە موھتاج، دەۋرىمىزنىڭ

قەھرىمانلىق ناخشىلىرىغا موھتاج. شۇنى قەيت قىلىش كېرەككى، چىنلىق بىلەن خاھىشچانلىقنىڭ بىرلىكىنى تەكىتلىگەنلىك ھەرگىزمۇ شوئارۋازلىقنى، ئۇقۇملاشتۇرۇشنى، فورمۇلالاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغانلىق ئەمەس. چىنلىق بىلەن خاھىشچانلىقنىڭ بىرلىكى تۇرمۇشنى ئاساس قىلغان تىپىك ئوبراز ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. سۇبيېكتىپ ئۇقۇمنى ئوبيېكتىپ تۇرمۇش ئورنىغا، خاھىشچانلىقنى چىنلىق ئورنىغا دەسسەتكىلى بولمايدۇ.

ئەدەبىي ئەسەردىكى پېرسوناژنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتى، ئوي - پىكرى، خاراكتېرى ئوبيېكتىپ تۇرمۇش ئەمەلىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، تۇرمۇش چىنلىقى ئىچىدە گەۋدىلەنگەن خاھىشچانلىقمۇ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ماھىيىتى ۋە ئىچكى قانۇنىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. سەنئەت چىنلىقى تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدا ئومۇملاشتۇرۇلىدۇ، خاھىشچانلىق بەدىئىي چىنلىق ئىچىدە تەبىئىي ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ئېنگېلس: «مېنىڭ قارىشىمچە، تىندىنسىيە ئالاھىدە ئېيتىلماسلىقى، كۆرۈنۈش ۋە سۇژىتلار ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلۈشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يازغۇچى ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ كېلەچەك تارىختىكى بىر تەرەپ قىلىنىشىنى كىتابخانلارغا زورمۇ زور تاڭماسلىقى لازىم.» دېگەن ئىدى.

بىز ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقى بىلەن خاھىشچانلىقىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، چىنلىق بىلەن خاھىشچانلىق ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىدىغان بولساق، خەلقىمىزنىڭ ئېلىمىزنى يۈكسەك ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتكە ئىگە قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا تېخىمۇ زور ئىلھام بېرەلەيمىز، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىكى كۆپ تەرەپلىمە ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ئوبدان قاندۇرۇش يولىدا يېڭى تۆھپىلەر قوشالايمىز.

# تىپىك ئوبراز توغرىسىدا

تىپىك ئوبراز مەسىلىسى ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەنقىدتىكى مەركىزىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ئەدەبىي ئەسەرلەردە خىلمۇخىل تىپىك ئوبرازلارنىڭ يارىتىلىشى، ھەرقايسى مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ پىشىپ يېتىلىۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىنىڭ بىرى.

بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدىمۇ خىلمۇخىل ئوبرازلار يارىتىلغان يېڭى بىر گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى، بەزى يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئالاھىدە، باي ۋە روشەن خاراكتېرگە، چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە تىپىك ئوبرازلار يارىتىلىپ، كەڭ كىتابخانلار ئىچىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. نەزەرىيە ساھەسىدىمۇ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1984 ـ يىلى 1 ـ سانىغا يولداش ئابدۇكېرىم راخماننىڭ «تىپىك پېرسوناژ توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم» دېگەن ماقالىسى، يولداش ئابلەت ئۆمەرنىڭ 1985 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن بېسىلغان «ئەدەبىيات ۋە تۇرمۇش» ناملىق ئوبزورلار توپلىمىدىكى «تىپ ۋە تىپىكلەشتۈرۈش» دېگەن ماقالىسى، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىلى 1 ـ سانىغا يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «ئىجادىيەت ۋە تۇرمۇش» دېگەن ماقالىسى ئېلان قىلىنىپ، تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىش توغرىسىدا قىممەتلىك پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ بىر ياخشى باشلىنىش، لېكىن، ئايرىم يازغۇچىلار تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىشنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە پېرسوناژ ئوبرازى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ. جانلىق خاراكتېر يوق. نەزەرىيە جەھەتتىمۇ تىپىك پېرسوناژ ئوبرازى مەسىلىسىدە بەزى

مۇجمەل قاراشلارمۇ يوق ئەمەس، شۇڭا، تىپىك پېرسوناژ ئوبرازى مەسىلىسىنى ئىجادىيەت ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارايمەن.

## 1

ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى تىپ ئاتالغۇسى تىپىك پېرسوناژ، تىپىك شارائىت، تىپىك سۇژىت، تىپىك ئېپىزوت، تىپىك كۆرۈنۈش قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، لېكىن، ئەدەبىياتنىڭ يادروسى ئادەم بولغىنى ئۈچۈن، تىپىك ئوبراز مەسىلىسى كۆپ ھاللاردا تىپىك پېرسوناژغا قارىتىلغان. تىپىك پېرسوناژ ئوبرازى پەقەت رومان، پوۋېست قاتارلىق چوڭ تىپتىكى ژانىرلاردىلا ئەمەس، بەلكى بەزى ھېكايىلەردىمۇ يارىتىلىدۇ. مەسىلەن، چېخوپنىڭ «غىلاپ بەندىسى» ھېكايىسىدىكى بېلىكوف، لۇشۈننىڭ «كۆك يىجى» ھېكايىسىدىكى كۆك يىجى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» رومانىدىكى تۆمۈر خەلپە، زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانىدىكى ئەلا ... تىپىك ئوبرازلاردۇر. بەزى چاغلاردا ئەسەردىكى ئاساسىي قەھرىمانلار ئىچىدە ئەمەس، بەلكى يانداش پېرسوناژلار ئىچىدىمۇ كۆتۈلمىگەن يەردىن تىپىك ئوبراز يارىتىلىدۇ. مەسىلەن، ھازىرقى زامان خەنزۇ يازغۇچىسى ليۇ شىنۇۋنىڭ «سىنىپ مۇدىرى» ھېكايىسىدىكى شيې خۈيمىن ئوبرازى ئەنە شۇنداق تىپىك ئوبراز.

تىپىك ئوبراز يارىتىش ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك مەنىۋى ئەمگەك. بەزى يازغۇچىلار ئۆمۈر بويى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ بىرمۇ تىپىك پېرسوناژ ئوبرازى يارىتالمايدۇ. بەزى يازغۇچىلارنىڭ ئىجاد قىلغان ئەسىرى ئاز بولسىمۇ، بىر ياكى بىر قانچە تىپىك پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىپ، ئەدەبىيات تارىخىدىن مۇھىم ئورۇن ئالىدۇ. بەزى يازغۇچىلار پەقەت بىرلا تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى

ياراتسا، بەزى يازغۇچىلار بىر قانچە تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىدۇ. تىپىك پېرسوناژ ئوبرازى بىرەر تەتقىقاتچىنىڭ باھالىشى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ تارىخ سىنىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك. دونكىخوت، ھاملېت، ئوتېللو، گراندى، ئوبلوموف، ئاننا كارېنىنا، نالا، ۋۇسۇڭ، سۇڭ جياڭ، جۇگېلياڭ، سۇن ۋۇكۇڭ، لىن دەييۇ، ئا Q ... قاتارلىق تىپىك ئوبرازلار دۇنياغا مەشھۇر تىپىك ئوبرازلاردۇر.

تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىغا قويۇلىدىغان تەلەپ ھەقىقەتەن يۇقىرى، نەزەرىيە جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈشمۇ ئاسان ئەمەس، لېكىن ئۇتۇقلۇق چىققان تىپىك پېرسوناژلارنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى ئالاھىدە باي، روشەن، ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە ئىگە مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەزى ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ۋە ئۇنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن پېرسوناژ ئوبرازى دەپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

تىپىك پېرسوناژ ئوبرازى جەزمەن ئالاھىدە، باي ۋە روشەن ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرگە ئىگە بولۇشى لازىم.

ئەدەبىيات تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى، لېكىن ئەدەبىيات تۇرمۇشنى ئىنكاس قىلغاندا ئومۇمىيلىق ئارقىلىق ئايرىملىقنى ئەمەس، بەلكى ئايرىملىق ئارقىلىق ئومۇمىيلىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئومۇمىيلىق دېگەنلىك ئورتاقلىق ياكى قانۇنىيەت دېگەن ئۇقۇم بىلەن بىر مەنىدە بولۇپ، ئەدەبىيات باشقا ئىلىم - پەنگە ئوخشاش ئابستراكت شەكىل ئارقىلىق ئومۇمىيلىقنى ئىپادىلىمەيدۇ، بەلكى يازغۇچى تەسۋىرلەۋاتقان مۇئەييەن يەككە، جانلىق، كونكرېت پېرسوناژ ئوبرازى ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەزى ماھىيەتنى ۋە قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئېنگېلس: «ھەربىر ئادەم بىر تىپ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ مۇئەييەن بىر ئادەم، خۇددى گېگىل بوۋاي ئېيتقاندەك مۇ-

شۇ بىر شەخس» دېگەنىدى. ئېنگېلس قايتا ـ قايتا «يەككە شەخس» نى گەۋدىلەندۈرۈشنى، «ئىندىۋىدۇئاللىق» نى ھەرگىزمۇ «پىرىنسىپ ئىچىگە غەرق قىلىۋەتمەسلىك» نى تەكىتلىگەنىدى. لېنىن تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ: «بەدىئىي ئەسەرلەردە پۈتۈن مەسىلە ئايرىم شارائىتتا، بەلگىلىك تىپىك خاراكتېر ۋە پىسخولوگىيەنى تەھلىل قىلىشتا» دېگەنىدى. روشەنكى، يازغۇچى قەلىمى ئاستىدىكى «مۇشۇ بىر شەخس» نىڭ ئوبرازى روشەن خاسلىق (ئىندىۋىدۇئاللىق) قا ئىگە بولۇشى لازىم.

تىپىك پېرسوناژنىڭ خاسلىقى (ئىندىۋىدۇئاللىقى) دېگەن نېمە؟ مۇئەييەن «مۇشۇ بىرشەخس» تە ئىپادىلەنگەن كونكرېت، ھېس قىلغىلى بولىدىغان، باشقىلار بىلەن ئوخشاشمايدىغان ئىچكى ۋە تاشقى خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، «مۇشۇ بىر شەخس» نىڭ ئالاھىدە تىلى، ھەرىكىتى، پىسخىكىسى، مىجەز ـ خۇلقى، ھەۋەس ـ ئىشتىياقى، تۇرمۇش ئادىتى، سىرتقى كۆرۈنۈشى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تىپىك پېرسوناژنىڭ خاسلىقىغا (ئىندىۋىدۇئاللىقىغا) قويۇلىدىغان تەلەپ نېمە؟

بىرىنچى، خاسلىق (ئىندىۋىدۇئاللىق) ئەسەر ئىچىدىكى «مۇشۇ بىر شەخس» ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئالاھىدە، ئۆزگىچە بولۇشى، تەكرارلانماسلىقى كېرەك. تىپىك پېرسوناژ تۇرمۇشتىن كېلىدۇ. بىر تۈپ گۈل يوپۇرمىقى ئىچىدە تامامەن ئوخشاش ئىككى تال يوپۇرماق بولمىغىنىغا ئوخشاش، ئەمەلىي تۇرمۇشتا خاراكتېرى تامامەن ئوخشاش بولغان ئىككى ئادەمنى تاپقىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئادەمنىڭ خاراكتېرى كونكرېت رېئال تۇرمۇش شارائىتى ئىچىدە شەكىللىنىدۇ. ھەربىر ئادەمنىڭ باشقىلار بىلەن ئوخشاشمايدىغان ئالاھىدە تۇرمۇش شارائىتى، ئالاھىدە تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسى بولىدۇ. بىر ئائىلىدىكى ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللارنى ئالغاندىمۇ، گەرچە ئۇلارنىڭ ئائىلە شارائىتى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن

ئەمەلىي تۇرمۇش جەريانىدا تاسادىپىي ئامىللارنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇلارنىڭ خاراكتېرى، تەقدىرى ئوخشاش بولمايدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ بولغىنى ئۈچۈن، يازغۇچى ئوخ- شاش بولمىغان مىللەت، ئوخشاش بولمىغان دەۋر، ئوخشاش بول- مىغان سىنىپ ۋە گۇرۇھ ئىچىدىكى ئوخشاش بولمىغان خاراك- تېرنى گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىشكە ماھىر بولۇپلا قالماي، بىر مىل- لەت، بىر دەۋر، بىر سىنىپ، ھەتتا بىر ئائىلە ئىچىدىكى ئوخشاش بولمىغان جانلىق خاراكتېرلەرنى گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىشكە ماھىر بولۇشى لازىم. خۇددى يازغۇچى زوردۇن سابىر ئوتتۇرىغا قويغان- دەك، دېھقان دەپ يازغان ئەسەر زادى دېھقانغا ئوخشىمىسا، ئۇنى مالچى، ئورمانچى، ياغاچچى، ئىشچى، سودىگەر قىلىپ ئۆزگەرتىپ قويسىڭىزمۇ ئەسەرگە زادىلا تەسىر يەتمىسە، ئەسەردە ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژ ئوبرازى بولمىسا، مۇنداق ئەسەرلەر رېئال تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولمايلا قالماي، كىتابخاندى- مۇ ئېستېتىك زوق قوزغىيالمايدۇ. مەسىلەن، لۇشۈننىڭ «ئا Q نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسەردىكى ئا Q نىڭ خاراك- تېرى ھەقىقەتەن ئالاھىدە، تەكرارلانمايدىغان خاراكتېر. ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىغاندا، «ئاتىسى بالىسىنى ئۇرغانلىق» دەپ مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئايلاندۇرۇشى، پۇلنى ئۇتتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ كاچىتىغا كېلىشتۇرۇپ ئىككىنى ئۇرۇپ مەغلۇبىيەتنى يوشۇرۇشى، ھەتتا ئۆلۈم ھۆكۈمى- گە قول قويغاندا چەمبەر سىزىق سىزالماي «مېنىڭ نەۋرىلىرىم چەمبەرنى دۇپدۇگىلەك قىلىپ ياسايدىغان بولىدۇ...» دېيىشى... باشقىلار بىلەن تەكرارلانمايدىغان ئا Q چە ئالاھىدە خاراكتېردۇر. ئا Q نىڭ تىلى، ھەرىكىتى، سەرگۈزەشتىسى تامامەن ئالاھىدە، ھەتتا ئۇنىڭ قىياپىتى، كىيىمىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، ھەرقانداق ئا- دەم بىلەن ئوخشاشمايدۇ، ئىختىيارىي ئۆزگەرتكىلىمۇ بولمايدۇ. 1934 - يىلى ئەينى ۋاقىتتا شاڭخەيدە چىقىدىغان «دىراما ھەپتى-

لىك ژۇرنىلى» تەرپىدىن ئا Q نىڭ رەسمىي سىزىلىپ، بېشىغا تېرە تۇماق كىيگۈزۈپ قويۇلغانىدى. لۇشۈن بۇنى كۆرگەندىن كېيىن بۇ ژۇرنالغا مەخسۇس خەت يېزىپ: «ئەگەر ئۇنىڭ بېشىغا تېرە تۇماق كىيگۈزۈلۈپ قويۇلسا، ئا Q بولماي قالىدۇ. ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن ئۇنىڭغا كىگىز تۇماق كىيگۈزۈپ قويغانىدىم. بۇ بىر خىل قارا، يېرىم دۈگىلەك شەكىلدىكى نەرسە ئىدى. ئۇنىڭ گىرۋىكى بىر سۇڭدىن ئارتۇقراق، ئۇستىگە قايرىلىپ كىيىلەتتى» دېگەنىدى. ئا Q لۇشۈننىڭ قەلبىدە ئالاھىدە مۇقىملاشقان خاراكتېر بولۇپ، ھەتتا باش كىيىمىنىمۇ خالىغانچە ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان قىلىپ تەسۋىرلىگەن.

ئىككىنچى، تىپىك پېرسوناژنىڭ خاراكتېرى باي ۋە رەڭدار بولۇشى لازىم. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزى باي ۋە مۇرەككەپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەر خىل مۇرەككەپ ئامىللار كىشىنىڭ خاراكتېرىدە ئۆزىنىڭ ئىز - تامغىسىنى قالدۇرىدۇ، شەخسنىڭ خاراكتېرىدە سىنىپىي تامغىلا ئەمەس، بەلكى مىللەت، تارىخ، دەۋر، جۇغراپىيەلىك مۇھىت، تەلىم - تەربىيە، كەسىپ، ئائىلە قاتارلىق ئامىللارنىڭ ئىز - تامغىسى قالغان بولىدۇ. مەسىلەن، بىر نەمۇنىچى كادىرنىڭ خىزمەتتە نەمۇنىچى بولغىنى بىلەن ئائىلىدە نەمۇنىچى ئەر بولۇشى ناتايىن. بىر ساختىپەز ئادەمنىڭ نەگىلا بارسا، ھەممە ئىشتا ساختىپەزلىك قىلىشى ناتايىن، تاسادىپىي ھالدا بىرەر ئىشتا راست گەپ قىلىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. بىر سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل ئادەمنىڭ مەلۇم شارائىتتا ئۆز قەلبىگە يات بىرەر ئىشنى قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. قەھرىمانىنىڭ ئۆز ھاياتىدا بىرەر تاسادىپىي ئەھۋالغا يولۇقۇپ قېلىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. ئەدەبىي ئەسەردىكى تىپىك پېرسوناژنىڭ خاراكتېرى تۇرمۇشتىكى جانلىق ئادەملەر خاراكتېرىگە ئوخشاش باي ۋە خىلمۇ خىل بولۇشى لازىم.

ئۈچىنچى، تىپىك پېرسوناژ ئوبرازى جەزمەن روشەن، گەۋدى-

لىك بولۇشى لازىم. پېرسوناژ ئوبرازى باي ۋە رەڭدار بولۇشى كېرەك دېگەنلىك، مۇئەييەن شەخسنىڭ خاراكتېرىدە ئىپادىلەنگەن خۇسۇسىيەتلەرنى ئوخشاش دەرىجىدە پېرسوناژ ئۈستىگە جۇغلاش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. ئەمەلىيەتتە ئادەمنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ خاراكتېرى ئىچىدە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئاساسىي خاراكتېرى ياكى خاراكتېر يادروسى بولىدۇ. يازغۇچى ئەلۋەتتە پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىدىكى ئاساسىي تەرىپىنى ياكى يادرولۇق خاراكتېرنى نۇقتىلىق گەۋدىلەندۈرۈشى لازىم. شۇنداق بولغاندا پېرسوناژ خاراكتېرى روشەن، تەسىرلىك چىقىدۇ. ئا Q نىڭ خاراكتېرى باي ۋە مۇرەككەپ، لېكىن روھىي غالىبىيەتچىلىك ئۇنىڭ خاراكتېرىدە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىگە سەۋەبچى بولغىنىمۇ دەل ئاشۇ روھىي غالىبىيەتچىلىك. لۇشۈن ئا Q نىڭ خاراكتېرىدىكى روھىي غالىبىيەتچىلىكنى مەركەزلىك گەۋدىلەندۈرگەن. شۇڭا ئا Q دىن ئىبارەت مۇشۇ بىر شەخسنىڭ خاراكتېرى ئىنتايىن روشەن ۋە ئېنىق. ئەسەر ئىچىدىكى مۇئەييەن شەخسنىڭ خاراكتېرى ئالاھىدە، باي ۋە روشەن بولغاندا ئازدىن بىر پۈتۈن خاسلىققا (ئىندىۋىدۇئاللىققا) ئىگە بولغان بولىدۇ. ئالاھىدە، باي، روشەن ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە ئىگە بولۇش، تىپىك پېرسوناژنىڭ بىرىنچى مۇھىم خۇسۇسىيىتى، شۇڭا، تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى «يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان بەدىئىي ئوبراز»دەپ خۇلاسە قىلىش تولىمۇ ئاددىيلىق بولىدۇ.

تىپىك پېرسوناژ ئوبرازى مۇئەييەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەزى ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ۋە ئۇنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم. ئالاھىدە، باي، روشەن خاراكتېر ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەزى ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى، قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش دېگەنلىك، ماھىيەتتە ئايرىملىق ئارقىلىق ئومۇمىيلىقنى ئىپادىلەش دېگەنلىك بولىدۇ. تىپىك پېرسوناژنىڭ ئومۇمىيلىقىنى (ئورتاقلىقىنى) قانداق چۈشىنىش

كېرەك؟ نۇرغۇن كىتاب ۋە ماقالىلەردە تىپىك پېرسوناژنىڭ ئو-مۇمىيلىقىنى پېرسوناژ ۋەكىللىك قىلغان ئاشۇ خىلدىكى كىشى-لەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، «ئۆز ئالدىغا خاسلىققا ئىگە ئوبراز يەنىلا بىر توپ ئادەملەرگە، بىر خىل خاھىشقا، بىر تۈرلۈك ئېقىمغا، بىر پۈتۈن دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ» دەپ چۈشەندۈرۈپ، ئومۇ-مىيلىق ۋەكىللىك دەپ قارالدى. تىپىك پېرسوناژنىڭ ئومۇمىي-لىقىنى مۇنداق شەرھلەشنى خاتا دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئىج-تىمائىي تۇرمۇشتىكى كونكرېت ئادەم مۇئەييەن سىنىپ ۋە گۇ-رۇھ ئىچىدە ياشايدۇ، مۇئەييەن سىنىپ ۋە گۇرۇھنىڭ ئومۇمىيلى-قىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن، مۇئەييەن خاھىشنى گەۋدىلەندۈرگەن بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەر ئىچىدىكى پېرسوناژ ھەم روشەن خاسلىققا ئىگە كونكرېت «مۇشۇ بىرشەخس»، ھەم مۇئەييەن سىنىپ ۋە گۇ-رۇھنىڭ، مۇئەييەن خاھىشنىڭ ۋەكىلى، مۇنداق نەزەرىيە بىلەن ئەدەبىيات تارىخىدىكى قىسمەن تىپىك پېرسوناژلارنىڭ ئومۇمىي-لىقىنى توغرا چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، يازغۇچى قەييۇم تۇردىنىڭ «كۆرەشچان يىللار» رومانىدا ئالماس، لەيلىگۈللەر ئوبرازى ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئالدىنقىلار يىقىلسا، كېيىن-كىلەر ئىز بېسىپ ئازادلىققا ئىنتىلگەن قەھرىمانلىق روھى ئو-مۇملاشتۇرۇلغان.

لېكىن، تىپىك پېرسوناژنىڭ ئومۇمىيلىقىنى بىر توپ ئادەم-لەرنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتىنىڭ ۋەكىلى دېيىش بىلەن ئا Q، دونكىخوت قاتارلىق مۇرەككەپ تىپىك پېرسوناژلارنىڭ ئومۇمىي-لىقىنى دەل، توغرا چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئا Q نىڭ ئوبرازىنى ئالدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئاساسلىق خاراكتېر ئالاھى-دىلىكى روھىي غالىبىيەتچىلىك، ئەينى ۋاقىتتىكى مۇئەييەن تا-رىخىي شارائىتتا، روھىي غالىبىيەتچىلىك پادىشاھتىن تارتىپ يالالنىما دېھقانغىچە ھەممە قاتلامدا تېپىلاتتى، شۇڭا «ئا Q نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسەر ژۇرنالدا ئارقا ـ ئارقىدىن

ئېلان قىلىنغان چاغدا، جەمئىيەتتىكى ھەرخىل ئادەملەر «لۆشۈن بۇ ئەسىرىدە بىزنى يېزىپتۇ»، «بىزنى دۇمبالاپتۇ» دەپ گۇمانلىنىپ ئېغىر ۋەسۋەسىگە چۈشكەن. دېمەك، ئا Q نىڭ تىپىك خاراكتېرىدە گەۋدىلەنگەن روھىي غالىبىيەتچىلىك ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرى ياللانما دېھقاندىن ئاللىقانداق ئېشىپ كەتتى. دونكىخوت خاراكتېرىدە ئىپادىلەنگەن سۇبيېكتىپزىملىقمۇ ئەنە شۇنداق. ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمەلىي تۇرمۇشتىن ئالغاندا، ئا Q ۋە دونكىخوتتەك ئادەملەر ناھايىتى ئاز ساندا، بىرەر گۇرۇھ ۋە سىنىپنىڭ ۋەكىلى دېگىلى بولمايدۇ. بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە، ئاشۇ بىر شەخسنىڭ خاراكتېرىدە ئىپادىلەنگەن روھىي ھالەت ۋە پېرسوناژ خاراكتېرىگە سىڭدۈرۈلگەن باي ۋە چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇننىڭ ئومۇمىيلىقىدىن ئىبارەت. نۇرغۇن ئۇتۇقلۇق چىققان تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئۈنۈمى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تىپىك پېرسوناژنىڭ ئومۇمىيلىقى پەقەت ئۇنىڭ سان جەھەتتىكى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئەمەس، بەلكى شۇ تىپىك پېرسوناژنىڭ سۈپەت جەھەتتە مۇئەييەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەزى ماھىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتىكى كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىگە قارىتىلغان.

ماركس «ئادەم — بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى» دېگەنىدى، ماركسنىڭ بۇ سۆزى تىپىك پېرسوناژنى قانداق چۈشىنىشنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسى. ئېنگېلس مۇشۇ ئىدىيەگە ئاساسەن تىپىك پېرسوناژ بىلەن تارىخنىڭ تەرەققىيات ئېقىمىنى بىرلەشتۈرۈپ قاراپ، تىپىك پېرسوناژنىڭ «مۇددىئاسىنى ئۇششاق - چۈششەك شەخسىي ھەۋەس ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى ئۇستىگە لەيلىتىپ چىققان تارىخىي ئېقىم كەلتۈرۈپ چىقارغان» دېگەنىدى (ئېنگېلسنىڭ لاسسالغا يازغان خېتىدىن). لېنىن «لېۋ. تولستوي رۇس ئىنقىلابىنىڭ ئەينىكى» دېگەن ماقالىسىدە تېخىمۇ

ئېنىق قىلىپ: «ئەگەر بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى ھەقىقەتەن بىر ئۇلۇغ ئەدىب بولىدىغان بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە كەم دېگەندە ئىنقىلابنىڭ بەزى ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى چوقۇم ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم.» دېگەنىدى. روھىي غالىبىيەتچىلىكنى ئاساسىي خاراكتېر بەلگىسى قىلغان ئا Q دىن ئىبارەت بۇ بىر مۇئەييەن شەخسنىڭ ئوبرازىنىڭ ئومۇمىيلىقى شۇ يەردىكى، ئەينى ۋاقىتتا، ئۈچ چوڭ تاغنىڭ زۇلۇمى ئاستىدا دېھقانلارنىڭ ئىنقىلابىي تەلەپى شۇنچە كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن روھىي غالىبىيەتچىلىك ئۇلارنىڭ پۇت - قولىنى چۈشەپ قويىدى. ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتمىگەندە، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى جۇڭگو جەمئىيىتىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس. شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەبمۇ خەلق ئاممىسىنى ئويغاتمىغانلىقىدا، روھىي غالىبىيەتچىلىك ئەسلىدە يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكىلىك كونا جۇڭگودىكى ۋەيران بولغان پومېشچىكلارنىڭ روھىي ھالىتى ئىدى. ئەگەر، لۇشۈن ئەپەندى ئا Q نى پومېشچىك قىلىپ يازسا تېخىمۇ ئېنىق ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولماتتى؟ لېكىن، لۇشۈن ئا Q دىن ئىبارەت ياللانما دېھقاننى يېزىپ، روھىي غالىبىيەتچىلىكنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تۈپ مەسىلىسى بولغان دېھقانلار بىلەن باغلىدى. دېھقانلارنى ئويغىتىشتىن ئىبارەت زور ئىجتىمائىي مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئا Q خاراكتېرىنىڭ تىپىك ئەھمىيىتى ئەنە شۇ يەردە. دېمەك، ئەسەردىكى پېرسوناژ ئوبرازى ئالاھىدە باي، روشەن ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرگە ئىگە بولسا، مانا مۇشۇنداق جانلىق خاراكتېر ئىچىدە مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەزى ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ۋە ئۇنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسىلا تىپىك ئوبراز بولىدۇ.

تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ خاسلىقى بىلەن ئومۇمىيلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟ يولداش ماۋ زېدۇڭ: «ئورتاقلىق ھەممە خاس-

لىقلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. خاسلىق بولمىغان بولسا ئورتاق-لىقمۇ بولمىغان بولار ئىدى.» دېگەنىدى. ھەرقانداق شەيئى ئورتاقلىق بىلەن خاسلىقنىڭ بىرلىكى، ئادەتتىكى پېرسوناژلاردىمۇ مۇنداق خۇسۇسىيەت بولىدۇ، لېكىن، تىپىك پېرسوناژغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، خاسلىق بىلەن ئورتاقلىق قان بىلەن گۆشتەك بىر گەۋدىگە ئايلانغان بولۇپ، خاسلىق تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇندا تۇ-رىدۇ. مۇئەييەن «مۇشۇ بىر شەخس» تە ئىپادىلەنگەن خاسلىق بى-لەن ئورتاقلىقنى (ئومۇمىيلىقنى) ياغاچنى ھەرىدەپ ئىككى پارچە قىلغاندەك بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ، خاسلىقتىن ئايرىلغان ھالدا تىپىك پېرسوناژنىڭ ئومۇمىيلىقنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. تىپىك پېرسوناژنىڭ خاسلىقى بىلەن ئومۇمىيلىقنى بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇش ياكى ئايرىپ قاراش، تىپىك ئوبراز يارىتىشنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ئەدە-بىي ئىجادىيەتتە بولسا پېرسوناژنىڭ ئومۇمىيلىقىغا، ئىجتىما-ئىيلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ، پېرسوناژنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە خاراكتېرىنى، تەقدىرىنى تەسۋىرلەشكە سەل قارايدىغان ناچار خا-ھىش پەيدا بولىدۇ، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «سۇبھى» پوۋېستىدىكى ئەسئەتنىڭ ئوبرازىنىڭ تىپىك-لىك دەرىجىسىگە، بۇ ئوبرازدا گەۋدىلەنگەن ئىجتىمائىي مەزمۇنغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇش توغرا كەلسىمۇ، لېكىن يازغۇچى-نىڭ ئەسئەتنىڭ ئالاھىدە خاراكتېرى، ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە تەقدىرى ئارقىلىق زامانىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۇ-رۇش ئۇسۇلىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئەرزىيدۇ.

## 2

يازغۇچى ئىجادىيەت جەريانىدا بىر تەرەپتىن، «ئاشۇ بىر شەخس» نىڭ ئالاھىدە، باي، روشەن خاراكتېرگە ئىگە ئوبرازىنى

يارىتىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، «مۇشۇ بىر شەخس» نىڭ جانلىق
ئوبرازى ئىچىدە مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچتىكى ئىجتىمائىي تۇر-
مۇشنىڭ بەزى ماھىيىتى ۋە مۇقەررەر قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەت-
تۇرىدۇ. يازغۇچى بۇ خىزمەتنى قانداق ئىشلەيدۇ؟ ئۇنىڭ بىردىن-
بىر يولى تىپىكلەشتۇرۇشتىن ئىبارەت، شۇڭا، تىپىكلەشتۇرۇش
بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ تۈپ قانۇنىيىتى. تىپىك پېرسوناژ ئوبرا-
زىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، تىپىكلەشتۇرۇش تەبىئىي ھالدا
بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى تەرەپنى، يەنى
خاسلاشتۇرۇش (ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇش) بىلەن ئومۇملاشتۇرۇشنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، جۇملىدىن، تىپىكلەشتۇرۇش لۇشۇننىڭ سۆ-
زى بىلەن ئېيتقاندا، «مەخسۇس بىر ئادەمنى يېزىش» ۋە خىلمۇ
خىل ئادەملەرنى قۇراشتۇرۇپ «بىر ئادەم قىلىپ چىقىش» ئۇسۇلى
بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

بۇ يەردە ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك مۇھىم قانۇنىيەتلىك
مەسىلە شۇكى، يازغۇچى تىپىكلەشتۇرۇش خىزمىتىدە نېمىنى
ئاساس قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ تەپەككۇر نۇقتىسى نەدە؟ ماكسىم گوركىي
«مەن قانداق يازىمەن» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دېگەنىدى: «تىل
سەنئىتى خاراكتېر ۋە تىپ يارىتىش سەنئىتىدۇر. ھەربىر ئادەم
ئۆز بىيولوگىيەلىك ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەت لوگىكىسىغا، ئۆز
ئىرادىسىگە ئىگە، ئاپتور ئۇلارنى ئەنە شۇ سۇپەتلىرى بىلەن ئۆز
ماتېرىيالى سۇپىتىدە، ئەمما ‹چالا تەييار› ھالدا ھەقىقىي بارلىق-
تىن ئالىدۇ، كېيىن ئۆز تەجرىبىسى ۋە بىلىمىنىڭ كۈچى بىلەن
ئۇلارنى سىلىقلايدۇ. ئۇلار ئېيتالمىغان سۆزلەرنى ئۇلار تىلىدىن
ئېيتىپ تولدۇرىدۇ. ئۇلار قىلالمىغان، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ ‹تەبى-
ئىي› ۋە ‹مېھنەت› نەتىجىسىدە ئارتتۇرغان سۇپەتلىرى ئارقىسىدا
قىلىشلىرى لازىم بولغان ئىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزىدۇ.» ئېلىمىز-
نىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى باجىنمۇ «ئېقىن» تىرىلوگىيەسىدىكى
تىپىك پېرسوناژلار توغرىسىدا توختىلىپ: «جۆشىن پەقەت كى-

تابتىكىلا ئادەم ئەمەس، بەلكى ئۇ ھەقىقىي ئادەم، مېنىڭ ئاكام، مەن ئاكامنى پىروتوتىپ قىلىپ، ئۇنىڭ خاراكتېرى، تەقدىرى، سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىن پايدىلىنىپ جۇشىنىپ جۆشىنىنى ياز ـ دىم.» دېگەنىدى. مەسىلە ناھايىتى روشەنكى، تىپىكلەشتۈرۈشنىڭ مەركىزىي ھالقىسى خاسلاشقان خاراكتېرنى تىپىكلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. يازغۇچى ئادەتتە مۇئەييەن «مۇشۇ بىر شەخس» نىڭ يەككە، ئالاھىدە خاراكتېر خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىگىلەشتىن قول سېلىپ، پېرسوناژنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېر لوگىكىسىنى ۋە بۇ جانلىق خاراكتېر ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي مەزمۇننى پۇخ ـ تا ئىگىلەپ، ئىجادىيەت مۇددىئاسىنى بەلگىلەيدۇ. مۇئەييەن «مۇ ـ شۇ بىر شەخس» نىڭ خاراكتېر قانۇنىيىتى بويىچە پەرەز، تەسەۋ ـ ۋۇر قاتارلىق بەدىئىي توقۇلما ۋاستىلىرى ئارقىلىق پېرسوناژ ـ نىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ، يازغۇچى ئۆز پىكرىنى تەلتۆكۈس، يېتەرلىك يوسۇندا ئىپادىلەپ بېرەلەيدى ـ غان بولغۇچە كېڭەيتىپ راۋاجلاندۇرىدۇ.

ئەمەلىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدە يازغۇچىغا ئالاھىدە، مۇكەممەل، روشەن خاسلىققا ئىگە پېرسوناژ خاراكتېرى ئۇچرىمايدۇ، كۆپ ھاللاردا يازغۇچىغا پېرسوناژنىڭ ئايرىم يەككە خاراكتېرى، ئايرىم سەرگۈزەشتىسى، سۆز ـ ھەرىكىتى تەسىر قىلىدۇ، يازغۇچى ئاشۇ ئايرىم خاراكتېرى، پارچە ـ پۇرات سۆز ـ ھەرىكەتلەر ئىچىدىن پېرسوناژنى ھەر خىل تەقدىرگە مۇپتىلا قىلىشۋاتقان ئاساسىي خاراكتېر خۇسۇسىيىتىنى (خاراكتېر يادروسىنى) ئىگىلەيدۇ. تەسەۋۋۇر، پەرەز قاتارلىق بەدىئىي قوشۇلما ۋاستىلىرىنى ئەر ـ كىن قوللىنىپ، ئېنگېلس ئېيتقاندەك: «پېرسوناژنىڭ نېمە قى ـ لىۋاتقانلىقىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ.» يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز» رومانىدا تەس ـ ۋىرلىگەن تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئۆزى بىۋاستە قاتناشمىغان. ئۇنداقتا، نېمە ئۇچۇن تۆمۈر خەلى ـ

پىنىڭ تىپىك ئوبرازى جانلىق، تەسىرلىك چىقتى؟ يازغۇچى تۆ-مۈر خەلىپە باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا دائىر نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىشتىن باشقا، تۆمۈر خەلىپە-دىن ئىبارەت «مۇشۇ بىر شەخس» نىڭ ئەينى تارىخىي شارائىتتا شەكىللەنگەن ئالاھىدە خاراكتېرىنى پۇختا ئىگىلەپ، تۆمۈر خە-لىپىنىڭ بىر پۈتۈن تەقدىرىنى تۆمۈر خەلىپىنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېر مەنتىقىسى بويىچە تەرەققىي قىلدۇردى.

دېمەك، يازغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۇرمۇش ۋەقەلىكىنى ئىگىلەش مۇھىم، لېكىن تۇرمۇشتىكى مۇئەييەن «مۇشۇ بىر شەخس» نىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەش تېخىمۇ مۇ-ھىم، بۇ خاسلاشقان خاراكتېرنى تىپىكلەشتۈرۈشنىڭ ئاساسى.

دەرۋەقە، يازغۇچى ئەسەردە خاراكتېر يارىتىش ئۈچۈنلا خاراك-تېر ياراتمايدۇ، بەلكى خاسلاشقان خاراكتېر ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. چۈنكى خاراكتېر قانچە ئالاھىدە، تەكرارلانمايدىغان بولغان بىلەن ئۇ بەرىبىر مۇئەي-يەن تارىخىي باسقۇچتىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مەھسۇ-لى، شۇڭا يازغۇچى مۇئەييەن شەخستىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە خاراكتېرنى تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىت بىلەن باغلاپ تۇرد-تىپ، بۇ خاسلاشقان خاراكتېر ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي مەزمۇننى، ئۇنىڭ ئومۇمىيلىق خاراكتېرىنى چوڭقۇر ئېچىپ بې-رىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندا، خۇددى ئېنگېلس ئېيتقاندەك «نا-چار خاسلاشتۇرۇش» تىن ساقلىنىپ، خاس خاراكتېرنى تىپىك-لەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەزى ھالىتى ۋە قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. مە-سىلەن، لۇشۈننىڭ «كۆك يىجى» ھېكايىسىدىكى كۆك يىجى ئوبرازىنى ئالساق، بۇ ئوبرازنىڭ ئەسلىي ئەۋرىشكىسى (پىروتو-تىپى) مېڭ فامىلىلىك ئادەم ئىدى، كىشىلەر ئۇنى مېڭ فۇزى دەپ ئاتايتتى. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇغان، لېكىن ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي،

ئەمەلدار بولالمىغان، ئۇنىڭ ھۆسنخەت يېزىشتىن باشقا ئىشقا قو-
لى كەلمەيدۇ، كەمبەغەللىكىگە قارىماي، ھاراق ئىچىشكە ئامراق،
پۇل قالمىغان چاغدا كىتاب ئوغرىلايدۇ، تۇتۇلۇپ قالغاندا «كىتاب-
نى كۆرسەتمەي ئېلىش ئوغرىلىققا ياتمايدۇ» دەپ تۇرۇۋالىدۇ. كې-
يىن ئوغرىلىق قىلىپ، پۇتلىرى چېقىلىپ ئۇنىسىز يوقايدۇ.

لۇشۇن كۇڭ يىجىنىڭ ئوقۇپ بىر چىرايلىق ھۆسنخەت يې-
زىشنى ئۆگەنگەن بولسىمۇ، لېكىن خەت يېزىشتىن باشقا ھېچ-
قانداق ئىشنى قىلالمايدىغان ئالاھىدە خاراكتېرىنى تەنقىد قى-
لىپ، ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى فېئوداللىق تۈزۈم بىلەن
باغلىدى، ئەسلىدە كۇڭ يىجىگە ئەۋرىشكە قىلىنىغان مېنىڭ فۇزى
كەمبەغەللىكتە ئۆتكەن بولسىمۇ، باشقىلار تەرىپىدىن تاياق يې-
مىگەن، لېكىن، ئەسەردە كۇڭ يىجىنى ئەمەلدار دىڭ جۈرېن ئۇرۇپ
پۇتىنى چېقىۋەتكەن قىلىپ، كۇڭ يىجىنى سىنىپىي مۇناسىۋەت-
لەر ئىچىگە قويۇپ، كۇڭ يىجىنىڭ ئالاھىدە خاراكتېرى ۋە بۇ
خاراكتېر كەلتۈرۈپ چىقارغان كۇڭ يىجىنىڭ ئېچىنىشلىق تەق-
دىرى ئارقىلىق فېئوداللىق تۈزۈمنى قاتتىق پاش قىلدى بۇنىڭ-
دىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پېرسوناژنىڭ كونكرېت، ئالاھىدە
خاراكتېر خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىگىلەشتىن باشلاپ، ئۇنى ئۆزى
تونۇش بولغان باشقا پېرسوناژلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن
بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇملاشتۇرۇپ تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى يارد-
تىش، جۇملىدىن ئەنە شۇنداق ئالاھىدە، باي، روشەن خاراكتېرگە
ئىگە ئوبراز ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى ۋە قا-
نۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش پېرسوناژ ئوبرازىنى تىپىكلەشتۈ-
رۈشنىڭ مېغىزى بولۇپلا قالماي، يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ماھارىتى-
نىڭمۇ مۇھىم بەلگىسى.

تىپىك پېرسوناژنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنى تىپىكلەشتۈ-
رۈش مەسىلىسىدە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، پېرسو-
ناژنىڭ ئالاھىدە خاراكتېرىنى تىپىكەشتۈرۈش باشتىن - ئاخىر

«مۇشۇ بىر شەخس» تىن ئىبارەت مۇئەييەن پېرسوناژنىڭ كونك-
رېت، باي ۋە مۇرەككەپ تۇرمۇش پائالىيىتىدىن ئايرىلمايدۇ.
پېرسوناژنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرى بىلەن ئۇنىڭ ئومۇمىلد-
قىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىر ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلىدۇ، بۇ يەردىكى
هالقىلىق مەسىلە، قەھرىماننى ئۆزىنىڭ خاراكتېر مەنتىقىسى بو-
يىچە يېزىشتىن ئىبارەت. ئەسەر ئىچىدىكى تىپىك پېرسوناژ
گەرچە يازغۇچىنىڭ مۇئەييەن مۇددىئاسى ئۈچۈن خىزمەت قىل-
سىمۇ، لېكىن ئەسەردىن ئىبارەت تۇرمۇش سەھنىسىدە ئۇ هامان
مۇستەقىل ئادەم. ئۇ ئۆز خاراكتېرى ۋە ئىرادىسى بويىچە ئىش
قىلىدۇ، ئايرىم هاللاردا يازغۇچىنىڭ شەخسىي ئىرادىسىگىمۇ
بويسۇنمايدۇ. ئەگەر يازغۇچى تىپىك پېرسوناژ خاراكتېرىنى پۇخ-
تا ئىگىلىسە، پېرسوناژ مۇئەييەن شارائىتتا، ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاد-
دە خاراكتېرى بويىچە ئىش قىلسا، بۇنداق ئوبراز تېخىمۇ ئىشەنچ-
لىك ۋە تەسىرلىك چىقىدۇ، يازغۇچىنىڭ قەلبىدىلا ئەمەس، بەلكى
كىتابخان قەلبىدىمۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ، يازغۇچى زوردۇن
سابىرنىڭ «قوشنىلار» هېكايىسىدىكى سالى ۋە جامىلارنىڭ ئوبرا-
زى ئەنە شۇنداق يارىتىلغان.

## 3

تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلىشى
يازغۇچىنىڭ ئىلغار دۇنيا قارىشى، دەۋرنىڭ يازغۇچىغا يارىتىپ
بەرگەن ئىمكانىيىتى، يازغۇچىنىڭ بەدىئىي تالانتى قاتارلىق مۇ-
رەككەپ ئامىللارغا باغلىق، لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە هەل قىل-
غۇچ ئامىل يەنىلا تۇرمۇش. يازغۇچىنىڭ تىپىك ئوبراز يارىتىش-
غا تۈرتكە بولىدىغان مەنىۋى كۈچ سۈبيېكتىپ ئارزۇمۇ ياكى نە-
زەرىيەۋى ئوقۇممۇ؟ ياق. يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللى-
نىشىغا هەيدەكچى بولىدىغان نەرسە يەنىلا ئادەمنىڭ جانلىق

خاراكتېرى ۋە شۇ خاراكتېردىن پەيدا بولغان تەسىرلىك ۋەقە.
يازغۇچى ئادەتتە يەككە، كونكرېت، ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە
ئادەم ۋە ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەشتىن باشلاپ
تىپىك ئوبراز يارىتىش جەريانىغا ئۆتىدۇ، شۇڭا، تۇرمۇشتىكى ئا-
دەملەرنى بىر ـ بىرلەپ كۆزىتىش، بولۇپمۇ ئەسلىي پىروتوتىپىنى
(ئەۋرىشكىنى) قايتا ـ قايتا ئۆگىنىش، ئۇنىڭ ئۆزگىچە خاراكتې-
رىنى ئىگىلەش ئىنتايىن مۇھىم. بۇ تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى
يارىتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. لېف. تولستوي ئېنىق قىلىپ: «مەن
كۆپ چاغلاردا ھەقىقىي ئىش، ھەقىقىي ئادەملەرنى يازىمەن، مەن
ئاساس قىلغان ئادەملىرىمنى تېخىمۇ ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلىش
ئۈچۈن دەسلەپكى قول يازمىلىرىمدا ئۇلارنىڭ ئىسمىم ـ فامىلى-
لىرىنىمۇ ئەينەن يازىمەن، سۆزلىمەكچى بولغان ھېكايىلىرىم تۈ-
گىگەندىن كېيىن ئاندىن ئىسىم ـ فامىلىسىنى ئۆزگەرتىمەن.»
دېگەنىدى. «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» رومانىدىكى ناتاشا ئوبرازى،
«ئاننا ـ كارىنىنا» دىكى لېۋىن ئوبرازى ھەقىقىي ئادەم ئاساسىدا
يېزىلغان. لۇشۈن: «مېنىڭ ئەسىرىمدىكى پېرسوناژلار ئومۇمەن
قۇراشتۇرۇلغان» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىجادىيەت جەريانىدا
ئەسلىي پىروتوتىپنى (ئەۋرىشكىنى) بايقاش ۋە تاللاشنى قولدىن
بەرمىگەن. ئۇنىڭ «سەۋدايى خاتىرىسى» ناملىق ھېكايىسىدىكى
سەۋدايىنىڭ ئەسلىي پىروتوتىپى نېرۋا كېسەللىكە گىرىپتار بولۇپ
قالغان بىر نەۋرە ئىنىسى. «يۇرتۇم» ھېكايىسىدىكى رونتۇنىڭ
ئەسلىي پىروتوتىپى لۇشۈننىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى دوستى جاڭ
رۇنشۇ. لۇشۈننىڭ كۆپ ساندىكى ھېكايىلىرىنىڭ ئەسلىي پىرو-
توتىپى بولغان. دېمەك، يازغۇچى ئەمەلىي تۇرمۇشتىن ئۆزى بىۋا-
ستە تەسىرلەنگەن پىروتوتىپنىڭ ئالاھىدە خاراكتېرىنى، شۇ
خاراكتېر بىلەن ئوخشاش بولغان باشقا ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىنى
پۇختا ئىگىلەپ باي تۇرمۇش ماتېرىياللىرىغا ئىگە بولغاندىلا، ياز-
غۇچى ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقىنى جارى قىلىپ،

پېرسوناژ خاراكتېرىگە نىسبەتەن ناچىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، ياخ-شىسىنى ئېلىۋېلىش، ساختىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، چىنىنى ساقلاپ قېلىش، ئۇنىڭدىن بۇنىڭغا ئۆتۈش، تاشقىرىدىن ئىچىگە ئۆتۈشتەك يېڭىباشتىن ئىشلەپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. شۇنداق قىلغاندا، تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ يارقىن، تېخىمۇ يىغىنچاق، تېخىمۇ غايىۋى تىپىك ئوبرازلارنى يارىتقىلى بولىدۇ. تۆۋەنگە چۈشمەي، رېئال تۇرمۇشنى كۆرمەي تۇرۇپ، تىپىك پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىش مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا، يازغۇچىلار يولداش ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغاندەك «بىردىنبىر ئەڭ كەڭ، ئەڭ باي مەنبەگە بېرىپ بارلىق كىشىلەرنى، بارلىق سىنىپلارنى، بارلىق ئاممىنى، بارلىق جانلىق تۇرمۇش ۋە كۈرەش شەكىللىرىنى، بارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت خام ماتېرىياللىرىنى كۆزىتىش، ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەھلىل قىلىش لازىم.»

بۇ تىپىك پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىشنىڭ داغدام يولى.

# تارىخىي دراما ئىجادىيىتىدىكى بىرقانچە مەسىلە

— «رابىيە — سەئىدىن» درامىلىرىغا باھا

يېقىندىن بۇيان ئەدەبىياتىمىزدا ھەر خىل تېمىلاردا يېزىلغان تارىخىي درامىلار ئارقا — ئارقىدىن بارلىققا كەلدى. بۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان بىر ئىش، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات — سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى. لېكىن تارىخىي درامىلار (ئوپېرالار) ئىجادىيىتىدە مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئايرىم مەسىلىلەرمۇ ساقلانماقتا. مەن «رابىيە — سەئىدىن» ئوپېرالىرىنى نۇقتا قىلغان ھالدا تارىخىي درامىلار ئىجادىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆز كۆزقارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

«رابىيە — سەئىدىن» ناملىق ئەسەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا بىرىنچى قېتىم داستان شەكلىدە تالانتلىق رېئالىست شائىر ئابدۇرەھىم نىزارى نامى بىلەن ئورۇن ئالدى. شائىر بۇ داستاننى 1835 — يىلى يازغان بولۇپ، ئۇ شائىرنىڭ 12 چوڭ — كىچىك داستانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 40 مىڭ مىسرالىق «مۇھەببەت داستانلىرى» ئىچىدە رېئالىزم ئاساسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، دەۋر روھىنىڭ يارقىنلىقى، مىللىي پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. داستاندىكى ۋەقەلىك ۋە پېرسوناژلار خىيالىي ئەمەس، ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسى قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق پەيزىۋات ناھىيەسىدىكى بايتوقاي يېزىسىدا يۈز بەرگەن. شائىر بۇ داستاننى يېزىشتىن بۇ-

رۇن رابىيە ـ سەئىدىن پاجىئەسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ۋەقەنىڭ پۈتۈن جەريانىنى بىۋاستە ئىگىلىگەن.

شائىر مۇھەببەت پاجىئەسىدىن ئىبارەت بۇ رېئال ۋەقەنى رابىيە بىلەن سەئىدىن ئوبرازىدا تېخىمۇ تېپىكلەشتۈرۈپ، شۇ تارىخىي دەۋردىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى، ئەينى قىياپىتىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ رېئالىزملىق ئەنئەنىسىنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچقا كۆتۈردى. بۇ داستاننى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ شانلىق نەمۇنىسى دېيىشكە بولىدۇ.

داستاننىڭ ئاساسىي سۇژىتى مۇنداق: رابىيە بىلەن سەئىدىن ھەر ئىككىسى پەيزىۋات ناھىيەسىنىڭ بايتوقاي يېزىسىدىن بولۇپ، يامانيار ئۆستىڭىنىڭ بويىدا ئۆسكەن. ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن سىردىشىپ، ئۇلپەتلىشىپ، ئۆمۈرلۈك بىللە بولۇشنى ۋەدىلەشكەن. لېكىن رابىيەنىڭ دادىسى مال ـ دۇنياغا قىزىقىپ، رابىيەنى سەئىدىنگە بېرىشتىن باش تارتىپ، يۇرتىنىڭ ئابرۇيلۇقراق بىر كىشىسىگە بەرمەكچى بولىدۇ. رابىيە بىلەن سەئىدىن ئۆز مەقسىتىگە يېتىش يولىدا بىر مۇنچە ئاماللارنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قىزنىڭ ئاتىسىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا ئۆز ئارزۇلىرىغا يېتىشتىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇندىن كېيىن، سەئىدىن مەجنۇنلۇق يولىغا كىرىپ، مازارمۇ مازار يىغلاپ يۈرۈپ ئەڭ ئاخىردا قەشقەردىكى «ھەزرىتى ئاپپاق» دەپ ئاتالغان خوجا ھىدايىتىللا ئىشاننىڭ مازىرىغا بېرىپ يىغلاپ يۈرۈپ ئاغرىپ قالىدۇ. شۇ ئاغرىقتا قەلبىدە رابىيەنىڭ پىكرى، تىلىدا رابىيەنىڭ زىكرى بولغان ھالدا ياش ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ.

ئۆز مەشۇقىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزاتقان رابىيە قىش پەسلىنىڭ مۇدھىش سوغۇقلىرى بىلەن مۇزلاپ كەتكەن يامانيار دەرياسىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە ئۆزىنى ئېتىپ دۇنيادىن كۆز يۇمىدۇ. رابىيەنىڭ

ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى مۇزلارنى چاناپ، چوقۇپ باقسىمۇ، رابىيەنىڭ ئۆلۈكىنى تاپالمايدۇ. قىش پەسلى تۈگەپ، مۇز ئېرىگەندىن كېيىن مەرھۇمە رابىيەنىڭ تېنى بىر لاي ـ لاتقىدىن تېپىلىدۇ. بۇ چاغدا بايتوقاي يۇرتىنىڭ خەلقلىرى بىرلىشىپ «تىرىك ۋاقتىدا مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتەلمىدى، ئۆلگەندىن كېيىن بولسىمۇ بىللە بولسۇن» دېيىشىپ رابىيەنى سەئىدىن دەپنە قىلىنغان قەبرىگە دەپنە قىلىدۇ.

شائىر نىزارىنىڭ بۇ ئەسەرنى يازغان ۋاقتى مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق يەرلىك ئەمەلدارى زوھورىدىن بەگ زامانىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇيغۇر خەلقى مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ۋە يەرلىك بەگ ـ ھاكىملارنىڭ قاتمۇ قات زۇلمى ئاستىدا ئېغىر كۈلپەت ئىچىدە ياشايتتى. ھەر تۈرلۈك ئالۋان ـ ياساقلار، ھاشارلار كۆپەيگەن ئىدى. قەشقەر شەھىرىنىڭ تاشقى سېپىلىمۇ شۇ چاغدا سوقۇلغان ئىدى.

سىنىپىي جەمئىيەتتە ھۆكۈمران سىنىپ ئىدىيەسى ھامان ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە يەرلىك بەگ ـ ھاكىملار فېئوداللىق تۈزۈمنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، فېئوداللىق ئىدىيە ۋە خىلمۇ خىل قائىدە ـ يوسۇنلار بىلەن خەلق ئەممىسىنى زەھەرلەپ، ئادالەتنى، ھەقىقەتنى بوغقان ئىدى.

شائىر «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىدا فېئوداللىق زۇلۇم ۋە فېئوداللىق ئاسارەتنى پاش قىلغاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتنى ئىككى ئەمگەكچى ئائىلىسىگە مەركەزلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەيدۇ. ئىككى ياشنىڭ تەقدىرى ئارقىلىق بىر پۈتۈن جەمئىيەتنى پاش قىلىدۇ. «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىنىڭ «غېرىب ـ سەنەم»، «پەرھاد ـ شېرىن»، «تاھىر ـ زۆھرە» قاتارلىق داستانلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئۆزگىچىلىكى ئەنە شۇ يەردە. بۇ ئۇيغۇر كىلاسسىك پوئېزىيەسىنىڭ رېئالىزملىق ئەنئەنىسىنىڭ

تېخىمۇ كەڭلىككە، چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقى-نىڭ مۇھىم بەلگىسى، شۇنداقلا شائىرنىڭ خەلقپەرۋەر مەيدانىنىڭ روشەن نامايەندىسى ئىدى.

شائىر رابىيە بىلەن سەئىدىنىنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىدىن ئى-بارەت تىپىك ۋەقە ئارقىلىق، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ فېئوداللىق جەم-ئىيەتتىكى پاجىئەلىك تەقدىرىنى، فېئوداللىق جەمئىيەتكە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى، «رەھىمسىز گەردۇن» دىن قۇتۇلۇش ئارزۇ - ئۈمىدىنى ئەكس ئەتتۇردى، بۇ — داستاننىڭ توپ ئىدىيەسى.

داستاننىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قوشقان ئەڭ قىممەتلىك تۆھ-پىسى شۇكى، داستاندا ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ئىنتايىن تۆۋەن بولغان جەمئىيەتتە، رابىيەنىڭ سەئىدىنگە بولغان چىن مۇھەببىتى، دادىسى رابىيەنى مەجبۇرلاپ ھەمدەمبەگكە بېرىشى، توي كۈنى رابىيەنىڭ ھەمدەمبەگنىڭ ئۆيىدىن قېچىشى، ئۇنىڭ تۇرلۇك پىتنە - ئىغۋالارغا باش ئەگمەسلىكى، ئاخىر سەئىدىن ئىشقىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىشى قاتارلىق تىپىك ۋەقەلەر ئارقى-لىق، رابىيەدىن ئىبارەت بۇ ئىجابىي قەھرىماننىڭ ئەركىن مۇ-ھەببەت يولىدا بايلىققا بېرىلمەيدىغان، جاھالەت ئالدىدا تىز پۈك-مەيدىغان، مۇھەببەتكە سادىق ئالىيجاناب پەزىلىتى مەدھىيەلى-نىپ، رابىيەنىڭ خاراكتېرى شۇ دەۋر شارائىتىدا مۇمكىن بولى-دىغان يۇكسەك دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا بىر ئايال قەھرىماننىڭ تىپىك ئوبرازى يارىتىلغان. رابىيە ئوبرا-زىنىڭ ئۇتۇقلۇق يارىتىلىشى كېيىنكى ۋاقىتلاردا نۇزۇگۇم قاتار-لىق رېئال قەھرىمانلار ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشىغا ياخشى ئاساس سالدى.

«رابىيە - سەئىدىن» داستانى مەيدانغا چىقىپ 110 يىل ئۆت-كەندىن كېيىن (1946 - يىلى)، شائىر ئەھمەد زىيائى ئابدۇرەھىم نىزارىنىڭ بۇ داستانىنىڭ توپ ئىدىيەسىگە، ئەسەردىكى ئاساسىي قەھرىمانلار ۋە ئاساسىي سۇژېت لىنىيەسىگە سادىق بولۇپ، ئەينى

تارىخىي دەۋرنىڭ ماھىيىتىنى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، شۇ دەۋردە مەيدانغا چىقىشى مۇمكىن بولغان پېرسوناژ ۋە سۇژېتلارنى قوشۇپ، تارىخىي چىنلىقنى قايتا نامايان قىلىپ، «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىنى ئوپېرا سۈپىتىدە ئۇيغۇر تىياتىر سەھنىسىگە ئېلىپ چىقتى. مىللىي تۇرمۇش ئەكس ئەتكەن، مىللىي مۇزىكا بىلەن ئوينالغان بۇ ئوپېرا ئوپال سەھنىسىدىن قەشقەر شەھىرى سەھنىسىگە، قەشقەر سەھنىسىدىن ئۈرۈمچى سەھنىسىگە يۆتكىلىپ، جەمئىيەتتە ئاجايىپ كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. ئۇيغۇر تىياتىرىغا بىر يېڭىلىق ئېلىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ، «رابىيە ـ سەئىدىن» ئوپېراسى ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىدا ئەھمەد زىيائى نامى بىلەن ئورۇن ئالدى.

شائىر ئەھمەد زىيائى «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك سەھنىلەشتۈرگەن. شائىر داستان تەمىن ئەتكەن تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ چىنلىقىغا ھۆرمەت قىلغان. تارىخنىڭ ئەينى قىياپىتىنى، تارىخىي زىددىيەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى دەل، توغرا ئەكس ئەتتۈرگەن.

دراماتىك توقۇنۇش رابىيە بىلەن ئۇنىڭ دادىسى، سەئىدىن ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى بىلەن ھەمدەمبەگ ۋە ئۇنىڭ قولچوماقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ زىددىيەتلەرگە مەركەزلىشىدۇ. رابىيە بىلەن سەئىدىنىنىڭ ساپ مۇھەببىتى ئالدى بىلەن ھەمدەمبەگنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا رابىيەنى ئۈچىنچى خوتۇنلۇققا ئېلىشقا ئۇرۇنۇشى بىلەن ئېغىر زەربىگە ئۇچرايدۇ. رابىيەنىڭ دادىسى مال ـ مۈلۈك، ئابرۇيغا بېرىلىپ، ئۆز قىزىنى ھەمدەمبەگكە ئۈچىنچى خوتۇنلۇققا بېرىشكە رازى بولىدۇ. رابىيە، سەئىدىن ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرى ھەسەن ۋە زۆھرەلەر بايلارنىڭ زوراۋانلىقىغا، رابىيەنىڭ دادىسىنىڭ ئاچ كۆزلۈكىگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بارىدۇ. بۇ خىل مۇرەككەپ زىددىيەتلەر ئىچىدە رابى-

يەنىڭ دادىسىنىڭ ۋاپاسىزلىقى رابىيە بىلەن سەئىدىنىڭ پاجى-
ئەسىگە بىۋاسىتە سەۋەبچى بولىدۇ. مانا بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى تى-
پىك شارائىت ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئەينى قىياپىتى.
رابىيە بىلەن سەئىدىن ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يېتىش يولىدا
تۈرلۈك ئامال - چارىلەرنى ئىزدەيدۇ. سەئىدىن رەقىبى ھەمدەم-
بەگ بىلەن يۈزمۇ يۈز زاكۇنلىشىدۇ، ئېلىشىدۇ. رابىيە بولسا
دادىسىنىڭ رەھىمسىزلىكى، نادانلىقى بىلەن كۈرەش قىلىپ ئا-
خىر توي كۈنى دوستلىرى ھەسەن ۋە زۆھرەلەرنىڭ ياردىمى بىلەن
قاچىدۇ. بۇ فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە بولغان قارشىلىق ئىدى.
لېكىن بۇ قارشىلىق شۇ تارىخىي شارائىتتا يۈز بېرىشى مۇمكىن
بولغان شەخسىي ئازادلىق يولىدىكى شەخسىي قارشىلىقتىن ئىبا-
رەت. بۇ ئىككى قەھرىمان ياشنىڭ شەخسىي قارشىلىقى، ئەركىن
مۇھەببىتىنىڭ ئىستىقبالى قانداق بولىدۇ؟ سەئىدىن چىن مۇ-
ھەببەت دەردىدە مازارلاردا سەرسان بولۇپ، نالە - پەرياد قىلىپ
ئاخىر ۋاپات بولىدۇ. رابىيەچۇ؟ سەئىدىنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپ،
لەنىتى زاماندىن شىكايەت ئوقۇپ، ئۆزىنى يامانيار دەرياسىغا
تاشلاپ ئۆلىدۇ. رابىيە بىلەن سەئىدىنىڭ دوست - يارلىرى،
ئاتا - ئانىلىرى قارىلىق تۇتۇپ يىغلاپ قالىدۇ. ئەسەر پاجىئە بى-
لەن تۈگەيدۇ. كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئۇن - تىنسىز ھالدا جاھا-
لەتلىك زامانغا نىسبەتەن چوڭقۇر ئۆچمەنلىك پەيدا بولىدۇ. رابىيە
بىلەن سەئىدىنىڭ روھى كىشىلەر قەلبىدە ياشايدۇ.
شائىر ئەينى تارىخىي شارائىتتىكى ھەر خىل شەخسلەرنىڭ
ئوبرازىنى ياراتقاندا، داستان تەمىن ئەتكەن ئېپىزوتلار (ۋەقەلىك-
لەر) ئاساسىدا، تارىخىي دەۋرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ۋە پېرسو-
ناژلارنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان تىپىك، تە-
سىرلىك ئېپىزوتلارنى تاللاپ ئالغان.
سەئىدىن مۇھەببەت ئىشقىدا ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يېتەلمىگەن-
دىن كېيىن تەركىدۇنيا بولۇپ، ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ تاملىرى-

نى قوچاقلاپ تۇرۇپ:

ئېزىلگەن بىر غېرىب بىچارەدۇرمەن،
مۇھەببەت دەشتىدە ئاۋارەدۇرمەن.

گۈزەل يار ئىشقىدا مەن زارى ھەيران،
نەچچە يىل يىغلىدىم ياش ئورنىدا قان.

دەپ ناخشا ئېيتقان كۆرۈنۈش تولىمۇ تەسىرلىك، كىشىنىڭ قەل-
بىنى ھاياجانغا سالىدۇ.

ئوپېراغا كىرگۈزۈلگەن ناخشىلارمۇ (شائىرنىڭ لىرىكىسى) قەھرىمانلارنىڭ مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتىكى ئىدىيەۋى ھالى-
تىگە، قەھرىمان دۇچ كەلگەن كونكرېت زىددىيەتكە تولىمۇ ماس
كېلىدۇ.

رابىيەنىڭ «ئانارخان» ئاھاڭىغا سېلىنغان ئالەمدىن ۋىدالىشىش ناخشىسىنى ئاڭلاپ كۆرەيلى:

ئاھ ئىست، ئاھ ئىست ئۆلمىش ۋاپادارىم دەرىخ،
ھەزرىتى ئاپپاقتا جان بەرمىش غېرىب يارىم دەرىخ.

جان بېرەر ۋاقتىڭدا كىم يۆلىگەندۇ باشىڭنى سېنىڭ،
كىم تېمىتقاندۇر سۇنى ئاغزىڭغا دىلدارىم دەرىخ.

كىم سېنىڭ يانىڭدا بولغاي چىققاندا پاك روھىڭ سېنىڭ،
ئاھىكىم بولدۇڭ ئەجەب، ئى ئاشىقى زارىم دەرىخ.

شائىر داستان تەمىن ئەتكەن تارىخىي ماتېرىيال ئاساسىدا ئەي-
نى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتنىڭ تىپىك خۇسۇسىيىتىنى،

پېرسوناژلارنىڭ ئەينى تارىخىي شارائىتتىكى ئىدىيەۋى ھېسسىيا-تىنى، خاراكتېرىنى توغرا ئىگىلىگەن. بەدىئىي توقۇلما ئارقىلىق ئوپېراغا كىرگۈزۈلگەن ۋەقەلەر، لىرىك ھېسسىياتلار ئاساسىي قەھرىمانلار خاراكتېرىنىڭ تەرەققىيات مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن كەل-گەن. يېڭىدىن قوشۇلغان پېرسوناژلار ۋە ۋەقەلىكلەرمۇ شۇ تارى-خىي شارائىتتا پەيدا بولۇشى مۇمكىن بولىدىغان پېرسوناژلار، ۋە-قەلەر بولۇپ، تارىخنىڭ ئەينى قىياپىتىنى، پېرسوناژلارنىڭ تى-پىك شارائىتىنى ۋە خاراكتېرىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. دېمەك، تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن. شۇڭا ئەسەردىكى ۋەقەلىكلەر تەبىئىي، پېرسوناژلار ئىشەنچلىك ۋە تەسىرلىك بولۇپ چىققان. شائىرنىڭ «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىنى سەھنىلەشتۈرۈشتىكى مۇددىئاسىمۇ ئېنىق. شائىر ئەسەرنىڭ كىرىش سۆزىدىلا بۇ ئە-سەرنى يېزىشتىكى مەقسەت «ئۇيغۇرلار تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن بۇ ۋەقەنى ئۇيغۇر مىللىي نەپىس سەنئىتىگە ئايلاندۇرۇپ خەلق ئام-مىسىغا تەقدىم قىلىش» دېگەن ئىدى.

شائىر نىزارى داستانىنىڭ توپ ئىدىيەسىگە سادىق بولۇپ، رابىيە بىلەن سەئىدىننىڭ پاجىئەسى ئارقىلىق زۇلۇم ـ جاھالەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ، رابىيە بىلەن سەئىدىننىڭ زۇلمەت ئالدىدا تىز پۈكمەيدىغان، بىر ـ بىرىگە سادىق ئالىيجاناب خىس-لىتىنى مەدھىيەلەپ، كىشىلەرنى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قى-لىشقا ئۈندەيدۇ.

«رابىيە ـ سەئىدىن» ئوپېراسى مەيدانغا چىقىپ، ئارىدىن 30 نەچچە يىل ئۆتۈپ، ئېلىمىز سوتسىيالىزم شارائىتىدا تۆتنى زاما-نىۋىلاشتۇرۇشقا قەدەم قويغان بۈگۈنكى ئۇلۇغ تارىخىي دەۋردە، شائىر مۇھەممەتئېلى زۇنۇن بىلەن يازغۇچى سەمەت دۈگايلى «رابىيە ـ سەئىدىن» نى قايتا ئوپېرالاشتۇرۇپ سەھنىگە ئېلىپ چىقتى. قەشقەر ۋە ئۈرۈمچى سەھنىلىرىدە ئوينالغاندىن تاشقىرى،

ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان مىراسلىرىغا يېڭى روھ قوشۇش بەدىئىي ئىجادىيەتتە تېما دائىرىسىنى كېڭەيتىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. بۇ جەھەتتە ئىككى ئاپتور پايدىلىق ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ باردى.

بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ھەر ئىككى ئاپتور ئەسەردىكى قەھرىمانلارنى تېخىمۇ كەڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە قويۇپ، قەھرىمانلارنى ئىككى سىنىپ ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي كۈرەش ئىچىدە گەۋدىلەندۈرۈشكە، رابىيە ـ سەئىدىن ئوبرازىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە، خەلق كۈچىنى ئالاھىدە كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. مۇھەممەتئېلى زۇنۇن سەئىدىننى مەنچىڭ ئەمەلدارى زۇڭ دارىن ۋە يەرلىك بايلار ھەمدە ئۇنىڭ قولچوماقلىرى بىلەن بولغان كۈرەشتە قۇربان بولغان قىلىپ كۆرسەتسە، سەمەت دۆگايلى سەئىدىننى ھاشار جەريانىدا زۇلۇمغا قارشى قوزغالغان غەليان (ئىسيان) دا زەخىملىنىپ قۇربان بولغان قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

مۇھەممەتئېلى زۇنۇن رابىيە ـ سەئىدىننىڭ روھىي دۇنياسىنى ئېچىشقا دىققەت قىلىپ، ئۇلارنى ئۇلۇغلاردىن تەلىم ئالغان بارلىق ئېسىل پەزىلەتنىڭ ئىگىسى، ھۈنەر ـ كەسىپنىڭ ماھىرى قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشسا، سەمەت دۆگايلى قەھرىمانلارنى توغرىدىن ـ توغرا دىراماتىك توقۇنۇشلار ئىچىدە گەۋدىلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىپ، ئۇلارنى شەخسىي مۇھەببەتتىكى ئەركىنلىكنى فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرگەن غايىۋى قەھرىمان قىلىشقا تىرىشىدۇ.

ئەسەر تىلىنىڭ ئاممىبابلىقى، شېئىرلارنىڭ ئوبرازلىقلىقى، دىراماتىك قۇرۇلۇشنىڭ ئىخچاملىقى قاتارلىق بەدىئىي ماھارەت جەھەتتە بۇ ئىككى ئاپتوردا روشەن پەرقلەرمۇ بار، ئەلۋەتتە.

لېكىن، بۇ ئىككى ئەسەرگە كەڭ تاماشىبىن، كىتابخانلار «ئە-

سەردىكى پېرسوناژ، ۋەقەلەر سۈنئىي»، «ئەسەر تېخى خام»، «بەدد-ئىي تەسىرچانلىقى ئاجىز»، «قەھرىمانلار غايىۋىلەشتۈرۈلگەن» دەپ باھا بەرمەكتە، بۇ ھەقىقەتەن توغرا بېرىلگەن باھا.

بۇ ئىككى ئەسەردىكى ئاجىزلىق ئىككى مەسىلىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

بىرى، ھەر ئىككى ئاپتور ئابدۇرەھىم نىزارىنىڭ «رابىيە - سەئىدىن» داستانىدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن تارىخىي چىنلىققا ھۆرمەت قىلمىغان، تارىخىي ۋەقە بىلەن پېرسوناژ خاراكتېرى بىر - بىرىگە ماس كەلمەيدۇ. ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن ۋەقە ۋە پېرسوناژ (بەدىئىي توقۇلما) تارىخىي چىنلىققا، پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ بەدىئىي تەرەققىيات مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس.

سەئىدىن 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان ئاددىي ئەمگەك-چىنىڭ پەرزەنتى، ئۇ ئەركىن مۇھەببەت يولىدا جاھالەت كۈچلىرى بىلەن كۈرەش قىلىدۇ، توي كۈنى رابىيەنى ئېلىپ قاچىدۇ، لېكىن شۇ ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتا ئۇنىڭ خاراكتېرى ئىسيان كۆ-تۈرۈپ، مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە يەرلىك فېئوداللار بىلەن رەس-مىي ئېلىشىش دەرىجىسىگە يېتىپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس، سەمەت دۇگايلى ئوپېراسىدا، سەئىدىن دوستى ھەسەن بىلەن ھا-شاردىن قېچىپ كېلىپ، ئۇسسۇزلۇقتىن بىر ئوچۇم قارنى ئاغىز-غا سېلىپلا ئۆلىدۇ. مۇھەممەتئېلى زۇنۇن ئوپېراسىدا، سەئىدىن تۈرمىدىن چىقىپ ھەمدەمبەگ ۋە ئۇلارنىڭ قولچوماقلىرى بىلەن بولغان «گىرەلەشمە جەڭ» دە قۇربان بولىدۇ. ۋەقە خىيالىي بول-غانلىقى ئۈچۈن، ئىككى ئاپتور قەھرىمانىنىڭ مۇشۇ جىددىي ۋەقە-دىكى خاراكتېرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئامالسىز قالىدۇ، كىت-تابخانلارمۇ تاسادىپىيلىق، سۈنئىيلىك ھېس قىلىدۇ.

رابىيەنىڭ دادىسى ياقۇپباي ئەسلىدە ئەمگەكچى، لېكىن بايلىق-قا بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، رابىيەنى سەئىدىنگە بېرىشكە ئۇنىمايدۇ، رابىيە دادىسى بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىدۇ، بۇ تارىخنىڭ ئەس-

لمي قىياپىتىنى، پېرسوناژنىڭ تىپىك شارائىتتىنى گەۋدىلەندۈ-
رىدىغان تىپىك سۈژىت ئىدى، لېكىن ھەر ئىككى ئاپتور بۇ سۇ-
ژىتقا سەل قارايدۇ، ئەينى تارىخىي شارائىتتىكى مۇرەككەپ زىد-
دىيەتنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، ئۇنى پەقەت ئىككى سىنىپ ئوتتۇرىسى-
دىكى زىددىيەتكە ئۆزگەرتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن رابىيە تىپىك شارا-
ئىتتىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئوبرازى جانسىز، تۇتۇق نەر-
سىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

قەھرىمانلارنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتىمۇ ئەينى تارىخىي شارا-
ئىتتىن ھالقىپ كەتكەن. مۇھەممەتئېلى زۇنۇننىڭ ئەسىرىدە
رابىيە ئالەمدىن ۋىدالىشىدىغان چاغدا مۇنداق دەپ ناخشا
ئېيتىدۇ:

قۇرۇپ كەت، ئەي جاھالەتلىك قارا ئەلەم - قارا ئەلەم،
قۇرۇپ كەت، ئەي قارا ئالەم!
قۇرۇپ كەت، ئەرك - ئادالەتسىز بىنومۇس - بىھايا ئالەم!
قۇرۇپ كەت بىھايا ئالەم!

مۇھەببەت ئەركىنى سۆيگەنگە، قەپەسسەن خۇددى زىندانسەن،
سېنىڭ قوينىڭدا دەرد - ماتەم.
تۇمەن مىليونلىغان ئاپەت - بالا ئالەم، ۋابا ئالەم،
يوقال ئاپەت، ۋابا ئالەم.

ئەمدى سەمەت دۇگايلىنىڭ ئەسىرىدە مۇنداق دەپ ناخشا
ئېيتىدۇ:

زامان ماڭا خۇشاللىقنى رەقىب ئەتتى،
ئەي ئۇلۇغ سۇ مېنى بىللە ئېلىپ كەتكىن.
بەگنىڭ زۇلمى ئارام بەرمەي تەقىب ئەتتى،
ئەي ئۇلۇغ سۇ مېنى بىللە ئېلىپ كەتكىن.

ئېلىپ كەتكىن زالىم بەگلەر سۆزەلمىسۇن،
ئېلىپ كەتكىن، ئۇلار چۇشۇپ ئۆزەلمىسۇن.
ئېلىپ كەتكىن، جەسىتىمنى ئىزدەلمىسۇن،
ئەي ئۇلۇغ سۇ مېنى بىللە ئېلىپ كەتكىن.

روشەنكى، ھەر ئىككى ئەسەردە تارىخىي چىنلىق بىلەن بەدىئىي چىنلىقنىڭ مۇناسىۋىتى توغرا بىر تەرەپ قىلىنمىغان.

تارىخىي ئوپېرا تارىخ ئەمەس، بەدىئىي ئەسەر بولۇپ، دىراما تۈرلىرىنىڭ بىرى، ئۇ بارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە بولىدىغان تۈپ خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، ئۇ جەزمەن تارىخىي چىنلىق ۋە بەدىئىي چىنلىق ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن بولۇشى كېرەك. تارىخىي چىنلىق تارىخنىڭ ئەينى قىياپىتىنى، تارىخىي زىددىيەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىش دېگەنلىك بولۇپ، تارىخىي دىراما يېزىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى. بەدىئىي چىنلىق تەسەۋۋۇر، مۇبالىغە قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق، تىپىك ئوبراز ئىچىدە تارىخىي چىنلىقنى قايتا نامايان قىلىشتىن ئىبارەت. تارىخىي دىراما بولىدىكەن، ئۇ ھامان تارىخىي چىنلىقنى ئاساس قىلىدۇ، شۇڭا، بۇنداق ئەسەرلەردە ئالدى بىلەن تارىخىي چىنلىققا ھۆرمەت قىلىش لازىم. تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا بەدىئىي توقۇلما قىلغاندا، قەدىمكىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئىچىگە كىرىپ، شۇ تارىخىي دەۋردە پەيدا بولۇشى مۇمكىن بولغان ۋەقە ۋە پېرسوناژلارنى تىپىكلەشتۈرۈش لازىم. ئەسەردە يېزىلغان ۋەقە ۋە پېرسوناژلار بۈگۈنكى رېئاللىقنىڭ ئەمەس، بەلكى مۇئەييەن، كونكرېت، تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇشى، توقۇلغان ۋەقەلەر، يازغۇچىنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتى ئەسەردىكى پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىگە ئۇيغۇن بولۇشى، مەجبۇرىي تېڭىلماسلىقى، زامانىۋىلاشتۇرۇلماسلىقى كېرەك. ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋردە پەيدا بولغان ئىشنى يىغىنچاقلاپ، بىرەر تارىخىي شەخسنىڭ ئۈستىگە

جەملەپ قويۇشقا، مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا پەيدا بولۇشى مۇم-كىن بولمىغان ئاساسسىز ۋەقە ۋە پېرسوناژلارنى زورمۇ زور قو-شۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. تارىخىي ماتېرىيالىزم كۆزقارىشىدا تۇ-رۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، تارىخىي چىنلىق ئاسا-سىدا بەدىئىي توقۇلما ئارقىلىق، ئەسەرنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، تارىخىي چىنلىق بىلەن بەدىئىي چىنلىقنىڭ بىردەكلىكىنى ئە-مەلگە ئاشۇرۇش لازىم. ئېنگېلس ئوتتۇرىغا قويغان «تىپىك شارا-ئىتتىكى تىپىك خاراكتېرنى يارىتىش» تارىخىي دراممىلارغىمۇ ئۇيغۇن.

بۇ ئىككى ئاپتورنىڭ ئوپېراسىدىكى يەنە بىر ئاجىزلىق شۇكى، ئۇلار بۇ تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرنى قانداق قىلىپ بۈگۈنكى دەۋر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلمى-غان.

تارىخىي دراممىلارنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى ئىجتىمائىي ئۈنۈمى-نى ئويلىماي بولمايدۇ، تارىخىي دراممىلارنى يېزىشتىمۇ «قەدىمـ-كىنى بۈگۈنكى دەۋر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش لازىم.

ئابدۇرەھىم نىزارى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن يازغۇچى بولغانلىقى ئۈچۈن، تارىخىي چەكلىمە تۈپەيلىدىن ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىنىڭ سىنىپىي مەنبەسىنى ئېچىپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن مەرىپەتپەرۋەرلىك مەيدانىدا تۇرۇپ، «ۋاپاسىز جاھاننىڭ بەرىدىن كېچەي» دەپ كىشىلەردە فېئوداللىق تۈزۈمگە نىسبەتەن گۇمان پەيدا قىلغان ئىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا ئەھمەد زىيائى دېموكراتىك مەيداندا تۇرۇپ، رابىيە ـ سەئىدىن پاجىئەسى ئارقىلىق، ئەكسى-يەتچى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ قانلىق زۇلمىغا كۈچلۈك زەربە بەردى.

بۈگۈنكى كۈندە «رابىيە ـ سەئىدىن» ئوپېراسىنى قانداق قى-

لىپ بۇگۇنكى دەۋر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك؟ مېنىڭ-
چە، «رابىيە ـ سەئىدىن» ئوپېراسى ئارقىلىق، خەلق ئاممىسىغا
فېئودالىلىق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىغا داۋاملىق قارشى تۇ-
رۇش تەربىيەسى، ئىجتىمائىي ئەخلاق تەربىيەسى بەرگىلى بولى-
دۇ. بۇ ئىككى ئەسەر خەلق ئاممىسىغا نىسبەتەن ئۆتمۈشنى تونۇ-
تۇش، ئەسلىتىش رولىنى ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن مەنىۋى جە-
ھەتتىن كىشىلەردە ئورتاق ھېسسىيات قوزغىتالمىدى، تارىخىي
درامىلارنى بۈگۈنكى دەۋر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلى-
سىدە ئاتاقلىق يازغۇچى ماۋدۇن: «تارىخىي زىددىيەتنىڭ ماھىيى-
تىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، تارىخنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى چىنلىق
بىلەن نامايان قىلىشنىڭ ئۆزى قەدىمكىنى بۈگۈنكى دەۋر ئۈچۈن
ئەڭ ياخشى خىزمەت قىلدۇرغانلىق.» دېگەن ئىدى («تارىخ ۋە تارى-
خىي دراما توغرىسىدا»، خەنزۇچە نەشرى، 130 ـ بەت).

بۈگۈنكى كۈندە يېزىلغان ئىككى ياش يازغۇچىنىڭ ئوپېرالى-
رىدا ئەينى دەۋردىكى تارىخىي زىددىيەتلەرنىڭ ماھىيەتلىك تەرى-
پى، تارىخىي تۇرمۇشنىڭ ئەسلىي قىياپىتى تولۇق گەۋدىلەنمى-
گەنلىكى، رابىيە بىلەن سەئىدىندىن ئىبارەت تارىخىي شەخسلەر-
نىڭ جاھالەت ئالدىدا تىز پۈكمەيدىغان، بايلىق ۋە نام ـ شۆھرەتكە
بېرىلمەيدىغان، بىر ـ بىرىگە سادىق بولغان قەھرىمانلىق پەزىلى-
تى، گۈزەل روھىي دۇنياسى تولۇق ئېچىلمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ
ئىككى ئەسەر «قەدىمكىنى بۈگۈنكى دەۋر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇ-
رۇش» رولىنى تازا جارى قىلالمىدى، بۇ جەھەتتىكى تەجرىبە ـ
ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەشكە توغرا كېلىدۇ.

تارىخىي دراما ــ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ
تەشكىلىي قىسمى، تارىخىي تېما يازغۇچىلار قانچە يازسا تۈگىمەي-
دىغان پايانسىز دېڭىز. يولداش خۇ ياۋباڭ «سەھنە ئەسەرلىرى ئى-
جادىيىتى سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» تا مۇنداق دېگەن
ئىدى: «بىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق قەدىمىي تارىخىمىز بار. ئەم-

گەكچى خەلقنىڭ كۆرەشلىرىگە ئائىت نۇرغۇنلىغان ھېكايە-رىۋايەتلەر بار، نۇرغۇنلىغان زور تارىخىي ئۆزگىرىشلەر، زور ئىسلاھاتلار، نۇرغۇنلىغان قەھرىمان شەخسلەر، نۇرغۇنلىغان مۇتەپەككۇرلار، سىياسىيونلار، ھەربىيشۇناسلار، تارىخشۇناسلار، ئالىملار، ئەدىب-سەنئەتكارلار ئۆتكەن، ئەنە شۇ ئەربابلار مۇئەييەن تارىخىي رول ئوينىغان، بىز ئۇلارغا مۇئەييەن تارىخىي باھا بېرىپ، شۇ ئارقىلىق ئىدىيەمىزگە ئىلھام بېرىپ، تارىخىي تەجرىبىلەرنى بېيىتىشىمىز لازىم.»

يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تارىخىي تېمىلارنى يېزىش ئەمدى باشلاندى. تارىخىي دىراما ئىجادىيىتىنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، تارىخىي چىنلىق بىلەن سەنئەت چىنلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى، تارىخىي دىرامىلارنى قانداق قىلىپ بۈگۈنكى دەۋر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى نەزەرىيە ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەھەتتىن چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. مەنمۇ تارىخنى ئەسلەپ بۈگۈنكىگە نەزەر سېلىش روھى بويىچە بەزى پىشمىغان پىكىرلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. يولداشلارنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# دەۋر روھىنىڭ جاراڭلىق ناخشىسى

(زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانى توغرىسىدا)

ئەدەبىي ئەسەردە دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۇرۇش رېئالىزمنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان تۇپ تەلىپىنىڭ بىرى، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى قىممىتى ۋە بەدىئىي قىممىتىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل. ئەدەبىي ئەسەردە دەۋر روھىنىڭ قانداق ئەكس ئەتتۇرۇلىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىش ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ سۇپىتىنى ئۆستۇرۇشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

مېنىڭچە «ئىزدىنىش» رومانىنىڭ مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ بىرى، ئۇنىڭ دەۋر روھىنىڭ جاراڭلىق ناخشىسى سۇپىتىدە، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر پىروزىسىدا يېڭى بىر بۆسۇش پەيدا قىلغانلىقىدىن ئىبارەت.

«ئىزدىنىش» رومانىنىڭ دەۋر روھىنىڭ جاراڭلىق ناخشىسى بولالىغانلىقى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، «ئىزدىنىش» رومانىدا ئاپتور دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيەمىز تارىخىدا سوتسىيالىزم قۇرۇش ئومۇميۈزلۈك باشلانغان ئون يىل، دەپ ئاتالغان تارىخىي باسقۇچتىكى رېئال تۇرمۇشنىڭ ئالاھىدە قىياپىتى، ئالاھىدە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر، ئالاھىدە ئىدىيەۋى ھېسسىياتلارنى تۇرمۇش گۈزەللىكى بويىچە ئەينەن تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ ئەگرى ـ توقايلىقلارغا دۇچ كەلگەن قايغۇ ـ ئەلەملىك كۈنلەردىمۇ ئىپادىلىگەن داۋاملىق ئالغا ئىنتىلىش روھىنى، قەيسەر ئىرادىسىنى مەدھىيەلەپ، شۇ ئالاھىدە تارىخىي باسقۇچتىكى رېئال تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى، دەۋرنىڭ تەرەققىيات يۈزلىـ

نىشىنى توغرا كۆرسىتىپ بەردى.

دەۋر روھى دېگەن بۇ ئۇقۇم كونكرېت، باي مەزمۇنغا ئىگە. دەۋر روھى دېگەندىكى «دەۋر» پەقەت ھازىرقى زامانغىلا قارىتىلغان ئەمەس، ئۇ ھەر قانداق دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دەۋر روھى دېگىنىمىزمۇ مەلۇم بىر تارىخىي دەۋرنىڭ بىرلا تەرىپىگە قارىتىلغان ئەمەس، بەلكى مەلۇم بىر تارىخىي دەۋرنىڭ تاشقى قىياپىتى (شارائىت، كەيپىيات قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بىلەن ئىچكى خۇسۇسىيىتى (ئىدىيەۋى ئاڭ، روھىي كەيپىيات، ئېستېتىك زوق ۋە ئېستېتىك غايە قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نىڭ ئەدەبىي ئەسەردىكى مەركەزلىك ئىپادىسى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، يېڭى دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەردىلا ئەمەس، تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەردىمۇ دەۋر روھى ئەكس ئېتىدۇ ۋە شۇنداق بولۇشى لازىم.

ئەدەبىيات دەۋر تۇرمۇشىنىڭ مەھسۇلى، ھەر قانداق ئەدەبىي ئەسەردە دەۋر روھى ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. بۇ يەردىكى ھالقىلىق مەسىلە تۇرمۇشنى چوڭقۇر تونۇش ۋە كۆزىتىش ئاساسىدا بىر پۈتۈن دەۋرنى شەكىللەندۈرگەن ھەربىر تارىخىي باسقۇچنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت.

«ئىزدىنىش» رومانىدا ئېلىمىزدە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئومۇميۈزلۈك باشلانغان تارىخىي باسقۇچنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ تارىخىي باسقۇچنىڭ ئالاھىدىلىكى خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقاندەك: «ئىشلىرىمىز ئومۇمەن ياخشى بولغان، ئاساسىي جەھەتتىن ساغلام راۋاجلانغان، لېكىن ئەگرى ـ توقايلىقلار بولغان، خاتالىق سادىر بولغان» يىللار ئىدى. بۇ تارىخىي باسقۇچتا ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ تۇرمۇشىغا، ئۆگىنىشىگە، شەخسىي مۇھەببىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان زىددىيەت پارتىيەمىزنىڭ 8 ـ قۇرۇلتىيىدا بەل-

گىلەنگەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى تەلىپىنى قاندۇرۇش فاڭجېنى بىلەن «سىنىپىي كۆرەشنى تۇتقا قىلىش» تىن ئىبارەت سولچىل پىكىر ئېقىمى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىدى. بۇ خىل زىددىيەت بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ، سولچىل پىكىر ئېقىمى داۋاملىق ئەۋج ئېلىۋاتقانىدى. «ئىزدىنىش» رومانىدىكى پېرسوناژلار ئەنە شۇنداق خۇشاللىق بىلەن قايغۇ - ئەلەم گىرەلىشىپ كەتكەن ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا خىلمۇخىل، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ ۋە ھەر خىل تەقدىرگە يولۇقىدۇ.

يازغۇچى زوردۇن سابىر «دولان ياشلىرى» ناملىق ھېكايىسىدە كەنجىنىڭ كىچىككىنە تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسى ئارقىلىق، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ياشلارنى مەنىۋى جەھەتتىن زەھەرلەپ، ئۇلارنى ئىنتايىن نادان، ھەتتا ئۆزىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىنىمۇ ئۇنتۇغان تىرىك بۇتقا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىنى پاش قىلىپ، ياشلارنى قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، «ئىزدىنىش» رومانىدا سوتسىيالىزم قۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك باشلانغان تارىخىي باسقۇچتىكى ئالاھىدە زىددىيەتنى ۋە بۇ زىددىيەت ئىچىدىكى ياشلارنىڭ ھايات تەقدىرىنى، ئوخشىمىغان خاراكتېرىنى يېزىپ، شۇ تارىخىي باسقۇچتىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەسلەپ ۋە تەھلىل قىلىپ، سولچىل ئىدىيەۋى ئېقىمنىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر پاش قىلىپ ۋە ئۇنىڭ كاساپىتىدىن پەيدا بولغان ئەگىر - توقايلىقلارغا خاتىمە بېرىپ، ئىلىم - پەننى ئىگىلەپ، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش يولىدا داۋاملىق ئىزدىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە مۇقەررەرلىكىنى ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا «ئىزدىنىش» رومانى دەۋر روھىنىڭ جاراڭلىق ناخشىسى بولۇپ، ھەر مىللەت ياشلىرى قەلبىدە ئاجايىپ تەسىرات قوزغىدى.

ئىككىنچى، ئاپتور «ئىزدىنىش» رومانىدا روشەن خاراكتېرگە ئىگە بىر قانچە پېرسوناژ ئوبرازىنى ئۈنۈملۈك يارىتىش ئارقىلىق دەۋر روھىنى روشەن گەۋدىلەندۈرگەن.

گوركىي: «تىپ بىر خىل دەۋر خاراكتېرلىك ھادىسە» دېگەنىدى. گوگولنىڭ «رېۋىزور» دىرامىسىدىكى خىرستاكوف چاررۇسىيە ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى ئالدامچىنىڭ تىپىك ئوبرازى، لېرمونتوف قەلىمى ئاستىدىكى پېچورىن فېئودال ئاقسۆڭەك زىيالىيلارنىڭ تىپىك ئوبرازى، تۇرگېنېۋ قەلىمى ئاستىدىكى بازاروف 19 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا رۇسىيەدىكى يانچىلىق تۈزۈم يىمىرىلىش ئالدىدا تۇرغان پەيتتىكى ئادەتتىكى زىيالىيلارنىڭ تىپىك ئوبرازى، گوركىي قەلىمى ئاستىدىكى پاۋىل ۋىلاسوف ۋە ئانا ئوبرازى ئاڭسىزلىقتىن ئاڭلىق ئىنقىلابچىغا ئايلانغان پرولېتارىياتنىڭ تىپىك ئوبرازى، ساۋشۆچىن قەلىمى ئاستىدىكى جياباۋيۈ ئوبرازى جۇڭگودىكى فېئوداللىق تۈزۈم زاۋاللىققا يۈز تۇتقان 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئىسيانكارنىڭ تىپىك ئوبرازى، مۇشۇنداق تىپىك ئوبرازلار يارىتىلغان ئەسەرلەر ئۆز دەۋرىنىڭ روشەن ئەينىكى سۈپىتىدە دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ كەلمەكتە. «ئىزدىنىش» رومانىدىكى پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ تىپىكلىك دەرىجىسىنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازى بىلەن تەڭ ئورۇندا قويغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن «ئىزدىنىش» رومانىدىكى ھەر خىل پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى، جانلىق خاراكتېرى ۋە ئۆزگىچە باي ئىجتىمائىي مەزمۇن ئارقىلىق، بىز سوتسىيالىزم قۇرۇش ئومۇميۈزلۈك باشلانغان تارىخىي باسقۇچنىڭ ئۆزگىچە قىياپىتىنى، بۇ باسقۇچتىكى پەۋقۇلئاددە زىددىيەتنى، شۇ تارىخىي باسقۇچنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. «ئىزدىنىش» رومانىدىكى ئەلا، ھاشىر، رەقىپ ئوبرازىدىن ئەنە شۇ پەۋقۇلئاددە تارىخىي باسقۇچنىڭ دەۋر روھى تولىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن.

كىچىككىدىنلا ئاتىسىدىن ئايرىلىپ، غۇربەتچىلىك ئىچىدە جا ـ پا ـ مۇشەققەتكە چىداملىق، جىگەرلىك، ئۆگىنىشكە ماھىر، ۋىجدانلىق بالا بولۇپ ئۆسكەن ئەلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى ۋە غايىسى قىلغانىدى. ئۇنىڭ بۇ غايىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئاسانغا چۈشمەيدۇ. ئەلا ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا ئەمدىلا تۇتۇش قىلغان چاغدا ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەشنى كېڭەيتىۋېتىشتىن پەيدا بولغان قارا قۇيۇننىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، «سىياسىي نىشاندىن ئاداشقان» دېگەن بەتنامغا قالىدۇ، ئۇستازلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىلىم كويىدا جاپالىق ئىزدىنىپ بەلگىلىك نەتىجە قازانغان چاغلاردىمۇ يېقىن دوستى ھاشىرنىڭ «سىياسىي ئىدىيەسى تۆۋەن» دېگەندەك خاتا باھاسىغا ئىگە بولىدۇ. زىيالىيلارغا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە سولچىل ئېغىشنىڭ بارغانسېرى ئەدەپ كېتىشى نەتىجىسىدە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىپ ئېغىر كۈنلەرگە قالىدۇ. پاك مۇھەببەتلىك، بەختلىك تۇرمۇشىمۇ قارا تۇمانغا يولۇقىدۇ. لېكىن ئەلانىڭ خاراكتېرىدىكى جاسارەت، قەتئىي ئىرادە ۋە ئۇستازلارنىڭ ياردىمى ئۇنى ئىلىم ـ پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە قاراپ مېڭىشقا يېتەكلەيدۇ، ئەلانىڭ ئوبرازى ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ئۈمىدى ۋە ئىستىقبالىنى كۆرسىتىپ، يېڭى دەۋرنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئوبرازىدا دەۋر روھى چاقناپ تۇرىدۇ.

ھاشىر ئوبرازى ھەقىقەتەن قىزىقارلىق ئوبراز. ئۇ مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە ئاتلانغاندا ئەلاغا ئوخشاشلا ئىرادىلىك، ھەممە نەرسىگە قىزىقىدىغان يىگىت ئىدى. لېكىن ئەنە شۇ پەۋقۇلئاددە تارىخىي شارائىتتا «سىنىپىي كۈرەش چىڭ تۇتۇلسا ھەممە ئىش يۈرۈشۈپ كېتىدۇ» دېگەن سولچىل پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە گېزىت ۋە سىياسىي كىتابلاردىن باشقىنى ئوقۇمايدىغان، گېزىت ـ ژۇرناللاردا نېمە دېسە شۇنى ھەقىقەت دەپ بىلىدىغان، يىراقنى كۆرەلمەيدىغان، تۇرمۇشتىكى يېڭىلىققا، ئىلىم ـ پەنگە

قىزنىڭ قىمايدىغان ئىشقىۋازغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ ئوبراز كەنجى ئوبرازىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭقۇر تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاپتور ئەلا ئوبرازى ئارقىلىق ئەنە شۇنداق ياشلارنى توغرا يولغا باشلاشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

رەقىپ ئوبرازى يىرگىنىشلىك خاراكتېر سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ، ئۇ كىچىكىدىن فېئودال باي ئائىلىسىدە ئۆسكەن، كېيىن ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ كادىر بولغان. ئۇ تۇرمۇشتا «پۇل ھەممىنى ھەل قىلىدۇ» دېگەن پەلسەپە بويىچە ياشايدۇ. ئۇنىڭ تىلى تاتلىق، ئىچى زەھەر. ئۇ سولچىل ئىدىيەۋى پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولغان ھەرىكەتلەردىن پايدىلىنىپ ئەلاغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. سول ئىدىيەۋى ئېقىممۇ دەل ئەنە شۇنداق سۈيىقەستچىلەرنى قوغدايدۇ. ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئالتۇن بىلەن چالمىنى پەرق قىلالمايدىغان غەلىتە ئەھۋاللار سادىر بولۇپ، چالما ئالتۇن ئورنىدا ئەتىۋارلىنىدۇ. يازغۇچى رەقىپنىڭ يىرگىنىشلىك خاراكتېرى ئارقىلىق ئەنە شۇنداق ئادەملەردىن ئالاھىدە پەخەس بولۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇ كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ، ھازىرمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

يازغۇچى ئەنە شۇنداق خىلمۇ خىل پېرسوناژلارنىڭ جانلىق خاراكتېرى، ئوخشىمىغان تەقدىرى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئىدىيەۋى ھېسسىياتى ئارقىلىق سوتسىيالىزم قۇرۇش ئومۇميۈزلۈك باشلانغان پەۋقۇلئاددە دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى دەل، توغرا ئەكس ئەتتۈرگەن.

«ئىزدىنىش» رومانىدىكى شارائىت، پېرسوناژ، ۋەقە ھەقىقەتەن ئەنە شۇ پەۋقۇلئاددە تارىخىي باسقۇچنىڭ روشەن بەلگىسى. ئەسەردىكى زىددىيەتلەر ئىچىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان پېرسوناژلار ئەنە شۇ تارىخىي باسقۇچقا مەنسۇپ. ئەگەر رومان ئىچىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتى، سەرگۈزەشتىلىرى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسەن ئورۇنلانغان يەتتە يىل بىلەن ياكى

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلغان ئون يىل بىلەن ئوخشاش قىلىپ يېزىلسا، ئۇنىڭدا قانداقمۇ دەۋر روھى ئىپادىلەنگەن بولسۇن؟

ئۈچىنچى، دەۋر روھى مەسىلىسى يالغۇزلا ئەسەرنىڭ مەزمۇن مەسىلىسىلا ئەمەس، بەدىئىي ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتىمۇ دەۋر روھى ئىپادىلىنىشى لازىم. «ئىزدىنىش» رومانىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگىنى «ئىستىقبال پارلاق، لېكىن يول ئەگرى - توقاي بولغان» ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە تارىخىي باسقۇچ، ئەسەردىكى پېرسوناژلارمۇ ئوخشىمىغان خاراكتېرگە ئىگە، ئۇلارنىڭ ھايات تەقدىرىمۇ ئوخشىمايدۇ، بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن دەۋر روھىنى تولۇق ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس، يازغۇچى رومانىدا ھەر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن تولۇق پايدىلىنىشقا تىرىشقان. يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى شۇكى، تىرادىتسىيەلىك ۋەقەلەرنى بايان قىلغاندىن باشقا، سالام خەت، شېئىر قاتارلىق ھەر خىل شەكىللەردىن پايدىلىنىپ پېرسوناژنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن. شۇڭا رومانىدىكى ھەربىر شەخسنىڭ خاراكتېرىدە ۋە بۇ خاراكتېر ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي مەزمۇندا دەۋر روھى چوڭقۇر ئەكس ئېتىدۇ. بۇ يازغۇچىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئىزدىنىش روھىنىڭ روشەن ئىپادىسى.

يۇقىرىدىكى ئۈچ نۇقتىدا «ئىزدىنىش» رومانى دەۋر روھىنىڭ جاراڭلىق ناخشىسى بولۇشقا مۇناسىپ. لېكىن بۇ «ئىزدىنىش» رومانىنىڭ دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى مۇكەممەل بولۇپ كەتتى، دېگەنلىك ئەمەس.

«ئىزدىنىش» رومانىدا تىپىك شارائىت بىلەن تىپىك پېرسوناژنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا بەزى يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇت.

ئەسەر ئىچىدىكى مۇئەييەن شارائىت مۇئەييەن پېرسوناژغا قارىتىلغان. شارائىت پېرسوناژنىڭ ھەرىكەت زېمىنى، پېرسوناژنىڭ

خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرىدىغان بارلىق تاشقى ئوبيېكتىپ ئا-
مىللارنىڭ يىغىندىسى. بۇنداق شارائىت پېرسوناژ ياشاۋاتقان مۇ-
ئەييەن تارىخىي باسقۇچتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئومۇمىي
ۋەزىيىتى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشى بىلەن پېرسوناژ بىۋاستە
ئارىلاشقان كونكرېت ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئا-
لىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن كونكرېت ئىجتىمائىي مۇناسى-
ۋەت رېئال تۇرمۇشتا بىر گەۋدىگە ئايلانغان، جۈملىدىن كونكرېت
ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت مۇقەررەر ھالدا مۇئەييەن تارىخىي باس-
قۇچتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ۋە تەرەق-
قىيات يۈزلىنىشىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مۇئەييەن تىپىك شارائىت
ئىچىدىكى كونكرېت ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر پېرسوناژنىڭ
خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە ئۇنىڭ تەقدىرىگە كۈچلۈك
تەسىر كۆرسىتىدۇ. جۈملىدىن تىپىك شارائىت ئىچىدىكى مۇئەي-
يەن تارىخىي شارائىتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ۋە تەرەققىيات يۈز-
لىنىشىمۇ پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىگە، ئۇنىڭ تەق-
دىرىگە ئاجايىپ چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەتتا بەزىدە ھەل
قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەردە دەۋر روھىنى تېخى-
مۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ يارقىن ئىپادىلەش ئۈچۈن، پېرسوناژ ئارى-
لىشىۋاتقان كونكرېت ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ پېرسوناژغا
بولغان تەسىرىنى جانلىق تەسۋىرلەش بىلەن بىرگە، مۇئەييەن تا-
رىخىي باسقۇچتىكى ئومۇمىي ۋەزىيەت ۋە جەمئىيەت تەرەققىيات
يۈزلىنىشىنىڭ پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە تەق-
دىرىگە بولغان تەسىرىنىمۇ جانلىق، تەسىرلىك گەۋدىلەندۈرۈش
لازىم. ئېنگېلس تەلەپ قىلغان «تىپىك شارائىت ئىچىدە تىپىك
خاراكتېر يارىتىش» دېگەن ئەنە شۇ. «ئىزدىنىش» رومانىنىڭ كې-
يىنكى قىسىملىرىدا يازغۇچىنىڭ مۇشۇ جەھەتتىن تىرىشچانلىق
كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر رومانچىلىقى
توغرىسىدا» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى)

# ئەدەبىي تەنقىد توغرىسىدا

ئەدەبىي تەنقىد پارتىيەمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇلى، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

پارتىيەمىزنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى قالايمىقانچىلىقنىڭ ئوڭشىلىشى، بىر قاتار توغرا سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى نەتىجىسىدە، سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى.

نۆۋەتتە، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى ۋە ئۆلچىمى قاتارلىق مەسىلىلەردە تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان تۈرتكىلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەن مۇشۇنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەدەبىي تەنقىد توغرىسىدىكى بەزى كۆزقاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يولداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

## 1. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىسى

19 ـ ئەسىردىكى رۇس شائىرى پۇشكىن «ئەدەبىي تەنقىد» دېگەن ماقالىسىدا: «تەنقىد پەندۇر. تەنقىد ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ گۈزەللىكىنى ۋە يېتەرسىزلىكىنى ئېچىپ بېرىدىغان

پەندۇر. ئۇ سەنئەتكار ياكى يازغۇچىنىڭ ئۆز ئەسىرىدە ئەمەل قى-لىدىغان پىرىنسىپىنى تولۇق چۈشىنىشىنى، ئۆلگىلىك ئەسەرلەر-نى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىنى ۋە شۇ زاماندىكى گەۋدىلىك ئەسەر-لەرنى پائال كۆزىتىشىنى ئاساس قىلىدۇ.» دېگەن ئىدى. پۇشكىن-نىڭ بۇ سۆزى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىسىنى نا-ھايىتى ئىخچام چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

دېمەك ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ ئۈچ تەركىبىي قىسمى (ئەدەبىيات نەزەرىيەسى، ئەدەبىيات تارىخى، ئەدەبىي تەن-قىد) نىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى پارتىيەنىڭ ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت لۇشيەنى ۋە فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئازىيە ۋە باشقا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سى-نىپلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيەسى ۋە ئىجادىيەت خاھى-شىنى تەنقىد قىلىش، فورمۇلالاشتۇرۇش، ئۇقۇملاشتۇرۇشقا ئوخشاش ناچار خاھىشلارغا قارشى تۇرۇش، پىرولېتارىيات ئەدەبى-يات ـ سەنئەت ئەمەلىيىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، ئىن-قىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت-نىڭ يېڭى كۈچلىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە مەدەت بې-رىش، شۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبا-رەت. ئەدەبىي تەنقىد مۇئەييەن ئېستېتىك نۇقتىئىنەزەر بويىچە ئىلمىي تەھلىل ئارقىلىق، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي قىم-مىتى ۋە ئېستېتىك قىممىتىگە باھا بېرىدۇ. ھەر خىل ئەدەبى-يات ـ سەنئەت ھادىسىلىرى، ھەر خىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت مە-سىلىلىرىنى ئەتراپلىق كۆزىتىپ، تەھلىل قىلىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، ئەدەبى-يات ـ سەنئەتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تارىخىي تەرەققىيات يۈز-لىنىشىگە سەگەكلىك بىلەن نەزەر تاشلاپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت-

نىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆزقارىشى ـ مۇ جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، پەلسەپىۋى كۆزقارىشى، دەۋر كەيپى ـ ياتى، ئاممىنىڭ ئەدەبىي زوقلىنىش ھەۋسى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي تەنقىدچى يۇقىرى بىلىمگە، ئەتراپلىق تەر ـ بىيەلىنىشكە ئىگە بولۇشى لازىم. ئەدەبىي تەنقىدچى ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەسى بىلەن پۇختا قوراللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماركسىزمنىڭ پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد، ئىلمىي سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت ئۈچ تەركىبىي قىسمىنىڭ تۈپ پى ـ رىنسىپلىرىنى بىلىشى، پارتىيەمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت فاڭجېنى ۋە سىياسەتلىرىنى پۇختا ئىگىلىشى، ئىجتىما ـ ئىي رېئاللىقنى چوڭقۇر چۈشىنىشى، بولۇپمۇ ھازىرقى دەۋر خۇ ـ سۇسىيىتىنى چوڭقۇر تونۇشى لازىم.

ئەدەبىي تەنقىد ئىجتىمائىي پەن. ئۇ باشقا ئىجتىمائىي پەنلەر ـ گە ئوخشاش ئېنىق خاھىشچانلىققا ئىگە. ئەدەبىي تەنقىد كونكرېت ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى ۋە ئەدەبىي ئالاھىدىلىكىگە باھا بې ـ رىدىغان ئىلمىي پائالىيەت بولغىنى ئۈچۈن، تەنقىدچىنىڭ ئىل ـ مىي مۇلاھىزىسىدە ھامان ئۆزىنىڭ پەلسەپە، سىياسىي، ئەخلاقىي ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆزقاراشلىرىنى تەشۋىق قىلىدۇ. ئۆزى ـ نىڭ مەيدانى ۋە پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلەيدۇ.

سىنىپىي جەمئىيەتتە ئەدەبىي تەنقىد سىنىپىيلىككە ئىگە. ھەرقايسى سىنىپ ئەدەبىي تەنقىد قورالىدىن پايدىلىنىپ ئۆز سى ـ نىپىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرىدۇ.

ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىد پرولېتارىيات ئىدېئولوگىيە ـ سىنىڭ تەركىبىي قىسمى، ئۇ كۈچلۈك پارتىيەۋىلىككە ۋە جەڭ ـ گىۋارلىققا ئىگە. ئۇ پرولېتارىيات ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى گۈل ـ لەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىپلا قالماي، پرولېتارىيات ئىن ـ

قىلابىنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇڭا لېنىن گوركىيغا يازغان خېتىدە: «ئەدەبىي تەنقىدنى پارتىيەنىڭ ئىشى بىلەن، پۈتۈن پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش لازىم.» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. دېمەك ئەدەبىي تەنقىد پارتىيەنىڭ خىزمىتى بىلەن زىچ ماسلىشىشى، پارتىيە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىدا ئاكتىپ رول ئوينىشى لازىم. بۇ ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىدنىڭ پارتىيەۋىلىكىنىڭ روشەن بەلگىسى. لېكىن ئەدەبىي تەنقىدنىڭ پارتىيەۋىلىكىدىن باشقا، ئىلمىيلىكىمۇ بولىدۇ. پارتىيەۋىلىك بىلەن ئىلمىيلىكنىڭ بىرلىكى — ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تۈپ خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكى.

يازغۇچى ئەدەبىي تەنقىد ئارقىلىق خەلق ئاممىسىدىن كەلگەن روھىي ئوزۇقنى قوبۇل قىلىدۇ، تەنقىدچىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ. خەلق ئاممىسىمۇ ئەدەبىي تەنقىد ئارقىلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى كۆرىدۇ. تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە نەزەر سالىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ئاساسىدا، ئەدەبىي زوقلىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىدتە تەنقىد، ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ۋە قارشى تەنقىد ئارقىلىق توغرا ۋە ئىلغار نەرسىلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، خاتا ۋە قالاق نەرسىلەرنى تۈگىتىش، چىنلىق، گۈزەللىك ۋە ياخشىلىق ئارقىلىق ساختىلىق، رەزىللىك ۋە يامانلىقنى يېڭىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ۋەزىپىسى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ:

بىرىنچى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەسى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارىخى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى ئىلگىرى سۈرۈش. ئەدەبىي

تەنقىدتە، ھازىرقى دەۋردىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەرىكىتىنى چوڭقۇر تەنقىد قىلىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەسى ۋە ئەدەبىيات تارىخىنى يېپيېڭى تەتقىقات مېۋىسى ۋە تەتقىقات ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەش كېرەك. ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىيات نەزەرىيەسىنى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاشنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم ئۇسۇلى. ئەدەبىيات نەزەرىيەسىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان يېتەكچىلىك رولى ئەدەبىي تەنقىد ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئەدەبىيات نەزەرىيەسىنىڭ توغرا ياكى خاتالىقى ئىسپاتلىنىدۇ.

ھەرقانداق بىر دەۋرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى، ئومۇمەن ئالغاندا، كېيىنكى دەۋر ئادەملىرى ئەمەس، بەلكى ئالدى بىلەن شۇ دەۋر ئادەملىرى بايقايدۇ، تونۇيدۇ، خۇلاسىلەيدۇ؛ ھەرقانداق بىر دەۋرنىڭ ئەدەبىياتى ئۆتكەن دەۋرلەرنىڭ ۋە ھازىرقى دەۋرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت قانۇنىيىتىنى خۇلاسىلەش بىلەن تەرەققىي قىلىدۇ. ئىلمىي ئەدەبىي تەنقىدنىڭ مەيدانغا كېلىشىمۇ شۇ دەۋر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەمەلىيىتىنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىش، چوڭقۇر ۋە سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدۇ. بىر دەۋرنىڭ ئەدەبىي تەنقىدىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى شۇ دەۋر ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەۋى سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى بەلگىلەيدۇ. ئەدەبىيات تارىخىدا بۇنداق قانۇنىيەتلىك ئەھۋاللار ئىنتايىن كۆپ، ئاتاقلىق ئەدەبىي تەنقىدچى ھامان ئاتاقلىق نەزەرىيەچى بولىدۇ. رۇسىيەنىڭ ئاتاقلىق تەنقىدچىسى بېلىنىسكى بۇنىڭ تىپىك مىسالى.

ئىككىنچى، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش. يولداش خۇ ياۋباڭ «سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتى سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» تا مۇنداق دېگەن ئىدى: «تەقرىزچىلەر قوشۇنىنى زورايتىش، ئەدەبىي تەقرىزچىلىكنى زور

كۆچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ سۈپىتىنى
ئۇزلۇكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك»، «ئويلاشقا، ئىشلەشكە جۈرئەت-
لىك، ئېگىلمەس ــ پۈكۈلمەس ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇننى يې-
تىشتۈرۈش ۋە چېنىقتۇرۇش كېرەك.»

ئەدەبىي تەنقىد ئارقىلىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى بايقىغىلى ۋە
ئۇنىڭغا باھا بېرىپ ئاممىغا تونۇشتۇرغىلى بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن
بۇ خىل ئەسەرلەر جەمئىيەتتە تېخىمۇ زور تەسىر قوزغايدۇ. ئەدە-
بىي تەنقىد بولمىسا، بەزى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر كۆمۈلۈپ قېلىشى
مۇمكىن.

ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ
قىلىشىغا ئىگە بولۇشىدا، بىر تەرەپتىن، ئاساسەن شۇ ئەسەرنىڭ
ياخشى بولۇشى سەۋەب بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تەنقىدچىنىڭ
تونۇشتۇرۇشى، باھالىشىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەدەبىيات تارى-
خىدا بەزى يازغۇچىلارنىڭ ھايات ۋاقتىدا نامى چىقمايدۇ ياكى ئۇ-
زۇن ۋاقىتقىچە چەتكە قېقىلىدۇ، لېكىن يىللار ئۆتۈپ، بىرەر
سەزگۈر، تالانتلىق تەنقىدچىنىڭ تونۇپ يېتىشى ۋە ئادىل باھالى-
شى بىلەن مۇناسىپ شۆھرەتكە ئىگە بولىدۇ، شېكسپىرنىڭ تەق-
دىرى ئەنە شۇنداق بولغان. ئەدەبىي تەنقىد ئىجادىيەتتىكى ساغلام
بولمىغان خاھىشلارنى دەل ۋاقتىدا تېپىپ چىقىپ، يازغۇچىنىڭ
ئىدىيە ۋە سەنئەت جەھەتتىكى كەمچىلىكلىرىنى تۈگىتىشىگە،
تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئىجادىيەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشىگە
ياردەم بېرىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي ئىستىل ۋە ئەدەبىي ئۇسلۇبقا چوڭقۇر
تەسىر كۆرسىتىدۇ، مۇئەييەن ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ، ئەدەبىي
ئېقىمنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئە-
دەبىيات ــ سەنئەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى نۇرغۇن پاكىتلار
شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىلغار تەنقىدچىنىڭ ئاڭلىق تۈردە نېمىنى
تەشەببۇس قىلىشى، نېمىگە قارشى تۇرۇشى ئەدەبىي ئىستىل ۋە

ئەدەبىي ئۇسلۇبقا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «4 ـ ماي» ھەرىكىتىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئەدەبىي تەنقىدتە، كونا ئەدەبىياتقا قارشى تۇرۇپ، يېڭى، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات تەشەببۇس قىلىنغان ئىدى. بۇ ئىلغار ئەدەبىي تەنقىد جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى يېڭى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئىدى. مەلۇم بىر ئەدەبىي ئې ـ قىمنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ جاما ـ ئەت پىكرى تەييارلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. قالاق، ئەكسىيەتچىل ئىدىيەنى، شەخسىي غەرەزنى چىقىش نۇقتا قىلغان، ئەدەبىي ئىجا ـ دىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئەدەبىي تەنقىد يازغۇچى ۋە سەنئەتكارنىڭ ئىجادىيەت ئىدىيەسىگە پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئىدېئالىزملىق ئەدەبىي تەنقىدىنىڭ يامان ئاقىۋىتى بۇنىڭ جانلىق مىسالى.

ئۈچىنچى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ۋە ئۇنىڭدىن زوقلى ـ نىشقا يېتەكچىلىك قىلىش. ئەدەبىي تەنقىد، بىر تەرەپتىن، ئام ـ مىنىڭ ئەدەبىي زوقلىنىش تەلىپىنى، ئارزۇ ـ ھەۋىسىنى ئەكس ئەتتۇرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاممىنىڭ ئەدەبىي زوقلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد ئىلمىي تەھلىل ئۇسۇلى ئارقىلىق، كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرنى توغرا چۈشىنىشىگە، ياخشى ھەزىم قىلىشىغا، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ياخشى ـ يامىنىنى ئايرىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىق نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىپ، زەھەرلىك نەرسىلەرنى تازىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. كىتابخانلارنىڭ ئىدىيەۋى سەۋىيەسىنى، ئەدەبىي زوقلىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ، ساغلام ئەدەبىي ئىشتىياقىنى قوزغايدۇ، شۇنداق قىلىپ، توغرا، ساغلام ئىجتىمائىي كەيپىيات پەيدا قىلىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد ئام ـ مىنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكىنىڭ توغرا كەيپىياتىغا ۋەكىللىك قىلىشى، ھەرگىزمۇ ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ناچار ھەۋەس ـ ئىشتىياقىغا دوست تارتىشىپ بەرمەسلىكى كېرەك. جەمئىيەتنىڭ

كەيپىياتى ياخشى بولمىغان چاغلاردا، جەڭگىۋار، ئىلمىي، قايىل قىلارلىق ئەدەبىي تەنقىد ئارقىلىق، كىشىلەرنى ساغلام ئەدەبىي زۇقلىنىش تەرەپكە يېتەكلەپ، جەمئىيەت كەيپىياتىنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىغا يار ـ يۆلەكتە بولۇش لازىم.

## 2. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى

ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى ئەدەبىي تەنقىدتىكى تۈپ مەسىلە. ئەدەبىي تەنقىدتە مۇئەييەن ئۆلچەم بولىدۇ. لۇشۈن مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارىخىدا مەلۇم دائىرىگە مەنسۇپ بولمىغان تەنقىدچىلەرنى كۆرگەنمۇ؟ ياق. ھەممىسىدە مەلۇم دائىرە بولىدۇ، ياكى گۈزەللىك دائىرىسى بولىدۇ ياكى چىنلىق دائىرىسى بولىدۇ، ياكى ئالغا ئىلگىرىلەش دائىرىسى بولىدۇ. مۇئەييەن دائىرىگە مەنسۇپ بولمىغان تەنقىدچى غەلىتە ئادەم بولۇپ قالىدۇ.» سىنىپىي جەمئىيەتتە ھەرقايسى سىنىپ ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تەنقىد ئۆلچىمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى ئۆز سىنىپىنىڭ سىنىپىي مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. ھەرقايسى دەۋرنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ ئەدەبىي تەنقىد ئۆلچىمى بولىدۇ. بۇ ئۆلچەم شۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە بولغان تەلەپنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ھەممە دەۋرلەرگە ئورتاق بولغان، مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان ئەدەبىي تەنقىد ئۆلچىمى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس. دەۋر تەلىپىگە، سەنئەت قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئەدەبىي تەنقىد ئۆلچىمى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇن بولىدىغان روھىي كىشەن. «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ «3 نى گەۋدىلەندۈرۈش» سەپسەتىسى ئەنە شۇنداق نەرسە.

ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمىنى توغرا ئىگىلەش پارتىيەمىزنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى فاڭجېن ۋە

سىياسەتلىرىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت دېموكراتىيەسىنى توغرا يولغا قويۇپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيەنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت فاڭجېنى ۋە سىياسىتىدە بەزى تەڭشەشلەر بولدى. بۈگۈنكى سوتسىيالىزم شارائىتىدا پارتىيەمىز ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيەسىنىڭ سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى تەتبىق قىلىنىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشىدۇر. خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بىلەن ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر پۈتۈن خەلقنى ئۆز ئىچىگە ئالالمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار خەلقنىڭ ئەڭ زور كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلىدۇ. سوتسىيالىزم شارائىتىدا زىيالىيلارمۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ بىر قىسمى، شۇڭا، ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلىش دېگەن سۆزگە قارىغاندا، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش دېگەن سۆز ئەتراپلىقراق، توغرىراق ۋە ئېنىقراق. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىر قېتىملىق دوكلاتىدا: «بۇنىڭدىن كېيىن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىياسىيغا بويسۇنىدۇ، سىياسىيغا بېقىنىدۇ، دېگەن سۆزنى ئەمدى قوللانمايمىز، لېكىن بۇنىڭدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىياسىيدىن ئايرىلسىمۇ بولىدۇ، يازغۇچىلاردا سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق بولماسىمۇ بولىدۇ، دېگەن مەنە چىقمايدۇ.»① دېگەن ئىدى.

---

① خۇ ياۋباڭ: «سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتى سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»، 75 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى پارتىيەمىزنىڭ يېڭى دەۋرگە مۇۋا-
پىق بولغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت فاڭجېنىغا مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك.

ئەدەبىي تەنقىدتە، ئىدىيەۋى ئۆلچەم بىلەن بەدىئىي ئۆلچەمنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىش پارتىيەمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىگە بولغان ئومۇمىي تەلىپىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي تەنقىدتە ئىدىيەۋى ئۆلچەم بىلەن بەدىئىي ئۆلچەمنى بىرلەشتۈرۈش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.

يولداش خۇ چياۋمۇ ئۆزىنىڭ «ھازىرقى ئىدىيەۋى سەپتىكى بىرقانچە مەسىلە» دېگەن سۆزىدە بۇ مەسىلىنى ئىخچام قىلىپ مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «بىر ئەسەرگە ئىدىيەۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي شەكىل دېگەن ئىككى جەھەتتىن باها بېرىش كېرەك. ئومۇمىي نۇقتىدىن ئالغاندا، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى بىرمۇنچە ساھەلەرگە، جۇملىدىن سىياسىي قاراش، ئىجتىمائىي قاراش، پەلسەپىۋى قاراش، تارىخىي قاراش، ئەخلاقىي قاراش، بەدىئىي قاراش ۋە باشقىلارغا چېتىلغان بولىدۇ ھەمدە بۇ قاراشلار ئەدەبىي ئەسەردە ئابستراكت قاراشلار بولماستىن، بەدىئىي ئوبراز، تېما، ئاساسىي پىكىر، سەنئەت ئىپادىلىگەن تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن بىرلەشكەن بولىدۇ. بۇ بىزدىن شۇنى تەلەپ قىلىدۇكى، بىرەر ئەسەردىكى ئىدىيەۋى مەزمۇننى ئۆلچەش ۋە باھالاشتا، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان سىياسىي قاراش، سىياسىي خاھىشنى تەھلىل قىلىشتىن تاشقىرى، باشقا جەھەتتىكى ئىدىيەۋى مەزمۇنىنى، ئۇنىڭ تۇرمۇشنى بىلىشتىكى قىممىتىنى تەھلىل قىلىشىمىزمۇ لازىم. شۇندىلا ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى ئەھمىيىتىگە ئەتراپلىق باها بېرەلەيمىز.»①

---

① «3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى مۇھىم ھۆججەتلەردىن تاللانما»، 186 ـ بەت.

يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» دېگەن ئەسىرى ئېلان قىلىنغان دەۋردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەھۋالى بىلەن ئېلىمىزنىڭ هازىرقى باسقۇچتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەھۋالىدا چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى. هازىرقى ۋاقىتتا، پرولېتارىيات ئىدىيەسى، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئېلىمىزدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. سىياسىي كۆزقاراش، سىياسىي خاھىش جەھەتتە كەمچىلىك، خاتالىقى بار ئەسەرلەر ناھايىتى ئاز. شۇنىڭدەك، سىياسىي كۆزقاراشنىڭ توغرا بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىدىيەۋى ئېڭىغا ھەر تەرەپلىمە ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئەسەرنى پەقەت سىياسىي جەھەتتىنلا باھالاپ، ئۇنىڭ بەدىئىيلىك تەرىپىگە سەل قارالسا، بۇ ئۆلچەمنىڭ دائىرىسى بەك تار بولۇپ قالىدۇ.

بۇرۇن ئەدەبىي تەنقىد ئەمەلىيىتىدە، بىر مەزگىل سىياسىي ئۆلچەملا چىقىش نۇقتا قىلىنىپ، سىياسىي خاھىشچانلىقى ئانچە كۈچلۈك بولمىغان نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەر چەتكە قېقىلدى. كىلاسسىك ئەسەرلەر ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى باھالىغاندا، ھەر خىل سىياسىي ماركىلار چاپلىنىپ ئىنكار قىلىندى، ئەدەبىي تەنقىد ئۆلچىمىدىكى بىر تەرەپلىمىلىك ئەدەبىي تەنقىدتە نۇرغۇن نۇقسانلارنى ئېلىپ كەلدى. شۇڭا ئەدەبىي تەنقىدتە ئىدىيەۋى ئۆلچەم بىلەن بەدىئىي ئۆلچەمنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.

ئىدىيەۋى ئۆلچەم نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ ئەسەرنىڭ سىياسىي كۆزقارىشى ۋە سىياسىي خاھىشىغا باھا بېرىش ئىدىيەۋى ئۆلچەمنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى سىياسىيغىلا مەركەزلەشتۈرۈپ قويۇلسا، بۇ بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ قالىدۇ، لېكىن، ئەسەرنىڭ سىياسىي خاھىشىنى سۈرۈشتە

قىلماسلىق ئىنتايىن زىيانلىق. نۆۋەتتە، سوتسىيالىستىك زاما-
نىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش يولىدا كۈرەش
قىلىۋاتقان يېڭى تارىخىي باسقۇچتا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەر-
لىرىگە بولغان سىياسىي تەلەپ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇ-
شىغا پايدىلىق بولۇش، 4 ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشتىن
ئىبارەت. 4 ئاساسىي پرىنسىپتىن چەتلەيدىغان، 4 ئاساسىي پى-
رىنسىپنى ئىنكار قىلىدىغان ئەسەرلەرنى قەتئىي تەنقىدلەش
لازىم.

ئەخلاق ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگە-
لەيدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ «جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىم-
لىرىنىڭ 4 ـ قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن تەبرىك نۇتقى» دا مۇنداق
دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: «مەيلى خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ
ھەر تەرەپلىمە ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا بولسۇن ياكى سوتسىيا-
لىستىك يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشتە بولسۇن ۋە ياكى پۈتكۈل
جەمئىيەتنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق سەۋىيەسىنى ئۆستۈ-
رۈشتە بولسۇن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتى باشقا تارماقلار
ئۈستىگە ئالالمايدىغان مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان.»①

سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش مەسئۇلىيى-
تىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت جانلىق ئوبراز
ئارقىلىق كەڭ خەلق ئاممىسىغا نىسبەتەن كوممۇنىستىك ئەخلاق
تەربىيەسى ئېلىپ بارىدۇ. يازغۇچىلار ۋە تەنقىدچىلەر كوممۇنىس-
تىك ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىش ۋە يېتىلدۈرۈش جەھەتتە مۇ-
ھىم رول ئوينايدۇ، جۈملىدىن ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەن-
قىد كوممۇنىستىك ئەخلاقنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. بىزنىڭ
ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز پرولېتارىياتنىڭ ئىنسانىي گۈزەللى-
كىنى مەدھىيەلىشى، پەزىلەتلىك ـ ئەخلاقلىق يېڭى كىشىلەرنىڭ

① «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 311 ـ بەت.

ئوبرازىنى يارىتىشى لازىم. شۇنداقلا، فېئودالىزمنىڭ، بۇرژۇئازد-يەنىڭ چىرىك ئەخلاقىنى تەنقىدلەپ، كوممۇنىستىك ئەخلاق-پەزىلەتنى تىكلەش ئۈچۈن يول ئېچىشى لازىم.

ئىدىيەۋى مەزمۇن پەلسەپىۋى كۆزقاراشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىد-دۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت بەلگىلىك دۇنيا قاراشنىڭ يېتەكچىلىكىد-دە، مۇئەييەن پەلسەپىۋى كۆزقاراشنى ئىپادىلەيدۇ. جۈملىدىن ئە-دەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئۆزىمۇ دۇنيانى بىلىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇ-لى. يازغۇچى ۋە سەنئەتكار تۇرمۇشنى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدا، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، پەلسەپىۋى قانۇنىيەتنى تېپىپ چىقىپ، كىشىلەرنىڭ ئەقىل پاراسىتىنى، تونۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ.

بەدىئىي ئۆلچەم نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ بەدىئىي ئۆل-چەم نىسپىيلىككە ئىگە. دەۋرنىڭ ۋە ھەرقايسى مىللەتنىڭ بەدى-ئىي زوقلىنىش ئادىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن، بەدىئىي ئۆلچەمنىڭ مەزمۇنى، تەلىپى بىر خىل بولمايدۇ، ھەر خىل ئەدە-بىي ژانىرلارغا قويۇلىدىغان بەدىئىي تەلەپمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخ-شىمايدۇ. سەنئەت قانۇنى ۋە زوقلىنىش تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، بەدىئىي ئۆلچەمگە نىسبەتەن تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى قويۇش مۇم-كىن:

بىرىنچى، سەنئەت ئوبرازىنىڭ چىنلىقى ۋە تىپىكلىكى. چىند-لىق سەنئەتنىڭ جېنى، چىنلىق بەدىئىيلىكنىڭ تۈپ تەلىپى ۋە زۆرۈر شەرتى. چىنلىق بولمىسا، بەدىئىيلىك بولمايدۇ. چىنلىق كىتابخاننىڭ ئەسەرگە بولغان ئىشەنچىنى تىكلەيدۇ، گۈزەللىك ھېس ـ تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، سەند-ئەتنىڭ چىنلىقى تۇرمۇش چىنلىقىنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى تۇر-مۇش چىنلىقىنىڭ تىپىكلەشتۈرۈلۈشى. گوركىي: «تىل سەنئىتى خاراكتېر ۋە تىپ يارىتىش سەنئىتىدۇر، ئۇ تەسەۋۋۇر، پەرەز ھەم توقۇلمىنى تەلەپ قىلىدۇ» دېگەن ئىدى. سەنئەت تۇرمۇش چىنلىد-

قى ئاساسىدا يازغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇر، پەرەز، تەھلىل قاتارلىق بە-
دىئىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، تۇرمۇشنى تىپىكلەشتۈرگەنلى-
كىنىڭ نەتىجىسى. تىپ ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققانلىقى-
نىڭ مۇھىم بەلگىسى. ئادەتتىكىچە يېزىلغان بەدىئىي ئەسەرلەرمۇ
بەلگىلىك تىپىكلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. چىن-
لىقنى تەكىتلەپ، تىپىكلىككە سەل قارالسا، ئاسانلا ناتۇرالىزم
خاھىشى پەيدا بولىدۇ، چىنلىق بىلەن تىپىكلىك بىرلەشمىسە،
ساختىلىق كېلىپ چىقىدۇ، چىنلىق ۋە تىپىكلىك بىر ئەسەرنىڭ
بەدىئىيلىكىگە قويۇلىدىغان ئورتاق تەلەپ.

ئىككىنچى، بەدىئىي شەكىلنىڭ مۇكەممەللىك دەرىجىسى.
يولداش ماۋ زېدۇڭ «مۇمكىنقەدەر مۇكەممەل بولغان بەدىئىي شە-
كىل» تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. مۇكەممەللىك نىسپىي
بولىدۇ، بەدىئىي شەكىل جەھەتتە تولۇق مۇكەممەل بولۇشنى ئە-
مەلگە ئاشۇرۇش تەس. مۇمكىنقەدەر مۇكەممەل بولۇش تەلىپىنى
قويۇش مۇمكىن. بەدىئىي ئەسەرنىڭ شەكلىنىڭ مۇكەممەللىكىنى
ئۆلچىگەندە، ئاۋۋال شەكىل بىلەن ئىدىيەۋى مەزمۇننىڭ بىرلىكى
دەرىجىسىگە قاراش كېرەك. ئەگەر ئەسەرنىڭ شەكلى مەزمۇندىن
ئايرىلغان بولسا، شەكىل ھەرقانچە گۈزەل بولغان بىلەنمۇ، ئۇنىڭ
ئەھمىيىتى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، مەزمۇن بىلەن بىرلەشكەن شە-
كىلنىڭ ئۆزىنىڭ گۈزەللىك دەرىجىسىگىمۇ قاراش لازىم. سەنئەت
شەكلىنىڭ مۇكەممەللىكى يەنە شەكىلنىڭ مىللىيلىقى ۋە ئامما-
ۋىلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ «جۇڭگو ئە-
دەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن
تەبرىك نۇتقى» دا مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەدەبىيات - سەنئەت خا-
دىملىرى يەنە ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئۈز-
لۈكسىز بېيىتىشى ۋە ئۆستۈرۈشى كېرەك. بارلىق ئەدەبىيات -
سەنئەت خادىملىرى قەدىمكى ۋە ھازىرقى، جۇڭگودىكى ۋە چەت
ئەللەردىكى بەدىئىي ماھارەتكە دائىر بارلىق ياخشى نەرسىلەرنى

ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، قوبۇل قىلىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، مىللىي ئۇسلۇبقا ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان مۇكەممەل بەدىئىي شەكىلنى يارىتىشى لازىم.»① مىللىيلىقتا، ئاممىۋىلىقتا ئىگە بولغان ئەسەرنى كەڭ خەلق ئاممىسى تولىمۇ ياقتۇرىدۇ، بۇنىڭدا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب. سەنئەت ئىجادىي ئەمگەك، سەنئەتنىڭ قىممىتى ئىجادچانلىقتا. يولداش خۇ ياۋباڭ «سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتى سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» تا: «ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدا، يېڭىلىق يارىتىش روھى بولۇشى لازىم. يېڭىچە ئۇسلۇب يارىتىشقا، كىشىلەرگە يېڭىلىق ھېس قىلدۇرۇشقا تىرىشىش كېرەك، تەقلىد قىلماسلىق كېرەك، تەقلىد قىلىش بەك بولمىغۇر ئىش.» دېگەن ئىدى. يازغۇچى ـ سەنئەتكارلار داۋاملىق ئىزدىنىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن يېڭى ـ يېڭى بايلىق يارىتىشى لازىم. ئەدەبىي ئىجادىيەت يېڭى ـ يېڭى سۇژىتلارنى تاللاشقا ماھىر بولۇش، باشقىلارغا تەقلىد قىلماسلىق، باشقىلاردىن كۆچۈرمەسلىك، تۇرمۇشتىن يېڭى ـ يېڭى نەرسىلەرنى بايقاش، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە شەكىلدە يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە ئىجادچانلىق بولغاندىلا، بەدىئىي ئىجادىيەتتە يۇقىرى پەللىگە قاراپ داۋاملىق ئۆرلىگىلى بولىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرنى باھالىغاندا، ئىدىيەۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي شەكىلدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن تەھلىل قىلىش لازىم. مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردە ئىدىيە بىلەن سەنئەت، مەزمۇن بىلەن شەكىل قان بىلەن گۆشتەك ھامان بىر گەۋدىگە ئايلانغان. ئەدەبىي ئەسەر-

① «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 315 ـ 316 ـ بەتلەر.

گه باھا بەرگەندە، بەدىئىي شەكىلنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، نوقۇل ئىدىيەۋى مەزمۇن جەھەتتە تەھلىل قىلىشقا ياكى ئىدىيەۋى مەزمۇنغا قارىماي، نوقۇل بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن تەھلىل قىلىشقا بولمايدۇ. ئىدىيە بىلەن سەنئەتنىڭ بىرلىكى، مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكى، ئىنقىلابىي ئىدىيەۋى مەزمۇن بىلەن مۇمكىنقەدەر مۇكەممەل بولغان بەدىئىي شەكىلنىڭ بىرلىكى نۇقتىئىنەزەرىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەسەر ئۈستىدە چوڭقۇر، مۇپەسسەل تەھلىل يۈرگۈزۈش لازىم.

## 3. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۇسۇلى

ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۇسۇلى مەسىلىسىدە، ئۇزاقتىن بېرى مۇنداق ئىككى خىل يامان خاھىش ساقلىنىپ كەلدى، ئۇنىڭ بىرى، ئاددىيلىق، قوپاللىق. ئەسەرگە باھا بەرگەندە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلماي، سۇبيېكتىپ ھالدا ھەر خىل قالپاقلارنى كىيگۈزۈپ، يازغۇچىلارنىڭ پۇت ـ قولىنى چۈشەپ قويۇش. 10 يىللىق قالايمىقانچىلىقتا ئەدەبىي تەنقىدتىكى بۇ خىل يامان خاھىش چېكىگە يېتىپ، ئەدەبىي تەنقىد كالتەككە ئايلىنىپ قالدى. بۇ جەھەتتىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلار ئاز ئەمەس.

ئەدەبىي تەنقىدتىكى يەنە بىر خاھىش، تۇرمۇشنىڭ باي ۋە مۇرەككەپلىكىگە قارىماي، ھەر خىل رامكىلارنى بەلگىلەش، بىر ئاددەملا سۆزلەش، ئەركىن مۇنازىرىگە، قارشى تەنقىدكە يول قويماسلىق، سەنئەت دېموكراتىيەسىنى بوغۇش. ئەدەبىي تەنقىدتىكى يۇقىرىقى ئىككى خىل ناچار خاھىش ئەدەبىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئۇجۇقتۇرۇش رولىنى ئوينىدى. يولداش خۇ ياۋباڭ «سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتى سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» تا: «ئون نەچچە يىلدىن بېرى، بۇ ئىجادىيەت قوشۇنىمىز ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچرىدى.

بەزى يولداشلار تەبىئەت قانۇنىيىتى تۇپەيلىدىن خازان بولدى؛ بە-
زى يولداشلار خارلىنىپ ھاياتىدىن ئايرىلدى. پەقەت مۇشۇنىڭغىلا
ئاساسلىنىپ، پارتىيەمىز شۇنداق قەسەمياد قىلىدۇكى، ئەدەبىي
ئەسەرلەرگە بەتنام چاپلاپ، ئۇنى چەكسىز پىرىنسىپقا كۆتۈرۈش-
كە، شۇنىڭ بىلەن يازغۇچىلارنى ئەكسىلئىنقىلابچى قىلىپ قو-
يۇشقا قەتئىي رۇخسەت يوق!» دەپ كۆرسەتتى. 3 ـ ئومۇمىي يى-
غىندىن بۇيان، «بارچە گۇللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار
بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىنىڭ بىرقەدەر ياخشى ئىجرا قى-
لىنىشى، سەنئەت دېموكراتىيەسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، ئەدەبىي
ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەنقىد ئەركىنلىكىنىڭ كاپالەتكە ئىگە قى-
لىنىشى نەتىجىسىدە ئەدەبىي تەنقىدلەردە ئاددىيلىق ۋە قوپاللىق
خاھىشلىرى زور دەرىجىدە ئازايدى. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئىلمىيلە-
كى، جەڭگىۋارلىقى ئۆستى. لېكىن ئەدەبىي تەنقىدتە «سول» چىل
خاھىشنىڭ تەسىرى چوڭقۇر بولۇپ، ھازىرمۇ بىر تەرەپلىمىلىك،
سۇبيېكتىپچىلىقنىڭ تەسىرى تۈگىگىنى يوق، بۇنداق ئەھۋالنى
تىرىشىپ تۈگىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

نۆۋەتتە ئەدەبىي تەنقىدتىكى جىددىي مەسىلە يەنىلا تەنقىد قى-
لىشقا جۈرئەت قىلالماسلىق، تەنقىدتىن ۋاز كېچىش ياكى پىرىن-
سىپسىز ماختاشتىن ئىبارەت. بۇ، ئەدەبىي تەنقىدتە بىر قۇتۇپتىن
يەنە بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ كەتكەنلىك بولىدۇ. يولداش خۇ ياۋباڭ
«سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتى سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇ-
تۇق» تا ئەدەبىي تەنقىدنىڭ مۇنداق ئىككى توغرا ئۇسۇلىنى كۆر-
سىتىپ بەردى: بىرى، كالتەكلىمەسلىك، يەنە بىرى، ماختاپ ئۇ-
چۇرماسلىق. بۇ، ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق توغرا ئەدەبىي تەنقىد
ئۇسۇلى بولۇپ، ھازىرمۇ ئەدەبىي تەنقىدنى توغرا، ساغلام يولغا
قويۇشتا يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەدەبىي تەنقىدتە، ئىنقىلا-
بىيلىق بىلەن ئىلمىيلىك بىرلەشتۈرۈلۈشى، ھەقىقەتنى ئەمەلى-
يەتتىن ئىزدەش پوزىتسىيەسى قوللىنىلىشى لازىم.

ئەدەبىي تەنقىد پەن ئىكەن، ئۇنىڭ بىر يۈرۈش ئىلمىي ئۇسۇلى بولىدۇ. رېئالىزملىق ئەدەبىي تەنقىدتە تۆۋەندىكى مۇھىم ھالقىلار-نى چوقۇم ياخشى ئىگىلەش لازىم.

بىرىنچى، زوقلىنىش ئاساسىدا بەدىئىي ئوبرازدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىش. ئەدەبىي ئەسەردە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئەسەردىكى كونكرېت، جانلىق، رەڭگا رەڭ ئوبرازلاردىن زوقلىنىش ئەسەردىن تەسىرلە-نىدىغان ۋە ئەسەرنى تەسەۋۋۇر قىلىدىغان پسىخىك ھەرىكەت، ئە-دەبىي تەنقىدنىڭ بىرىنچى قەدىمى، بۇ باسقۇچتا زوقلانغۇچى ئە-سەر ئىچىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ تۇر-مۇشى، ئىدىيەۋى ھېسسىياتى بىلەن تونۇشىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن تە-سىرلىنىدۇ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى ياكى ئوي - پىكرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، قەغەز يۈزىدىكى ياكى ئېكراندىكى ئوبرازنى تەسەۋۋۇر ئارقىلىق جانلىق نەرسىگە ئايلاندۇرىدۇ، ئوبراز زوقلان-غۇچىنىڭ قەلبىدە قايتا نامايان بولىدۇ. تەسىرلىنىش ۋە تەسەۋ-ۋۇر قىلىش ئارقىلىق، زوقلانغۇچىدا كۈچلۈك ھاياجان قوزغى-لىپ، يازغۇچىنىڭ ئەسىرى بىلەن ھېسسىيات جەھەتتىن ئورتاق-لىشىدۇ، ئەسەردىكى پېرسوناژنى ياخشى كۆرىدۇ ياكى يامان كۆرى-دۇ، مۇھەببەت - نەپرەت، يىرگىنىش، مەنسىتمەسلىك قاتارلىق ھېسسىي ھۆكۈم پەيدا بولىدۇ، پەقەت شۇ چاغدىلا، ئەسەرگە نىس-بەتەن ئىلمىي ھۆكۈم چىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغىلى بو-لىدۇ.

ئىككىنچى، ئوبرازنى تەھلىل قىلىپ، ئەسەرنىڭ ئومۇمىي خا-ھىشىنى ئىگىلەش. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ بىرىنچى قەدىمىدە، زوق-لىنىش، تەسىرلىنىش ئاساسىدا ھېسسىي ھۆكۈم چىقىرىش، ئىككىنچى قەدىمىدە ئەسەرگە نىسبەتەن ئەقلىي تەھلىل يۈرگۈ-زۈش كېرەك. ئوبرازنى تەھلىل قىلىش، ئەدەبىي ئەسەردە ئىجتى-مائىي تۇرمۇش، ئىدىيەۋى ھېسسىياتنىڭ قانداق ئەكس ئەتتۈرۈل-

گەنلىكىنى تەتقىق قىلىش لازىم. چۈنكى ئەدەبىي ئەسەر تۇرمۇشنى
ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى-
لىكى بىلەن بەدىئىيلىكى ئوبراز ئىچىگە سىڭدۈرۈلگەن بولىدۇ.
ئىدىيەۋىلىك ئوبرازنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىدە، بەدىئىيلىك
ئوبرازنى نامايان قىلغان گۈزەللىكتە ئىپادىلىنىدۇ. ئوبرازدىن
ئايرىلغان ئەدەبىي تەنقىد چاكىنا، ئىلمىيلىكى بولمىغان تەنقىد
بولىدۇ.

بىر ئەسەرنىڭ بەدىئىي جەھەتتىن ئۇتۇقلۇق چىققان ياكى
چىقمىغانلىقى ئاساسەن ئوبرازغا قاراپ باھالىنىدۇ. شائىر ئۆز
شېئىرىنىڭ بىرەر - ئىككى مىسراسىنىڭ گۈزەل بولۇشىنى ئە-
مەس، بەلكى پۈتۈن شېئىرىدىكى ئوبرازنىڭ گۈزەل بولۇشىنى
كۆزلىشى كېرەك. يازغۇچىنىڭ مەقسىتى بارلىق بەدىئىي ۋاسىتى-
لەرنى ئىشقا سېلىپ، پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىشتىن ئىبارەت.
ئوبراز تەسىرلىك چىقسا، پېرسوناژ خاراكتېرى تولۇق، جانلىق
بولسا، پېرسوناژ ھەرىكىتى، سۆزى ئۇنىڭ خاراكتېر مەنتىقىسىگە
ئۇيغۇن كەلسە، بۇنداق ئەسەر بەدىئىي جەھەتتىن ئاساسەن ئۇتۇق-
لۇق چىققان بولىدۇ. ئەگەر پېرسوناژلار ئوبرازى تىكلەنمىسە،
ئايرىم قىزىقارلىق ئېپىزوتلار (ئايرىم ۋەقەلەر) ۋە تەسىرلىك
سۆزلەر بولغان بىلەنمۇ، بۇنداق ئەسەرنى ئۇتۇقلۇق چىققان دەپ
ھېسابلىغىلى بولمايدۇ.

ئۈچىنچى، سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ ئەسەرنىڭ ياخشى -
يامانلىقىنى ياكى يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى ئايرىش. سېلىشتۇرۇپ
پەرقلەندۈرۈش ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى تونۇشتىكى
مۇھىم پىكىر قىلىش ئۇسۇلى. ئەدەبىي تەنقىدتىكى سېلىشتۇرۇپ
تەتقىق قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى ھەر خىل بولىدۇ. زاماندىش ياز-
غۇچىلارنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى
تەھلىل قىلىش، ئوخشاش تېمىدا ئەسەر يازىدىغان يازغۇچىلارنى
بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپ، ئەسەرنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا باھا

بېرىش، بىر يازغۇچىنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردە يازغان ئەسەرلىرىنى بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولىنى كۆزىتىش قاتارلىق سېلىشتۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش مۇمكىن. مۇنەۋۋەر ئەسەر بىلەن ئادەتتىكى ئەسەرلەرنى سېلىشتۇرۇش جەريانىدا، ياخشى ـ يامان ئەسەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، مەلۇم ئەسەر ياكى ئىجادىيەت خاھىشىنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيىتىگە باھا بەرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭدا ئەدەبىي تەنقىدنىڭ قايىل قىلىش كۈچى تېخىمۇ زور بولىدۇ.

تۆتىنچى، يازغۇچىغا نىسبەتەن ئەتراپلىق توغرا باھا بېرىش. ئەدەبىي ئەسەر رېئال تۇرمۇشنىڭ يازغۇچى مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى. ئەسەرگە يازغۇچىنىڭ ئىدىيەسى ۋە ھېسسىياتىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ، شۇڭا ئەسەرگە باھا بەرگەندە، يازغۇچىغا نىسبەتەن توغرا چۈشەنچە ھاسىل قىلىش كېرەك. بەزى ئەسەرلەرگە باھا بەرگەندە، ئەگەر يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسى، ئىدىيەۋى ھالىتىنى ئىگىلىمىگەندە، ئەسەرنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىپ يەتكىلى بولمايدۇ. لېنىن تولستوينىڭ ئەسەرلىرىگە باھا بەرگەندە ئۇنىڭ ئائىلىۋى شارائىتى، سىنىپىي ئورنى، تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسى، ئىدىيەۋى ھالىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىپ، تولستوي ئىجادىيىتىنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى تېپىپ چىققان ئىدى.

ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئوبيېكتى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ، شۇڭا ئەدەبىي تەنقىدمۇ مۇرەككەپ، نازۇك خىزمەت، بۇ جەھەتتە نۇرغۇن مەسىلىلەرنى مەخسۇس تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەدەبىياتىمىزدا ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئاجىز ھالقا. ئەدەبىي تەنقىد بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار ناھايىتى ئاز. بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز چوقۇم ھەقىقىي پەن سۈپىتىدە راۋاجلىنىشى كېرەك، بۇ بىزنىڭ تىرىشىش نىشانىمىز.

# ئەدەبىي تەنقىدتە خۇش پۇراقلىق گۇللەرنى پەرۋىش قىلىشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇش كېرەك

ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكلىرى ئۈستىدىكى بىر خىل تەقرىزدىن ئىبارەت، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ۋەزىپىسىنى كۆپ تەرەپلىمە چۈشەندۈرۈش مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى لۇشۈننىڭ «زەھەرلىك چۆپلەرنى قىرقىشلا ئەمەس، خۇش پۇراقلىق گۇللەرنىمۇ پەرۋىش قىلىش» دېگەن سۆزى بىلەن خۇلاسىلەشكە بولىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىدنىڭ خۇش پۇراقلىق گۇللەرنى پەرۋىش قىلىش بىلەن زەھەرلىك چۆپلەرنى قىرقىشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ ۋەزىپىسىنىڭ قايسى تەرىپىنى قانداق ئورۇنغا قويۇش، ھەرقايسى دەۋرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەمەلىيىتى ۋە ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ سىنىپىي مەنپەئەتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرغان شارائىتتا ھەر خىل پۇتلىكاشاڭلارنى تازىلاپ، پىرولېتارىيات ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كەڭ يول ئېچىش ئۈچۈن ئەدەبىي تەنقىدنىڭ زەھەرلىك چۆپلەرنى قىرقىش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇش تامامەن زۆرۈر ئىدى. «4 ـ ماي» ھەرىكىتىدىن تارتىپ ئازادلىققىچە بولغان ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە ئەدەبىي تەنقىد ئىدىيەۋى كۈرەش قورالى سۈپىتىدە ھەر خىل زەھەرلىك چۆپلەرنى، خاتا ئىدىيەلەرنى تازىلاپ، ئېلىمىز پىرولېتارىيات ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1979 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى «جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ 4 ـ قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن تەبرىك نۇتقى» دا: «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن ئىلگىرىكى 17 يىلدا ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىنىڭ نەتىجىسى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى...»، «ئۈچ يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەرنى ئەسلەيدىغان بولساق، مېنىڭچە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسى ناھايىتى ئوبدان مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن تارماقلارنىڭ بىرى» دېگەنىدى. بۇ، ئازادلىقتىن بۇيانقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەھۋالىغا بېرىلگەن ئىلمىي باھا.

ئېپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يېڭى ۋەزىيەت شۇكى، 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ، جۈملىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ هازىرقى دەۋرى دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئەڭ ياخشى تارىخىي دەۋر بولۇپ قالدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى ئەدەبىي ئىجادىيىتى مەيلى سان، مەيلى سۈپەت، مەيلى تېمىنىڭ كەڭلىكى، شەكلىنىڭ ۋە ئۇبرازلىرىنىڭ خىلمۇخىللىقى، دەۋر روھىنىڭ چوڭقۇر ئىپادىلىنىشى جەھەتلەردە بولسۇن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرىكى 17 يىلدىكىدىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى.

كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان زور بىر تۈركۈم ياش ۋە ئوتتۇرا ياش يازغۇچىلار ئەدەبىيات ـ سەنئەت سېپىگە قوشۇلۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت سېپىگە يېڭى تۈس، يېڭى كەيپىيات ئېلىپ كەلدى. ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى يېڭى بۆسۈش كۆپ هاللاردا ئەنە شۇلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق مەيدانغا چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئالاھىدىلىكى

شۇكى، ئەسەرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، ئوبرازلىرى خىلمۇخىل. ئۇلار ھازىر پېرسوناژلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىنى ئىپادىلەشكىلا ئەمەس، بەلكى ئىچكى دۇنياسىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىشكىمۇ كۈچ سەرپ قىلماقتا. پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى مۇرەككەپ، نازۇك توقۇنۇشلار ئىچىدە جانلاندۇرۇشقا تىرىشماقتا. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ دەۋر روھى كۈچلۈك، ئۇلار ئەدەبىي ئىجادىيەتنى دەۋر بىلەن بىللە تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا يېڭى ـ يېڭى ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارماقتا.

بىزنىڭ ئەدەبىيات سېپىمىزدە مۇشۇنداق ياش ۋە ئوتتۇرا ياش يازغۇچىلار ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىلمەكتە، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق دۇنيا قاراش بىلەن باي تۇرمۇشنىڭ ئىجادىيەتكە بولغان ھەل قىلغۇچ رولىنى بارغانسېرى چوڭقۇر تونۇپ، پېشقەدەم يازغۇچىلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئەدەبىي ماھارىتىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىش يولىدا جاپالىق ئەمگەك قىلماقتا.

لۇشۈن ئەينى چاغلاردىكى ياش يازغۇچىلار توغرىسىدا مۇنداق دېگەنىدى: «مۇھىت مانا مۇشۇ تەرەپتە»، «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆسۈۋاتقان ساغلام، يېڭى بىخلىرىنى سەگەك ئاڭ ۋە مۇستەھكەم شىجائىتى بىلەن يانتاق ـ تىكەن ئارىسىدىن نامايان قىلماقتا» («ئالا كۆڭۈل»). ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنىمىزدىكى ياش ۋە ئوتتۇرا ياش يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇ خىل ياكى بۇ خىل كەمچىلىك ۋە نۇقسانلار داۋاملىق كۆرۈلۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىزدىنىشكە، يېڭىلىق يارىتىشقا جۇرئەتلىك بولۇشتەك جۇشقۇن روھى ئۇلار ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى، ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنى نامايان قىلىدۇ.

دېمەك، پۈتۈن مەملىكەت، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنىمىز ياخشى

قوشۇن. ياخشى ۋە بىرقەدەر ياخشى ئەسەرلەر كۆپ ساندا، ئىدىيەۋى خاھىشى ئانچە ساغلام بولمىغان ئەسەرلەر ئىنتايىن ئاز ساندا، جۈملىدىن، مۇنداق ئەسەرنى نورمال، ئىلمىي ئەدەبىي تەنقىد ئارقىلىق توغرا نىشانغا قاراپ يېتەكلىگىلى بولىدۇ. ئەمەلىي پاكىت ئەنە شۇنداق ئىكەن، ئەدەبىي تەنقىد پۇراقلىق گۈللەرنى پەرۋىش قىلىشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. بۇ، دەۋرنىڭ ئېھتىياجى، خەلقنىڭ تەلىپى.

ئەدەبىي تەنقىدتىكى «پەرۋىش قىلىش» بىلەن «قىرقىش» بىر مەسىلىنىڭ ئىككى تەرىپى بولۇپ، «پەرۋىش قىلىش» بىلەن «قىرقىش» نىڭ دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، «پەرۋىش قىلىش» ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەدەبىي تەنقىد پۇراقلىق گۈللەرنى پەرۋىش قىلىشنى، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى گۈللەرنى يېتىلدۈرۈپ مەنىۋى مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى ئالاھىدە تەكىتلىشى لازىم. ئەدەبىي تەنقىد ئاز ساندىكى زەھەرلىك چۆپلەرنى ياكى ئىدىيەۋى خاھىشى ساغلام بولمىغان ئەسەرلەرنى قىرقىشى، تەنقىد قىلىشى يەنىلا پۇراقلىق گۈللەرنى تېخىمۇ ياخشى پەرۋىش قىلىشنى، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدتە پۇراقلىق گۈللەرنى پەرۋىش قىلىشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇش — پارتىيەمىزنىڭ تەقدىرلەشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىنىڭ ئەدەبىي تەنقىدتىكى كونكرېت ئىپادىسى، لېكىن مەسىلىنى مۇنداق قويۇش ھەرگىزمۇ ئەدەبىي تەنقىدنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئىنقىلابىي پىرىنسىپلىرىنى ئىنكار قىلغانلىق بولمايدۇ. ئەدەبىي تەنقىدتە پۇراقلىق گۈللەرنى پەرۋىش قىلىشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇش بىلەن بىرلىكتە زەھەرلىك چۆپلەرنىمۇ، خاتا ئىدىيەلەرنىمۇ تەنقىدلەپ ئۇلارنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىش كېرەك.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئۇزۇن بىر مەزگىل ئىچىدە «سىنىپىي كۈرەش تۇتقا» دېگەن ئىدىيەنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن

ۋە «سولچىل» خاھىشىنىڭ تەسىرى بىلەن ئەدەبىي تەنقىدتە «زەھەرلىك چۆپلەرنى قىرقىش» ئاساسىي ئورۇنغا قويۇلۇپ كەلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا ئەدەبىي تەنقىدنىڭ پۇراقلىق گۈللەرنى پەرۋىش قىلىش ۋەزىپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەدەبىي تەنقىد بىر خىل كۈرەش قورالىغا ئايلىنىپ، ئاتالمىش «زەھەرلىك چۆپلەرنى قىرقىش» ئەدەبىي تەنقىدنىڭ بىردىنبىر ۋەزىپىسىگە ئايلىنىپ قالدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىن، بولۇپمۇ 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى قالايمىقانچىلىقلارنىڭ ئوڭشىلىشىغا ئەگىشىپ، بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدىمىزدە يېڭى جانلىنىش مەيدانغا چىقتى، ئەدەبىي تەنقىد قوشۇنى شەكىللىنىپلا قالماي، ئوخشاشمىغان پىكىرلەر ئوتتۇرىسىدا ئەركىن مۇنازىرىلىشىدىغان ئېچىلىپ - سايراش كەيپىياتى بارلىققا كەلدى، بۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ياخشى باشلىنىش. دەرۋەقە، بەس - مۇنازىرە ئارقىلىق ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرمۇ يوق ئەمەس.

بىزنىڭ بەزى ئەدەبىي تەنقىدلىرىمىزگە ساغلام بولمىغان كەيپىياتلار ئارىلاشقان بولۇپ، يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئادىل، دەل، توغرا باھا بېرىلمەيۋاتىدۇ. شەخسىي ھەۋەس ۋە شەخسىي مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن، بەزى تەنقىدچىلەر ئەسەرلەرنى «مۇكەممەل تىپ يارىتىلغان»، «تۇرمۇشنىڭ نازۇك جايلىرىغا بۆسۈپ كىرگەن»، «يۈكسەك نامايەندە» دەپ مەدھىيىلەپ، ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان كەمچىلىكلىرىنى تىلغا ئالمىسا، بەزى تەنقىدچىلىرىمىز «ناتۇرالچىلىق خاھىشى يۇقىرى ئورۇندا»، «ئىدىيەۋى خاھىشى تۇتۇق»، «ساختا توقۇلما» دېگەندەك خىلمۇخىل قالپاقلار بىلەن ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىك قىممىتىنى يەڭگىللىك بىلەن ئىنكار قىلىۋاتىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدتىكى بۇ خىل ئاددىيلىق، قوپاللىقنىڭ تەسىرى تېخى تۈگىتىلمىدى. بىزنىڭ بەزى تەنقىدلى-

رىمىزدە ئەدەبىيات ــ سەنئەتنىڭ جانلىق، كونكرېت، ھېس قىلغىلى بولىدىغان خاراكتېر توقۇنۇشى ئىچىدە، مول ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى ماھىيىتىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تەلپىنى ۋە تارىخنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغانلىقى، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە شەخسىي ئىجادچانلىق ۋە شەخسىي ھەۋەس، ئىدىيەۋى فانتازىيە، شەكىل ۋە مەزمۇن ئۈچۈن كەڭ زېمىن بېرىلىدىغانلىقى نەزەرگە ئېلىنماي، بەزى بىر تەرەپلىمە، قاتمال نەزەرىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خىلمۇ خىل رامكىلارنى بەلگىلەيدىغان، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت بىرلەشتۈرۈلمىگەن سۇبيېكتىپلىق پات ــ پات كۆرۈلمەكتە. بىزنىڭ يەنە بەزى ئەدەبىي تەنقىدلىرىمىز يازغۇچىنىڭ ئىزدىنىش روھىغا، بۆسۈپ ئۆتۈش جەھەتتىكى جاسارىتىگە مەدەت ۋە ئىلھام بەرمەي، يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىن تولۇق پىشىپ يېتىلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن سادىر قىلغان ئايرىم كەمچىلىك، نۇقسانلىرىنى ئومۇملۇققا كۆتۈرۈپ، قارىقويۇق تەنقىدلەيدىغان، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى يېڭىلىقنى كۆرمەيدىغان بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي بولالمايۋاتىدۇ، شۇڭا بىزنىڭ بەزى ئەدەبىي تەنقىدلىرىمىز كىتابخاننى ۋە يازغۇچىنى قايىل قىلالمايلا قالماي، بەلكى بەزى ئىدىيەۋى قالايمىقانچىلىقلارنىمۇ پەيدا قىلماقتا.

بۇ خىل ئىلمىي، نورمال ۋە ساغلام بولمىغان ئەھۋاللارنىڭ مەيدانغا چىقىشىدا ئەدەبىي تەنقىدنىڭ خاراكتېرىنى، ۋەزىپىسىنى ئەتراپلىق چۈشەنمەسلىك قاتارلىق خىلمۇخىل سەۋەبلەر بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىي تەنقىدكە بولغان يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە سۇبيېكتىۋىزملىق، بىر تەرەپلىمىلىك ۋە ئىدىيەۋى قاتماللىقنىڭ تېخى تۈگىمىگەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

ئەدەبىي تەنقىدتە نىشان، مەقسەت ئېنىق بولۇشى لازىم. ئەدەبىي تەنقىد ئوخشاشلا خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت

قىلىدۇ. تەنقىدچى خەلق مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى بولۇپ، ئۇ ئەدەبىي تەنقىد ئارقىلىق، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېستېتىك خاھىشىنى ۋە تەلىپىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم. بۇ، ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تۈپ پىرىنسىپى.

ئەدەبىي تەنقىد نورمال ھالدا ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ شەخسىي قابىلىيىتىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، بەلكى تەنقىدچىنىڭ شەخسىي تالانتىنىڭ، دەۋر ۋە خەلق تەلىپىنىڭ توغرا ئومۇملاشتۇرۇلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. ئەدەبىي تەنقىدتە تەنقىدچىنىڭ شەخسىي ئەمگىكى ئىنتايىن مۇھىم. تەنقىدچىنىڭ بىرەر ئەسەرنىڭ قىممىتى، ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى تەھلىلى تەنقىدچىنىڭ شەخسىي تونۇشى، ئەدەبىي تەربىيەلىنىشى ۋە تۇرمۇش قارىشىدىن ئايرىلمايدۇ. ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىنىڭ تېيىزلىقى ياكى چوڭقۇرلۇقى، سەنئەتتىكى ئۆزگىچىلىكى تەنقىدچىنىڭ ئىجادىي تەسىراتى، ئىلمىي ئەمگىكى ئارقىلىق نامايان بولىدۇ. بۇ خىل تەسىرات ياكى ئىلمىي ھۆكۈم ماھىيەتتە، مەلۇم سىنىپ، مەلۇم تەبىقە ياكى مەلۇم ئىجتىمائىي كۈچنىڭ ئىرادىسى ۋە مەنپەئەتىنىڭ گەۋدىلىنىشى، خالاس. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا، ئاخىرقى ھېسابتا، ئەمەلىيەت، خەلق ھۆكۈم چىقىرىدۇ، شۇڭا ئەدەبىي تەنقىدچى خەلقنىڭ تىلى ۋە ئاۋازى بولۇشى، دەۋر بىلەن بىللە ئالغا بېسىشى كېرەك. دەۋرنىڭ ئېھتىياجى ۋە خەلقنىڭ تەلىپىنى ئاساس قىلماي، ئۆزىنى شەخسىي دائىرىگە ياكى تار گۇرۇھنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋەس دائىرىسىگە قويغان تەنقىدچى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ھەقىقىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئاممىنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ، تارىخىي ساۋاق.

ئەدەبىي تەنقىد ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىشى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋەزىيىتىنى توغرا مۆلچەرلىشى لازىم. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئەدەبىي تەنقىدنىڭ جان تومۇرى، ئەدەبىي ئەسەرگە باھا بەرگەندە ئابستراكت نەزەرىيەۋى ئۇقۇمنى ئەمەس،

بەلكى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت
ئەمەلىيىتىنى چىقىش نۇقتا قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق بولغاندا،
ئەدەبىي تەنقىد پۇختا ئەمەلىي ئاساسقا ئىگە بولۇپ، كىتابخاننى
ۋە يازغۇچىنى قايىل قىلالايدۇ. ئەدەبىي تەنقىدمۇ ئەمەلىيەتنىڭ،
تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدۇ.

ئەدەبىي تەنقىدتە يازغۇچىنىڭ ئىزدىنىش روھىنى، يېڭىلىق
يارىتىش جەھەتتىكى جۈرئىتىنى قىزغىن قوللاش ۋە ئۇنىڭغا مە-
دەت بېرىش كېرەك. ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىجادچانلىقتا باي مەنىۋى
ئەمگەك. ئىجادچانلىق بولمىسا، بۆسۈپ ئۆتۈش بولمىسا، ئەدەبى-
يات ـ سەنئەتتە تەرەققىيات بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ ياز-
غۇچى ـ شائىرلىرىمىز ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنىدىن تارتىپ
شەكلىگىچە هەر خىل يېڭىلىقلارنى يارىتىۋاتىدۇ. كىشىنى خۇشال
قىلىدىغان يېڭى ـ يېڭى بۆسۈپ ئۆتۈش مەيدانغا چىقىۋاتىدۇ. تەن-
قىدچى ئەنە شۇ يېڭىلىقلارغا نىسبەتەن قىزغىن مۇھەببەت باغلى-
شى، تولۇق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا يازغۇچىلارنىڭ
مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش، مۇستەقىل ئىزدىنىش روھىغا مەدەت
بېرىشى لازىم. ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش جەريانىدا ئۇ خىل
ياكى بۇ خىل نۇقسانلارنىڭ كۆرۈلۈشى نورمال ئەھۋال، تەنقىدچى
يازغۇچىنىڭ ئىزدىنىش روھىنى توغرا باھالىشى، مەسىلىگە تە-
رەققىيات نۇقتىسىدىن قاراپ، يازغۇچى ئىجادىيىتىنىڭ ئومۇمىي
يۈزلىنىشىنى نەزەردە تۇتۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، يازغۇچى-
نىڭ ئىجادىيەتتە داۋاملىق ئالغا بېسىشىغا يارەم بەرگىلى بولىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىدتە توغرا ئۇسۇل بولۇشى لازىم. تەنقىد ۋە ئۆز ـ
ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ـــ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى
تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم ئۇسۇلى. توغرا ئەدەبىي تەنقىد
دوستانە، قىزغىن، سەممىي، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، مۇۋاپىق بو-
لۇشى لازىم. خۇددى يولداش خۇ ياۋباڭ كۆرسەتكەندەك: «توغرا
ئۇسۇل يەنىلا ئىككى. بىرى، كالتەكلىمەسلىك؛ يەنە بىرى، تەخ-

تىراۋانغا سېلىپ كۆتۈرمەسلىك.» تەنقىدكىمۇ يول قويۇش، جۈم-
لىدىن، قارشى تەنقىدكىمۇ يول قويۇش، ئوخشاشمىغان پىكىرلەر
ئوتتۇرىسىدا ئەركىن مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرىنى يولغا قويۇش لازىم.
مۇنازىرە خاراكتېرىنى ئالغان ئەسەرلەرگە كونكرېت تەھلىل يۈر-
گۈزۈپ، ياخشى يېرىنى ياخشى، يامان يېرىنى يامان دېيىش، ھەر-
گىزمۇ بىر نۇقتىنى تۇتۇۋېلىپ، ھەممىنى ئىنكار قىلماسلىق يا-
كى ھەممىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەسلىك كېرەك. يازغۇچىنىڭ بىرەر
ئەسىرىدە مەسىلە بولسا، شۇ يازغۇچىنىڭ ھەممە ئەسىرىدە مەسى-
لە بار، دەپ قارىغىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا ئايرىم ئەسەرلەردە مەسى-
لە چىقسا، بىر پۈتۈن ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مەسىلە بار، دېگىلىمۇ
بولمايدۇ. بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدىمىز توغرا، دەل بولۇشى لازىم.
بىز ئەدەبىي تەنقىدنى بىر پۈتۈن سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-
سەنئەت ئىشىنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراپ، يېتەكچى ئىدىيە جە-
ھەتتىن «سولچىل» خاھىشنىڭ تەسىرىنى داۋاملىق تۈگىتىپ،
ئەدەبىي تەنقىدنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت
ئىدىيەۋى لۇشيەن ئاساسىغا قۇرۇپ، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەن-
قىد قىلىشنى توغرا قانات يايدۇرىدىغان بولساق، يېڭىدىن بىخ ئۇ-
رۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ئەدەبىي تەنقىدىمىزدە جەزمەن يېڭى ۋەزىيەت
ياراتقىلى بولىدۇ.

# يىپەك يولى باغرىدىكى مىلودىك چەشمە
# ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى توغرىسىدا

يىپەك يولى ئاجايىپ سېھىرلىك ئۇلۇغ قانال. بۇ قانال ساھە-سىگە قەدىمكى رىمدىن سەلتەنەتلىك چاڭئەنگىچە بولغان بىياپان زېمىنىنىڭ ئەڭ گۈزەل مەدەنىيەت گۈلشەنلىرى ۋە سەنئەت چەش-مىلىرى جايلاشقان.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى، ھېسسىيات يالقۇن-لىرى ۋە تەپەككۇر دۇردانىلىرىدىن پەيدا بولغان ئاجايىپ مۆجى-زىدار سەنئەت گۈلزارىدا سېھىرلىك بىر چەشمە ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگىچە جاۋاھىرات بۈژغۈنلىرىنى چاچرىتىپ كەلمەكتە. ئۇ بولسىمۇ ھېكمەتلىك مەنىدار، سەنئەتتە مەپتۇنكار ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدىن ئىبارەت.



ناخشا يۈرەكنىڭ ساداسى، ئۇسسۇل قەلبنىڭ ئىزھارىدۇر. ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى. ئۇ، ئۇلۇغ، ئۆلمەس ۋە ئېگىلمەس ـ سۇنماس بۈيۈك شائىر ــ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقى قەلبىنىڭ زىلزىلىسى، شادلىق نالىسى، مۇھەببەت ـ نەپرىتى، ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىدىن تويۇنۇپ پارتلىغان مېلودىك فونتان بولۇپ، تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ روھىي دۇنياسىغا، ئىجتىمائىي ھاياتىغا، پىسخىكىسىغا سىڭىپ كەتكەن. ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى جەمئىيەت كىشىلىرىنى ئىجتىمائىي ھەققانىيەت، پاك مۇھەببەت، ھالال تۇرمۇش، گۈزەل غايە، گۈزەل ئەخلاق ۋە گۈزەل تۇرمۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشتەك خاسىيەت ئالاھىدىلىكى، مەزمۇنى، شەكلى ۋە بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتلەردىكى ئىلمىيلىكى، ئاممىۋىلىقى، چىنلىقى، تەسىرچانلىقى، شوخلۇقى، خىلمۇخىللىقى، جەڭگىۋارلىقى بىلەن جەمئىيەتكە ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىدىغان، مەنىۋى قۇدرىتى بىلەن خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى بېيىتىدىغان، خەلقنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى، ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدىغان، سەنئەت ھۇزۇرىنى ئاشۇرىدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى ئەڭگۈشتەرلىك رولىنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

قەدىمكى «يىپەك يولى» باغرىدا ئەسىرلەردىن بۇيان ياڭراپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى شېئىر جەھەتتە چۈچۈك تىل، شېرىن مۇھەببەت، ئۆتكۈر كىنايە، جانلىق سىمۋول، تەبىئىي ئوخشىتىش، كۈچلۈك مۇبالىغە، ئەينەن تەقلىد، ئىلھامبەخش قوشما تەسەۋۋۇر، ھېكمەتلىك ماقال ـ تەمسىل، پىچىملىق ئوبرازلار بىلەن ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئاشۇرغان.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن قوشاق، مۇزىكا نۇقتىسىدىن ناخشا. ئۇنى چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن ئوقۇشقىمۇ، ئۇسسۇلغا تەڭكەش قىلىپ ئوقۇشقىمۇ، چالغۇ ئەسۋابلارسىز ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ.

ناخشا خۇمارلىق ئەزەلدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ روھىي دۇنياسىـ-
غا، پسخىكىسىغا، ھەممە ئىنىق ھەربكەتلىرىگە، بۆشۈكتىن
گۆرگىچە بولغان بارلىق تىربكچىلىكلىرىگە سىڭىپ كەتكەن.
شۇڭا، تارىختىن بۇيان يەر يۈزىدە ناخشىنى ياخشى كۆرمەيدىغان،
سەنئەت تۇيغۇسى ئۆلگەن، ناخشىنى يات كۆرىدىغان بىرمۇ ئۇيغۇر
نەسلىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ!

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى زامان ـ ماكان توسۇقلىرىدىن ھال-
قىپ كەتكەن. ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى تولىمۇ ئۇزاق ئەسىرلەردىن
بۇگۈنگىچە بولسا، ئۇنىڭ ماكان (جۇغراپىيەلىك) ۋە كەسپىي
چەمبىرى بىرەر يۇرت ياكى بىرەر كەسپىي پائالىيەت بىلەنلا
چەكلەنمىگەن. ئۇنى ناھايىتى ئۇششاق، نۇرغۇن، كونكرېت تۈر-
لەرگە ئاجراتساقمۇ، مەزمۇن ئومۇملۇقى جەھەتتە ئۈچ چوڭ تۈرگە
بۆلۈش مۇمكىن. ئۇلار:

1. ئىجتىمائىي تۇرمۇش تېما قىلىنغان خەلق ناخشىلىرى؛
2. ئېتنىك ئۆرپ ـ ئادەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن خەلق ناخشىلىرى؛
3. ئىشق ـ مۇھەببەت ئىپادىلەنگەن خەلق ناخشىلىرىدىن ئى-
بارەت.

ئىجتىمائىي تۇرمۇش تېما قىلىنغان خەلق ناخشىلىرىدا ئەم-
گەك ناخشىلىرى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

ئەمگەك ناخشىلىرى كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەمگەكتىن
بىۋاسىتە ئىلھاملىنىشى جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئەم-
گەكنىڭ ئۇلۇغ خاسىيىتىنى يۈكسەك شېئىرىي پىكىر بىلەن
سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

گۈل ـ گۈلىستان بولغۇدەك،
ئالەم گۈلىستان بولغۇدەك.
ياخشىلار بىر يەرگە كەلسە،
چۆللەرمۇ بوستان بولغۇدەك.

ئەمگەك ناخشىلىرى ھەققىدە سۆز بولغاندا، ئۇنى ئىنسانىنىڭ نوقۇل تەبىئەت بىلەن بولغان جىسمانىي ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى تەسۋىرلەيدىغان ناخشىلاردىن چۈشىنىش بىر تەرەپلىمىلىكتۇر. ماركس ئېيتقاندەك، سىنىپىي جەمئىيەتتە ئەمگەك ئەسلىي ماھىيىتىدىن ياتلاشقان بولغاچقا، ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئەمگەك ناخشىلىرىنى زۇلۇم ـ مۇشەققەتنى قارىلاش ۋە ئەركىن ـ ئازادلىكنى ئارزۇ قىلىش بىلەن، شۇنىڭدەك ئىشق ـ مۇھەببەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئەمگەك ناخشىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۇنۇمدارلىقى ۋە بەدىئىي كۈچىنى ئاشۇرغان. «ئالۋان ناخشىسى»، «ئۆستەڭ ناخشىسى»، «سېپىل ناخشىسى» قاتارلىقلاردا مەجبۇرىي زۇلۇم ئاستىدىكى قۇللارچە ئەمگەك ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ مۇڭلۇق نالىسى، كۈرەش ئىرادىسى گەۋدىلەنگەن.

ئۆستەڭنىڭ تېگى لايدۇر،
دەسسىسەم لىغىلدايدۇ.
زالىملار چىقىپ كەلسە،
يۈرەكلەر جىغىلدايدۇ...

*　　*　　*

دەريانىڭ سۈيى تاشسا،
چوڭ كۈرەنى باسماقچى.
ئەقىلسىز نادان بەگلەر،
ھاشار بىلەن توسماقچى.

*　　*　　*

سۇلتان خوجام سورايدۇ،
سېپىل سوققانلار نەلىك.

بىز خانغا نېمە قىلغان،
بىكار ياتىدۇ شەلىك.

*   *   *

ئۆستەڭنىڭ تېگى قاتتىق،
چاپسام كەتمەن ئۆتمەيدۇ.
زالىم تۆكچىسى بەگلەر،
بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ.

*   *   *

ئەجەب بىر زامان بولدى،
ئالەم چۆرگىلەي دەيدۇ.
يۇرەكتىكى زەرداب سۇ،
قانغا ئۆرۇلەي دەيدۇ.

*   *   *

يامۇلنىڭ ئىچى زەيلىك،
بۇ دەردلەرگە نېمە دەيلىك.
ئەركىنلىككە بەل باغلاپ،
ياخشىلىقنى ئىزدەيلىك.

بۇ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك مۇھىتىدىكى ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنىڭ ھەقىقىي كارتىنىسى، ئۇلارنىڭ كۈرەشچان ھايات تارىخىنىڭ ئوبرازلىق خاتىرىسىدۇر.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېتنىك ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن ناخشىلىرى ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ دائىمىي مېلودىك ھەمراھى بولۇپ، ئۆتمۈشتىن ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلدى. بۇلار قاتارىغا

ئالدى بىلەن توي ــ تۆكۈن، ئۆلۈم ــ مەرسىيە، بۆشۈك تويى، ئەل ـ لەي ناخشىلىرى، ئاندىن قالسا ھەر خىل ھېيت ــ ئايەم، سەيلە قوشاق ــ ناخشىلىرى كىرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۆشۈك ناخشىلىرى ـــ «ئەللەي كۈيى» تولىمۇ مۇڭلۇق ۋە تەسىرلىك. مېھرىبان ئانىلار ئوماق بالىلىرىنى بۆشۈكتە تەۋرىتىپ، ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇ ـ ئارمانلىرىدىن يىغلايدۇ ۋە بۆشۈكتىكى يېڭى ئەۋلادىغا يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى ئەڭ شېرىن ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى تىلەيدۇ. ئەللەي ناخشىسىنى ئۇيغۇر خەلقى ئىجتىمائىي بەخت قاراشلىرىنىڭ ئىخچام شەكلى دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن:

ساڭا قويدۇم ياخشى ئات، ئەللەي،
ياخشى نىيەتتۇر مۇراد، ئەللەي.
ئەل ـ يۇرتۇڭغا سۆيۈنسەڭ، ئەللەي،
ساڭا بولغۇسى قانات، ئەللەي.

* * *

مەن بالامنى بۆلەيمەن، ئەللەي،
ئالتۇن تاغقا يۆلەيمەن، ئەللەي.

* * *

قولى ئارسلان بىلەكلىك،
باتۇر قاپلان يۈرەكلىك.
ياخشى ـ يامان كۈنۈمدە،
ماڭا بەكمۇ كېرەكلىك.
ئەللەي بالام، ئەللەي،
جانىم بالام ئەللەي.

مۇراسىم ناخشىلىرى ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. مەسىلەن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئەفراسىياپ ئۆلۈمىگە بېغىشلانغان مۇراسىم قوشىقى بىلەن مىلادىيە 998 ـ يىلى يېڭىسار ـ يەكەن ـ يوپۇرغا ئارىسىدىكى سەلقۇمدا شېھىت بولغان ئەلى ئارسلانخانغا ئاتالغان مەرسىيە ناخشىسى بۇنىڭغا تىپىك مىسالدۇر.

ئالپ ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ،
ئىسسىز ئاژون قالدىمۇ.
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

يەشمىسى:

باتۇر توڭا (ئەفراسىياپ) ئۆلدىمۇ،
ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ.
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك تىلىنماقتا.
(«تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 59 ـ بەت.)

ئاتاسى شاھى مەرداندۇر،
ئاناسى نۇرئەلا نۇرخان.
خۇدا يولىدا جان بەرگەن،
شەھىدۇ ئارسلانخاندۇر.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى قاتارىدا قەھرىماننىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ناخشىلىرى خەلق ئاغزىدىكى ئىپتىخارلىق مەرسىيە ناخشىلىرى تۈسىنى ئالغان. مەسىلەن، سېيىت نوچىنىڭ:

مېنى ئاتساڭ ئۇستاڭ ئات،
نائۇستاڭ يېقىن كەلمە.

دېگەن ناخشىسى، نۇزۇگۇمنىڭ:

نۇزۇك قولى باغلاندى،
ئۆلتۇرمەككە چاغلاندى.

دېگەن ناخشىسى، ئابدۇراھمان ئاخۇنۇمنىڭ ئانىسىنىڭ ئوغلىغا يىغلىغان:

كىيگەن تونلىرىڭىز قالدى بالام، بالام،
مىنگەن ئاتلىرىڭىز قالدى بالام، بالام.
ئابدۇراھمان خان غوجام بالام، بالام،
كۆزۈمدە يېشىم قالدى بالام، بالام.

دېگەن مەرسىيەسى بىلەن

گۇلباغ سۇپەت قەشقەردەك،
يېڭى سوققان شەر بارمۇ؟
مايىمخان شېھىت بولدى،
ئاڭا ئوخشاش ئەر بارمۇ؟

ۋە باشقىلار بۇ پىكرىمىزنىڭ ئىلمىي دەلىلىدۇر.
مەرسىيە ناخشىلىرىنىڭ يەنە بىر تۈرى يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنى، دوست ـ يارەنلىرىنى ئەسلەش شەكلىدىكى ناخشىلاردىن ئىبارەت. بۇ ناخشىلار ئىچىدە مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىنى ناھايىتى ئوبرازلىق ۋە جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن «ئانام ـ ئانام» ناخشىسى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە.

ئانام سەكراتقا چۈشكەندە،
خورەك تارتتى دەپتىمەن.
كۆزلىرى يۇمۇلغاندا،
ئۇخلاپ قالدى دەپتىمەن.

ئىڭىكى تېڭىلغاندا،
رومال ئارتتى دەپتىمەن.

پۇتلىرى چىپىلغاندا،
ئارام ئالدى دەپتىمەن.

غۇسلى سۈيى قۇيغاندا،
تەرەت ئالدى دەپتىمەن.
كېپەنلىك تىكىلگەندە،
كۆڭلەك كىيدى دەپتىمەن.

جىنازىغا سالغاندا،
مەپىگە چۈشتى دەپتىمەن.
خەلقىئالەم يىغىلغاندا،
توي بولدىغۇ دەپتىمەن.
... ... ...
يىتىپ باردۇق مازارغا،
كىرىپ كەتتى سارايغا.
قاراپ قالدۇق كامارغا،
يىتىم قالدۇق تالادا.

ئۇيغۇرلار ئىچىدە ھەر يىلى تۇنجى قارنىڭ شەرىپىگە ئۇيۇشتۇ-رۇلىدىغان «قارلىق بەزمىسى» دە ئېيتىلىدىغان ناخشىلار، نورۇز ناخشىلىرى؛ ئەتىياز، ياز، كۈز پەسىللىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان قىزىلگۈل سەيلىسى، باغ سەيلىسى، قوغۇن سەيلىلىرىدە ئوقۇلىدى-غان ناخشىلار ئەڭ كۈچلۈك ئاممىۋى خاراكتېرگە ئىگە.

تاپقىنى گۈل كەلتۈرۈر،
تاپمىغىنى بىر باش پىياز.
تاپقىنى قوي كەلتۈرۈر،
تاپمىغىنى چۈجە خوراز.
(قارلىق ناخشىلىرىدىن)

ئىپتىدا قىلدۇق نورۇزدىن ياخشى كۈننى باشلىدۇق،
كۆڭلىمىزنىڭ خۇشلۇقىدىن بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.
شاتاۋاردىن تون كىيىپ، جۇۋا ـ تۇماقنى تاشلىدۇق،
سايىلەردە ئولتۇرۇپ نەغمە ـ ناۋانى باشلىدۇق،
ئات مىنىپ، ئوغلاق ئېلىپ، مەشرەپ قىلۇر كۈندۇر، بۇگۈن.
(نورۇز سەيلىسى مەشرەپ ناخشىلىرىدىن)

باغدىن چىقىپ كەلدى بىر قىز،
قىزىلگۈلنى ئارىلاپ.
كىشى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ،
گۈل ئارىسىدىن مارىلاپ.

ئاھ ئۈرۈپ مەن گۈلنى سۇندۇم،
خۇش كۆرۈپ ئالۇرمۇ دەپ.
مېھىر باغلاپ كۆڭۈل بەردىم،
مېھرىبان بولۇرمۇ دەپ.
(قىزىلگۈل سەيلىسىدىكى ناخشىلاردىن)

ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە خەلق تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭگەن، خەلقنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن، ناخشا ـ مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە ھەر خىل خەلق ئويۇنلىرى، يەرلىك ئۆرپ ـ ئادەتلەر بىرلەشتۇرۇلگەن بىر خىل ئەڭ ئاممىۋى، ئەڭ تەسىرچان، ئەڭ قەدىمكى سەنئەت شەكلى مەشرەپ بولۇپ، مەشرەپ بولسا ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى كۆرەك قىلىنىدىغان ئاممىۋى سورۇندۇر.

ئاي بىلەن كۈن دوست ئىكەن،
چولپانغا ھەمراھ يوق ئىكەن،
ئاخۇنۇمدىن سورىسام،
ئاشىققا نىكاھ يوق ئىكەن.

*　　*　　*

مەن بۇ يەرنى چۆل دېسەم،
چۆل ئەمەس گۈلزار ئىكەن.
توغرىقى ئالماغا ئوخشاش،
يۇلغۇنلىرى مازار ئىكەن.

*　　*　　*

سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل،
ئەمدى سايرىماس بولدى.
ئاۋۋال قارىغان يارلار،
ئەمدى قارىماس بولدى.
(دولان مەشرەپ ناخشىلىرىدىن)

ئەسسالام دەپ ئۆيگە كىرسەم،
تۆردە بىر مېھمان تۇرۇر.
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك،
كۆزلىرى ئويناپ تۇرۇر.
… … …

مەن سالام بەردىم ساڭا،
قىلغان ئىشارەتىڭ قېنى؟
كۆڭلى يازلىقتىن خەۋەر،
ئەقلى كارامەتىڭ قېنى؟

ئەر ئېيتىدۇ:

تۆردە مېھمانىڭ بولۇپ،
تۇرغان چېغىم ــ كۈلگەن چېغىم.

رەھمىتىم ـ مېھرىم بىلەن،
ساڭا بېرىلگەن بۇ دىلىم.
... ... ...
بىر سالامغا مىڭ ئىشارەت،
قىلمىقىم ئارزۇ ـ ھەۋەس.
بۇ كۆڭۈلنىڭ قىشى يوقتۇر،
ئەقلىم ـ كارامەتىم پەۋەس.

ئايال ئېيتىدۇ:

دىل خۇمارىم سەن ئىرۇرسەن،
شوخا بويلۇق شۇل يىگىت.
لەۋزىدىن شېكەر تامادۇر،
خۇشمۇ تاقەتلىك يىگىت.
... ... ...
سەن ئۇچۇن كۆيمەكلىكىم،
غەپلەت ئەمەس، يا، جا ئەمەس.
كۆڭلىمىز كۇن، قىلچە شەك يوق،
مەن ساڭا ئورتاق نەپەس.
... ... ...

ئەر ئېيتىدۇ:

بۇ ئەزىز قەلبىڭ ئۇچۇن،
قەلبىم، ۋۇجۇدۇم سەندىدۇر.
ئىككى دۇنيا بىر قەدەمدۇر،
سەن بىلەن ئۆتسە نەپەس.
(قارا قۇرۇملۇقلاردىكى توي مەشرىپى ئېيتىشىشلىرىدىن)

قاراڭ، مەشرەپ ئۆزى بىر شېئىرىي دەريا ئەمەسمۇ؟ مۇھەببەت ناخشىلىرى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئىچىدە ئاسا-

سي سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئەركىن مۇھەببەت، ئىنساز-پەرۋەرلىك، ۋاپادارلىق ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان. تىلى ئىنتا-يىن گۈزەل، پاساھەتلىك.

سېنىڭ جېنىڭ، مېنىڭ جېنىم،
بىر جان ئەمەسمۇ.
سېنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جېنىم،
قۇربان ئەمەسمۇ.

*　　*　　*

يۈرەكىم چاك - چاك بولدى،
لېۋىڭدىن سۇ ئىچەي يارىم.
ئۆتەر يولۇڭغا باش قويۇپ،
ئەجەل يەتسە ئۆلەي يارىم.

ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت ناخشىلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى تو-لىمۇ كەڭ بولۇپ،

يارنى يار دەمدۇ كىشى،
يامانىنى يار دەمدۇ كىشى.
ياخشى يار ياندا تۇرۇپ،
يامانىنى خالامدۇ كىشى.

*　　*　　*

ئالما گۈلى گۈل بولامدۇ،
باشقا قىسسا بىر قۇچاق.
كىشىنىڭ يارى يار بولامدۇ،
ئۆلگۈچە جانغا پىچاق.

*　　*　　*

قىل بىلەن تۈگكەن تۈگۈچنى،
قول بىلەن بولماس يېشىپ.
ئەپلىشىپ قالغان كۆڭۈلنى،
تىغ بىلەن بولماس كېسىپ.

دېگەن ناخشىلاردا بىر ـ بىرىگە سەممىمىي ـ سادىق، ۋاپادار بولۇش، ئۆمۈر بويى ئۆزى ياخشى كۆرگەن بىرلا يار بىلەن ئۆتۈش، باشقا قىز ـ ئاياللارغا كۆز قىرىنى سالماسلىقتەك ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلەت ئۇلۇغلانسا،

ئەلكىدە قوغۇن تېرىپ،
قاپاق باراڭلىق قىلدىلا.
يار ئۈستىگە يار تۇتۇپ،
ئەجەب ساراڭلىق قىلدىلا.

دېگەن ناخشىدا بىۋاپالىق، ئۇچمە كۆڭۈللۈك قاتتىق قامچىلانغان.

زىبىخان ھەيدە قويۇڭنى باقىمەن،
ئېرىقىڭدا چەشمە بولۇپ ئاقىمەن.
ئېرىقىڭدا چەشمە بولۇپ ئاقمىسام،
لەۋلىرىڭدە پىستە ـ بادام چاقىمەن.

پۇلى بار دەپ سودىگەرنى باشلىماڭ،
پۇلى يوق دەپ مەرد يىگىتنى تاشلىماڭ.
پۇل دېگەن قولنىڭ كىرىدۇر بىز تاپارمىز ھەر زامان،
پۇلى يوق دەپ مەرد يىگىتنى تاشلىماڭ.
سودىگەر شاڭخەيگە كەتتى مال ئۇچۇن،
زىبىخان ھەسرەتتە قالدى پۇل ئۇچۇن.

دېگەن ناخشىدا پۇلغا بېرىلگەن مۇھەببەتنىڭ ئاقىۋىتى، ھەسرەتىنى ئىپادىلىسە،

«غازىمەنۇ غازىمەن،
چۆلدە يۈرگەن غازىمەن.
بىۋاپالىق قىلغۇچە،
ئۆلگىنىمگە رازىمەن.

دېگەن ناخشىدا مۇھەببەتكە ساداقەت، ئاشىق ـ مەشۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى بىر ـ بىرىگە سەمىمىي ئەقىدە ـ ئېتىقاد ئىزهار قىلىنسا،

يانغاننى چىراغ دەڭلار،
كۆيگەننى پىراق دەڭلار.
ۋاپا قىلمىغان يارنى،
كۆڭۈلدىن يىراق دەڭلار.

دېگەن ناخشىدا ۋاپاسىزلىق شىكايەت قىلىنىدۇ.

* * *

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىچىلىقنىڭ ئەڭ قەدىمكى ماكانلىرىدىن بىرى بولغان ئاتا ماكان ـــ شىنجاڭدا ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىجاد قىلغان، بېيىتقان ئېسىل سەنئەت بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مىللەتنىڭ پاراسەت ھەم ماھارەتلىرىنى، مىللىي روھنىڭ غايەت زور سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىپ كەلدى.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى خەلقىمىزنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى ئىشتىياقىنى، ئارزۇسىنى، ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ۋە قابىلىيەت ـ ماھارەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۇرۇپ بىرىشتەك خاسىيەت ئالاھىدىلىكى، باي تارىخىي مەنبەدارلىقى ۋە ئىجتىمائىي قىممىتى بىلەن ھازىرقى زامان ناخشا سەنئىتىمىزنى گۈللەندۈرۈشتىكى باي مەنبە ۋە قۇرۇماس بۇلاقتۇر.

1993 ـ يىلى 4 ـ ئىيۇن، ئۈرۈمچى

# مەشرەپ فىلىملىرى توغرىسىدا

شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەر ۋە كارخانىلار بىرلىشىپ، مەشرەپتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى سەنئەت شەكلىدىن پايدىلىنىپ تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. مەشرەپ شەكلىدە ئې- لىنغان بۇ فىلىملەر ھەر قايسى ئورۇنلار ۋە كارخانىلارنىڭ ئىق- تىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتتى.

مەشرەپ نامىدا ئىشلەنگەن بۇ فىلىملەردە ئۇيغۇر خەلقى ئىچ- دە بىرقەدەر ئومۇملاشقان ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە ھەر خىل ئويۇنلار، ئۆرپ ـ ئادەتلەر بىرلەشتۈرۈلگەن ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش شەكلى تولۇق پايدىلىنىلغان، مەشرەپتىن ئىبارەت بۇ سەنئەت شەكلى مەدەنىيەت جۇغلانمىسى سۈپىتىدە قايتا نامايان قىلىنغان.

مەشرەپ شەكلىدە ئىشلەنگەن بۇ فىلىملەرنى ۋىلايەت، شەھەر- لەردىكى مەدەنىيەت تارماقلىرى، ۋەتەنپەرۋەر كارخانىچىلار مەبلەغ چىقىرىپ ئىشلىدى. بولۇپمۇ شەخسىي كارخانىچىلار باشلامچىلىق قىلدى، بۇ ناھايىتى ياخشى يۈزلىنىش. لېكىن مەشرەپ نامى بىلەن ئىشلىنىۋاتقان بۇ فىلىملەردە تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر قانچە مەسىلە مەۋجۇت.

1. ئەنئەنىۋى مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى گەۋدى- لىنىشى كېرەك.

ئەنئەنىۋى مەشرەپ ئويۇنلىرى ئاممىۋى سەنئەت. ئۇ ئاممىنىڭ بىۋاستە قاتنىشىشى (دولان مەشرەپلىرىگە نەچچە مىڭ ئادەم قات-

نىشىدۇ) ئارقىلىق ئاممىنىڭ سەنئەت ئادىتىگە ئايلىنىشى كې-
رەك. ئەنئەنىۋى مەشرەپ ئويۇنلىرى دەۋردىن دەۋرگە، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالدۇرۇلغان. ئەنئەنىۋى مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ سەھنە ئارقىلىق فىلىملەشتۈرۈلۈشى ھازىرقى زامان تېلېۋىزىيە تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. لېكىن مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ ئاممىۋى خاراكتېرى، ئاممىنىڭ بىۋاسىتە قاتنىشىپ، مەشرەپ ئويۇنلىرىنى ئويناش، ھۇزۇرلىنىش، تەربىيە ئېلىش ئالاھىدىلىكى چوقۇم گەۋدىلىنىشى كېرەك. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئويۇشتۇرغان مەشرەپ فىلىمىدە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار مەشرەپ ئويۇنلىرىغا بىۋاسىتە قاتناشتى، گەرچە ئورۇنلانغان ناخشا - ئۇسسۇللار بۇرۇن ئىجاد قىلىنغان بولسىمۇ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئۆزى ئويناپ چىققانلىقى ئۈچۈن كىشىگە تولىمۇ يېقىملىق بىلىنىدۇ. ئوينالغان ئېتۇتلارمۇ ئوقۇغۇچىلار تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان. ئۇسسۇل - ناخشىلارمۇ ھازىرقى زامان تۇرمۇش رىتىمىگە، ياشلارنىڭ روھىي ھېسسىياتىغا ماسلاشقان.

2. مەشرەپنى فىلىملەشتۈرۈشتە كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ مەشرەپ ئويۇنلىرىدىكى يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

مەشرەپ فىلىملىرىدە نوقۇل ھالدا كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆرسىتىش بىلەنلا چەكلەنسە، «مىرشاپ»، «يىگىت بېشى» دېگەنلەر پەقەت رىياسەتچى رولىنى ئوينىسا، مەشرەپ شەكلىدە ئىشلەنگەن ئويۇنلار بىلەن ئادەتتىكى سەنئەت فىلىملىرىنىڭ نېمە پەرقى بولىدۇ.

خەلق ئاممىسى ھەر قانداق ئەدەبىي ئەسەرنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس بۇلىقى. خەلق ئاممىسى مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى، ئىشتىراكچىسى، تېخىمۇ كۆپ ئاما مەشرەپ ئويۇنلىرىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا، زور مەنبەگە ئىگە بولىدۇ. زاۋۇت، كارخانا، مەكتەپلەردىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالى-

يەتلىرى تېخىمۇ جانلىنىدۇ، خەلق ئىچىدىن تېخىمۇ ياخشى تالانت ئىگىلىرى يېتىشىپ چىقىدۇ. بۇ مەشرەپ قىلىملىرىنى ئۈزۈلمەس ئېقىنغا ئايلاندۇرىدۇ.

3. مەشرەپتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى سەنئەتنىڭ ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىش كېرەك.

مەشرەپ — ناخشا - ئۇسسۇل بىلەن ھەر خىل ئويۇنلار بىرلەشتۈرۈلگەن كۆڭۈل ئېچىش سەنئىتى. ئۇ ناخشا - ئۇسسۇلدىن باشقا، يەنە لەتىپە سۆزلەش، سۆز ئويۇنى، مەدداھلىق، داستان ئېيتىش، ھەر خىل كومېدىيەلىك ئويۇن قاتارلىق ئىنتايىن مول مەزمۇنلار ۋە شەكىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇزىكا ناۋاسى، ناخشا ساداسى، چاقچاق - كۈلكىلەر بىلەن ئاجايىپ ھاياجانلىق مەنزىرە بارلىققا كېلىپ، كىشىدە ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمە پەيدا قىلىدۇ. مەشرەپلەرنىڭ تۈرىمۇ ئىنتايىن كۆپ. «بايرام مەشرىپى»، «توي مەشرىپى»، «ئەپۇ سوراش مەشرىپى»، «ئاداۋەتنى تۈگىتىش مەشرىپى» دېگەندەك كۆپ خىل مەزمۇن ۋە شەكىللەر بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەكىتنىڭ «دولان مەشرىپى»، قۇمۇلنىڭ «كۆك مەشرىپى» قاتارلىق مەشرەپلەر ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن داڭلىق، مەشرەپلەرنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇشىمۇ خىلمۇخىل شەكىلگە ئىگە. مەسىلەن، «چىنىگۈل ئۇسسۇلى»، «چاي تۇتۇش»، «پوتا ئويۇنى» قاتارلىقلار.

مەشرەپلەردىكى بۇ خىل رەڭدارلىق، ئەۋزەللىك مەشرەپلەرنى خەلق تۇرمۇشىغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرغان.

4. دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەشرەپلىرى ئاممىباب، تەبىئىي، ئىنتايىن جانلىق سەنئەت بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ روھىي ھېسسىياتىنى، ئەخلاقىي كۆز قارىشىنى چوڭقۇر ئىپادىلەپ بەرگەن. خەلق ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. «سەنئەت ۋە ئۆرپ - ئادەت مەك-

تېپى» سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش رولىنى ئويناپ كەلمەكتە. بۇ خىل ئەنئەنىۋى سەنئەت شەكلى دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشى، تەرەققىي قىلىشى، مەشرەپ فىلىملىرى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن مەشرەپتىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى سەنئەتنىڭ ئەۋزەللىكى جارى قىلدۇرۇلغان خەلق سەنئىتى بولۇشى، شۇنداقلا دەۋر تەرەققىياتىنىڭ روشەن نامايەندىسى بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدا ۋاقىت قوغلاشماي، يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ ئىگىلەش كېرەك. سۈپەت ھەر قانداق ئەدەبىي ئەسەرنىڭ جان تومۇرى، ھاياتىي كۈچى.

مەدەنىيەت ۋە تېلېۋىزىيەنى باشقۇرىدىغان تارماقلار پۈرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقىنى قېزىش، رەتلەش، ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغاندىلا مەشرەپ فىلىملىرىنىڭ ئىستىقبالى تېخىمۇ پارلاق بولىدۇ.

# يۇسۇف خاس ھاجىپنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆزقارىشى توغرىسىدا

## 1

11 ـ ئەسىردىكى قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن ئىلىمىز ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپى، مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى يۇسۇف خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا شانلىق نامايەندە سۈپىتىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، شائىر قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنى، ئۇزۇن يىللىق تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى پەلسەپە ۋە ئەخلاق سەۋىيەسىگە كۆتۈرۈپ خۇلاسىلەپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىگە خاس سىمۋوللۇق ئوبراز يارىتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا يېڭى يول ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن شۇ دەۋر ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا ئەدەبىياتىدىمۇ ناھايىتى ئاز تېپىلىدىغان ئۆزگىچە خاس ئارگىنالىلىققا ئىگە مەشھۇر ئەسەر بولۇپ قالدى.

يۇسۇف خاس ھاجىپنىڭ مۇنداق چوڭ ھەجىمدىكى (13 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق) چوڭقۇر مەزمۇنلۇق داستانىنى يۈكسەك ماھارەت بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقىشىدا، ئۇنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشى ـــ ساددا ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قارىشى، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك روھى، ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولۇشى، ئەدەبىي جەھەتتىكى چېنىقىشى قاتارلىق ئامىللاردىن باشقا، شائىرنىڭ ئىلمىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆز

قارىشى مۇھىم رول ئوينىدى.

بۇ ماقالىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق داستانىدا ئىپادىلەنگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆز قارىشىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ئۈستىدە بەزى مۇلاھىزىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

## 2

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىن شائىرنىڭ بىر قەدەر سىستېمىلىق، ئىلمىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆز قارىشىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ كۆزقاراشلار ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئاتلىق دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ پىشىپ يېتىلىپ مۇستەقىل پەنگە ئايلىنىپ، تېخىمۇ يۈكسەكلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆز قارىشىنى تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيەۋى سىستېمىسىنى تىكلەشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالدى بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ (يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەدەبىيات ـ سەنئەت دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتمىسىمۇ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت دېگەن ئۇقۇمنى شائىر سۆزى، شائىر تىلى دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەيدۇ) ئىجتىمائىي رولىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىتابىنىڭ نامى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

350 كىتاب ئاتى ئۇردۇم قۇتادغۇبىلىك
قۇتادسۇ ئۇقىغلىقا تۇتسۇ ئەلىگ

[كىتاب نامى قويدۇم قۇتادغۇ بىلىك،
قۇتاتسۇن ئوقۇچىغا تۇتسۇن ئىلىك.]

روشەنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى «ئىن-

سانغا يول كۆرسەتكۈچى»، «بەخت ـ سائادەت بەرگۈچى بىلىم» دەپ قارايدۇ، شۇڭا كىتابخانلارغا خىتاب قىلىپ:

359 سەۋىنچىن يورىغلى ئاي ئەدگۇ يىگىت
سۆزۈمنى ياۋا قىلما كۆڭلۈن ئەشىت

[خۇشاللىقتا يۈرگەن ئەي ياخشى يىگىت،
سۆزۈمنى زايا قىلما ئوبدان ئىشىت.]

360 قاتىغلان ياڭىلما كۆنىلىك يولىن
يىگىتلىك ياۋا قىلما ئاسغىن ئالىن

[تىرىش توغرا يولدىن ئاداشما هامان،
يىگىتلىك كەتمىسۇن بىكار، پايدىلان!]

دەپ يازىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت «يول كۆرسەتكۈچى» رولىنى قانداق ئۆتەيدۇ؟

4392 باسا كەلدى شائىر بۇ سۆز تەرگۈچى
كىشىگ ئۆگگۈچىلەر يەمە يەرگۈچى

[كېلۇر ئەمدى شائىر، بۇ سۆز تەرگۈچى،
كىشىلەرنى ماختاپ ۋە هەم سۆككۈچى.]

... ...

4395 تەڭىزكە كىرۇر كۆرسە كۆڭلۈن تۇكەل
گۆهەر يىنچۇ ياقۇت چىقارۇر مەسەل

[كۆرەرسەن، دېڭىزغا كىرۇر كىشىدەك،
گۆهەر، ئىنجۇ، ياقۇت چىقارۇر، دېمەك.]

روشەنكى، يۈسۈف خاس ھاجىپ ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە شائىر تۇرمۇشقا چۆكۈپ، تىل ۋاستىسى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى ياخشىلىقنى ماختاپ، يامانلىقنى سۆكىدۇ؛ كىشىلەرگە گۆھەر، ئۈنچە، ياقۇت تەقدىم قىلىدۇ؛ شۇ ئۇسۇل بىلەن كىشىلەرگە يول كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھازىرقى تىل بىلەن ئېيتقاندا، يازغۇچى تۇرمۇشقا چۆكۈپ، ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئىبارەت زىددىيەتلەرنى كۆزىتىدۇ، تەھلىل قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرىدۇ، تىپىكلەشتۇرىدۇ. مەدھىيەلەش ۋە پاش قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، دۆلەت تەقدىرىگە، خەلق مەنپەئەتىگە ئېھتىياجلىق بولغان مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىدۇ، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە يول كۆرسىتىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. بۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولىغا نىسبەتەن ساددا ماتېرىيالىستىك كۆز قاراش بولۇپ، بۇ قاراش يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان.

يۈسۈف خاس ھاجىپ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى توغرا چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن قاراخانىيلار دەۋرىدىكى (بۇ ــ قاراخانىيلار خاقانى تاۋغاچ بۇغراقاراخان ئەبۇئەلى ھەسەن دەۋرى) تۇرمۇش دېڭىزىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، دۆلەتنى قانداق باشقۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ توپ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋە ئۇنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ، شۇ دەۋر ئۈچۈن گۆھەر، ئۈنچە، ياقۇت تەقدىم قىلدى. نېمە ئۈچۈن بۇ مەسىلە يۈسۈف خاس ھاجىپ ياشىغان قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۈچۈن گۆھەر، ئۈنچە، ياقۇت بولۇپ قالدى؟

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاندىن باشلانغان قاراخانىيلار ھاكىمىيىتى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە سىياسىي جەھەتتىن بىر قەدەر تىنچ مۇھىتقا كۆچكەن، پەن ـ مەدەنىيەت گۈللەنگەن، ھەر ساھەدە بىلىم ئىگىلىرى كۆپلەپ يېتىلىۋاتقان «ئالتۇن دەۋر»نى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن قاراخانىيلار دەۋرى ھەسەن

بىننى سۇلايمان ئارسلانخان ھاكىمىيىتىگە كەلگەندە چۈشكۈنلە-
شىش، يىمىرىلىش يولىغا قاراپ ماڭدى، ھەسەن ئارسلانخان ئۆزد-
گە قاراشلىق يەر - زېمىننى پەرزەنتلىرىگە بۆلۈپ بەردى. ئۇلار
ئۆزئارا ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، پۇقرالارغا خالىغانچە
ئالۋان - سېلىق سالدى، ئەيش - ئىشرەت سۈرىدىغان، دۆلەت خە-
زىنىسىنى بۇزۇپ - چاچىدىغان ئىشلار كۆپەيدى. نەتىجىدە سىند-
يپي زىددىيەت ۋە ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ ئىچكى زىددىيىتى كۈ-
چەيدى، دۆلەتنىڭ، خاننىڭ نوپۇزى كۈندىن - كۈنگە تۆۋەنلەپ
كەتتى.

شائىر «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە ئەينى ۋاقىتتىكى رېئاللىقنى
جانلىق سۈرەتلەپ مۇنداق يازىدۇ:

5242 قايۇسى كۆتۈرمىش بولۇر كۈچ ئەرىنچ
قايۇسى چىغايلىق بىلە يەر ساقىنچ

[بىرى چەككەچ زۇلۇم، بەختى قارادۇر،
بىرى يوقلۇق غېمىدە بىنەۋادۇر.]

5243 قايۇ ئاچ قايۇسى يالىنمىش بولۇر
قايۇ قادغۇ بىرلە ئۆلىنمىش بولۇر

[بىرى ئاچ، ئۇ بىرى يالىڭاچ يۈرۈر،
بىرى قايغۇ - غەمدە پىغانلار چېكۈر.]

... ...

5245 قالى قىلماسا سەن ئەمى يا ئوتى
بودۇنقا بولۇر سان تىرىگلىك يۇتى

[بېرىپ دورا - داۋاسىن قىلمىساڭ گەر،
سېنىڭدىن بۇ خەلققە پالاكەت كېلەر.]

… …

5259 ئۇسانما ئۇسانسا بۇ بەگلىك بارىر
ئۇسايۇق ئىكىگۈن ئاژۇندا ئۆلىر

[غاپىل بولما، بولساڭ بۇ بەگلىك كېتەر،
ھەر ئىككى جاھاندا غاپىل ئاھ چېكەر.]

يۇسۇف خاس ھاجىب ئۆزى ياشاپ تۇرغان رېئال ھاياتنى پادىشاھقا ھېسداشلىق قىلىش، قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ يىمىرىلىشكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىگە ئېچىنىش مەيدانىدا تۇرۇپ پاش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھەسەن بۇغراخان دەۋرىدىكى سىنىپىي زىددىيەتنى چىنلىق بىلەن ئىنكاس قىلغان.

يۇسۇف خاس ھاجىب ئۆزى ياشاپ تۇرغان دەۋردە ھەسەن بۇغراخان ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتىش، ئۇنىڭ گۇمران بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەممىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان جىددىي مەسىلە، دۆلەتنى باشقۇرۇش، دۆلەتنى تۈزەش جەھەتتە جەمئىيەتكە گۆھەر، ئۈنچە، ياقۇت تەقدىم قىلىش شائىرنىڭ (ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ) ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى، دەپ قارىغان. دۆلەتنى قانداق باشقۇرۇش مەسىلىسىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئارقىلىق يول كۆرسەتمەكچى بولغان.

يۇسۇف خاس ھاجىب ئالدى بىلەن پادىشاھقا «كۈن تۇغدى» دەپ نام قويۇپ، پادىشاھ ئاغزىدىن دۆلەتنى:

831 توغار كۈن ئارىغ يا ئارىغسىز تەمەز
قامۇغقا مارۇقلۇق بەرۇر ئەكسۈمەز

[تۇغار كۈن ئېرىغ يا ئېرىغسىز دېمەس،
ئومۇمغا يورۇقلۇق بېرەر كېمەيمەس.]

832 مەنىڭ مە قىلىنچىم بۇ ئول بەلگۈلۈگ
تۆزۈكە تەگىر بارچا مەندىن ئۈلۈگ

[مېنىڭمۇ قىلىقىم مۇشۇنداق بولۇش،
مېنىڭدىن جىمىگە تېگەر تەڭ ئۈلۈش.]

دەپ، دۆلەت ھەممىگە تەڭ نۇر تۆككۈچى قۇياش، ھەممىگە ۋەكىل-لىك قىلىدىغان قورال بولۇشى كېرەك، دەيدۇ.

دۆلەتنى ئەنە شۇنداق قورالغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن دۆلەتنى قا-نۇن بىلەن باشقۇرۇشنى ئالاھىدە تەكىتلەش بىلەن بىرلىكتە:

817 كەرەك ئوغلۇم ئەرسە ياقىن يا ياغۇق
كەرەك بارقىن ئەرسە كەچىكلى قونۇق

[كېرەك ئوغلۇم ئۇلسۇن، يېقىن تۇغقىنىم،
يولۇچى، ئۆتكۈنچى، بىرەر قونىقىم.]

818 تۆرۈدە ئىكىگۈ ماڭا بىر سانى
كەسەردە ئادىن بولماغاي ئول مەنى

[ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا.]

دەپ، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر، دېگەن ئاجايىپ شانلىق دېموكراتىك ئىدىيەنى ئالغا سۈرىدۇ.

مەلۇمكى، قانۇن دۆلەت تەرىپىدىن تۈزۈلىدىغان ۋە يۈرگۈزۈلى-دىغان تۈرلۈك ھەرىكەت قائىدىلىرىنىڭ يىغىندىسى. ھۆكۈمران سىنىپلار ئىرادىسىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى. قانۇن ھۆكۈمران

سىنىپلارنىڭ مۇئەييەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتتىكى مەنپەئەتى ۋە ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. سىنىپ ۋە سىنىپىي ھۆكۈمرانلىق مەۋجۇت جەمئىيەتتە، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، لېكىن فېئوداللىق زۇلۇم ئەۋجىگە چىققان، سىنىپىي زىددىيەت ئۆتكۈرلەشكەن ئەينى شارائىتتا، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر دېگەن ئىدىيەنى ئالغا سۈرۈش خەلق ئەممىسىنىڭ دېموكراتىك ئىدىيەسىنى، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنىڭ، خەلقپەرۋەرلىك كۆز قارىشىنىڭ روشەن بەلگىسى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىدە يەنە ئەخلاق ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى سىنىپ، ھەرقايسى قاتلاملار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەپ، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ھەققانىيەتلىك بىلەن ھەققانىيەتسىزلىك، ئادىل بولۇش بىلەن يان بېسىش، سادىقلىق بىلەن ساختىلىق قاتارلىق ئەخلاقىي ئۆلچەملەر بىلەن باھالاپ ۋە كونترول قىلىپ، ئەخلاقنىڭ ئىجتىمائىي رولى ئارقىلىق دۆلەت قانۇنىنى تېخىمۇ تولۇقلاپ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشنى كۆپ تەرەپلىمە تەكىتلەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قانۇن بىلەن ئەخلاق بىر - بىرى بىلەن پەرقلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشتە كەم بولسا بولمايدىغان ئىككى چوڭ قورال ئىكەنلىكىنى، قانۇن بىلەن ئەخلاقنىڭ بىر - بىرىنى تولۇقلاش، بىر - بىرىگە ماسلىشىش خۇسۇسىيىتىنى، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشتە ئەخلاقنىڭ قانۇنغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك رول ئوينايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن. شۇڭا، «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىگە ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىك، شەرەپ بىلەن نومۇسنى مۇھىم مەزمۇن قىلغان ئەخلاق كۆزقارىشى باش-

تىن - ئاخىر بىر قىزىل يىپ بولۇپ سىڭگەن. شائىر:

895 ئاپاڭ ئەدگۈ بولسا بۇ بەگلەر ئۆزۈن
بايۇر بودنى بارچا كۆر ئەتلۈر ئاژۈن

[ئۆزى ياخشى بولسا بۇ بەگلەر ئەگەر،
بېيىپ ھەممە خەلقى، جاھان تۈزۈلەر.]

821 كۆنىلىك ئۆزە بولدى بەگلىك ئۇلى
بۇ بەگلىك كۆكى ئول كۆنىلىك يولى

[ئادالەت ئۈستىدە بۇ بەگلىك ئۇلى،
بۇ بەگلىك ئاساسى ئادالەت يولى.]

1412 بودۇن قوي سانى ئول بەگى قويچىسى
باغىرساق كەرەك قويقا قوي كۈتچىسى

[خەلق قوي كەبىدۇر، بېگىدۇر چوپان،
چوپان بولماق كېرەك قويغا مېھرىبان.]

دەپ، بىر تەرەپتىن، پادىشاھ ۋە ئەمەلدارلارنىڭ خەلققە نىسبەتەن ئادىل بولۇشىنى، زالىملىق، زوراۋانلىق قىلماسلىقىنى تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق ئاممىسىنىڭمۇ پادىشاھ ۋە ئەمەلدارلارغا نىسبەتەن:

2767 باغىرساق تاپۇغچى كۆر ئۆزكەي بولۇر
بۇ ئۆزكەي تاپۇغچى بەگىن باي قىلۇر

[كۆيۈمچان خىزمەتچى ۋاپالىق بولۇر،
ۋاپالىق خىزمەتچى بېگىن باي قىلۇر.]

2875 ئۇقۇشلۇغ ۋەفالىغ كىشى تۇزۇنى
يۇلۇغلار كىشىكە قامۇغ ئۆزىنى

[ئەقىللىق، ۋاپالىق ئەر ئېسىل ئېرۇر،
كىشىلەر ئۇچۇن ئۇ جان پىدا قىلۇر. ]

2307 بوش ئازاد كىشى بارچە ئەدگۇ قۇلى
سەن ئەدگۇ قىلۇ ئاچ كۆنىلىك يولى

[ئازاد ـ ھۆر كىشىلەر ياخشىلىق قۇلى،
قىلىپ ياخشىلىق ئاچ دۇرۇسلۇق يولى.]

دېگەندەك، سەمىمىي، سادىق، ۋاپادار بولۇشنى، ياخشى ئىش قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا دۆلەت ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملىنىدۇ، روناق تاپىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئەخلاق مەسىلىسىدە لېنىن مۇنداق دېگەنىدى: «نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان كىشىلەرگە مەلۇم بولۇپ كەلگەن، نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى بارلىق تەمسىللەردە تەكرارلىنىپ كەلگەن ئەقەللىي جامائەت پىرىنسىپلىرى مەۋجۇت ئىدى.» («دۆلەت ۋە ئىنقىلاب» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن). يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىدا ساقلىنىپ كەلگەن جامائەت پىرىنسىپلىرىنى، گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى پەلسەپە سەۋىيەسىگە كۆتۈرۈپ خۇلاسىلەيدۇ. شائىرنىڭ ئەسىرىدە مەردلىك ـ سېخىيلىق مەدھىيەلىنىپ، بېخىللىق ـ ئاچ كۆزلۈك سۆكۈلۈپ، كەمتەرلىك ـ كىچىك پېئىللىق مەدھىيەلىنىپ، مەغرۇرلۇق ـ تەكەببۇرلۇقنىڭ ئىللەت-

لىرى كۆرسىتىلىپ ئۇلارغا نەپرەت ئوقۇلىدۇ، كەڭ قورساقلىق،
سەۋرچانلىق، قانائەتچانلىق مەدھىيەلىنىپ، ئىچى تارلىق، ھە-
سەتخورلۇق، غەيۋەت - شىكايەت سۆكۈلىدۇ. كىشىلەرنىڭ دىلى
بىلەن تىلى، ئىچى بىلەن تېشى ئوخشاش بولۇشىنى، ئوچۇق -
يورۇق بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ۋاپا - ساداقەت، ياخشىلىق
مەدھىيەلىنىپ، ۋاپالىق كىشىگە يامانلىق قىلىش ئەيىبلىنىدۇ.
غەيرەت - قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق مەدھىيەلىنىپ، قورقۇنچاقلىق
كەمسىتىلىدۇ. ياخشى پەزىلەت بىلەن نام قالدۇرۇش، ھايالىق بو-
لۇش، ئاتا - ئانىلارنى، چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىش قاتارلىق ياخشى
ئەخلاقىي پەزىلەتلەر تەرغىب قىلىنىدۇ. يۇسۇف خاس ھاجىپ گۈ-
زەل ئەخلاقىي پەزىلەت، ئەقەللىي جامائەت پىرىنسىپلىرى ئارقى-
لىق ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي
مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنى قوغداش ۋە
مۇستەھكەملەشنى نىيەت قىلىدۇ، لېكىن ئەڭ مۇھىمى، ئۇ ئۇيـ-
غۇر خەلقى ئىچىدە ئورتاق بولغان جامائەت پىرىنسىپلىرىنى، ئە-
قەللىي پەزىلەتلەرنى شېئىرىي تىل بىلەن خۇلاسىلەپ ۋە ئۇنى
بېيىتىپ، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئۈنچە، ياقۇت، مەنىۋى باي-
لىق يارىتىپ بەردى. بۇ يۇسۇف خاس ھاجىپنىڭ بىر ئۇلۇغ تۆھ-
پىسى.

يۇسۇف خاس ھاجىپ بۇ ئەسىرىدە يەنە دۆلەتنى ئىلىم - پەن
بىلەن باشقۇرۇش، ئىلىم - پەن بىلەن گۈللەندۇرۇشنى ئالاھىدە
تەكىتلەيدۇ.

154 ئۇقۇش قايدا بولسا ئۇلۇغلۇق بولۇر
بىلىك كىمدە بولسا بەدۇكلۇك ئالۇر

[ئەقىل قايدا بولسا، ئۇلۇغلۇق بولۇر،
بىلىم كىمدە بولسا، بۈيۈكلۈك تاپۇر.]

301 كىمنىڭدە ئۇقۇش بولسا ئەسلى بولۇر
قايۇدا بىلىك بولسا بەگلىك بۇلۇر

[ئەقىل كىمدە بولسا، بولۇر ئۇ ئېسىل،
بىلىم كىمدە بولسا، بولۇر خان ئۇ، بىل.]

1780 بىلىكسىزكە دەۋلەت كەلۈر ئەرسە قۇت
بودۇن بارچا بۇزلۇر بولۇر ئەلكە يۇت

[بىلىمسىزگە كەلسە دۆلەت بىلەن قۇت،
پۈتۈن خەلق بۇزۇلۇر، بولۇر ئەلگە جۇت.]

1781 ئۇقۇشلۇغقا تەگسە ئادىن بەگلىكى
ئەلىن ئىنچكە تەگرۈر بۇ بىر سۆزكە پۇت

[ئەقىللىققا تەگسە بىر ئەل بەگلىكى،
بېرەر ئەلگە ھۇزۇر، مۇشۇ سۆزگە پۇت.]

ئىلىم ـ پەن بىلەن دۆلەت باشقۇرۇش ۋە گۈللەندۇرۇش مەسىـ
لىسىدە يۇسۇف خاس ھاجىب يالغۇز پادىشاھ، ۋەزىر، ئەلچى قاتار ـ
لىق ئەمەلدارلارنىلا بىلىم ئەھلىگە ئايلاندۇرۇشتىن سىرت، پۈتۈن
جەمئىيەت ئەزالىرىنى بىلىملىك قىلىش، خەلق ئىچىدە مەدەنىي
ئاقارتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش دۆلەتنى ياخشى باشقۇرۇش ـ
نىڭ ئۇنۇملۇك يولى دەپ قارايدۇ. شۇڭا:

3168 بىلىك بىرلە يازلۇر قامۇغ تەرس تۇگۈن
بىلىك بىل ئۇقۇش ئۇق تىرىلگىل ئۆگۈن

[بىلىملە يېشىلگەي پۈتۈن تەس تۈگۈن،
بىلىم بىل، ئەقىل ئۇق، ئاڭلىق ياشىغىن.]

3169 بىلىك ئىشكە تۇتغىل تاقى تىل كۆنى
تاقى ئۆگرەنۇ تۇر ئۇسانما بۇ كۈن

[بىلىم بىرلە ئىش قىل، تىلىڭ توغرا تۇت،
ئۆگەن سەن، بىكارغا ئۆتمىسۇن بۇ كۈن.]

دەپ، كىشىلەرنى ئۆگىنىشكە، بىلىم ئېلىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىر فېئودال جاھالەتچىلىكى، بولۇپمۇ ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرۇۋاتقان قاراخانىيلار دەۋرىدە دۆلەتنى ئىلىم - پەن بىلەن باشقۇرۇش، ئىلىم - پەن بىلەن گۈللەندۇرۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن ئىلغار ئىدىيە بولۇپ، بۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇلۇغ مەرىپەتپەرۋەر ۋە يىراقنى كۆرەر مۇتەپەككۇر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرىدۇ.

ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بىر مەسىلە شۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىر ئادىل قانۇن تۈزۈلسە، بۇ قانۇن ئالدىدا ھەمما ئادەم باراۋەر بولسا، گۈزەل ئەخلاق قانات يېيىپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا يېقىنچە مۇناسىۋەت تىكلەنسە، ھەممە ئادەم ئەقىللىق، بىلىملىك بولسا، «بۆرە بىلەن قوزا قېتىلىپ يۈرىدىغان» بىر غايىۋى دۇنيا مەيدانغا كېلىدۇ دەپ، ئۆزىنىڭ گۈزەل غايىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. «قوزا بىلەن بۆرە قېتىلىپ ياشايدىغان» مۇنداق غايىۋى دۆلەتنىڭ مەيدانغا چىقىشى ئوتتۇرا ئەسىر فېئودالىق تۈزۈم شارائىتىدا بىر خىل ساپ خىيالىي خاراكتېرنى ئالغان. ماركس ۋە ئېنگېلس «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» دا مۇنداق دېگەنىدى: «كەلگۈسى جەمئىيەتنى بۇنداق خىيالىي سۈرەتلەش پىرولې-

تارىيات تېخى بەكمۇ تەرەققىي قىلمىغان، شۇ سەۋەبتىن ئۆزىنىڭ ئورنىنى تېخى خام خىيال بىلەن چۈشىنىۋاتقان چاغلاردا (پرولېتارىياتنىڭ جەمئىيەتنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى دەسلەپكى) تەبىئىي ئىقتىدارىدىن چىققان ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.» يۇسۇف خاس ھاجىبنىڭ بۇ خىيالىي تەسەۋۋۇرى گەرچە ئەينى ۋاقىتتىكى سىنىپىي زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈرلەشكەنلىكىنىڭ، شۇنداقلا سىنىپىي كېلىشتۈرمىچىلىكنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل تەسەۋۋۇر دېھقانلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ دۆلەتكە بولغان ئارزۇ ـ ئۈمىدىنى ئەكس ئەتتۈردى. كىشىلەردە فېئودال مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ مەڭگۈلۈكلىكىگە نىسبەتەن گۇمان پەيدا قىلدى. خەلق ئاممىسىنىڭ ئېڭىنى ئويغىتىش ئۈچۈن قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق بولدى. ئۇلارنىڭ زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىگە مەدەت ۋە ئىلھام بەردى. بۇنداق ئىناق دۆلەت قۇرۇش ئىدىيەسى ئەينى ۋاقىتتا زور ئىلغارلىق بولۇپ، شائىرنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك مەۋقەسىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شائىر تۈرمۈش دېڭىزى ئىچىدىكى ئۈنچە، ياقۇتنى، ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى قانداق ئىپادىلەيدۇ؟

4393 قىلىچتا يېتىگرەك بۇلارنىڭ تىلى
يانا قىلدا يىنچكە بۇ خاتىر يولى

[قىلىچتىن ئىتتىكرەك بۇلارنىڭ تىلى،
قىلدىنمۇ نازۇكراق تەپەككۇر يولى.]

4394 پاتىغ يىنچكە سۆزلەر ئۇقايىن تەسە
بۇلاردىن ئەشىت سۆز ئۇقۇلغاي باسا

[نەپىس ھەم تىرەن سۆز دېسەڭ ئۇقايىن،
بۇلاردىن ئىشىتكىن، ئۇقۇلۇر كېيىن.]

4396 ئۆلار ئۈگسەلەر ئۆگدى ئەلكە بارىر
قالى سۆكسەلەر ئاتى ئارتاپ قالىر

[ئۆلار ماختىسا، ئەلگە تارار شۇ پېتى،
ئەگەر سۆكسە كىمنى، سېسىيدۇ ئېتى.

ناھايىتى ئېنىقكى، يۇسۇف خاس ھاجىب شائىر تۇپ ئىدىيەسى ۋە ئارزۇ ـ ئۈمىدىنى قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق ئەمەس، بەلكى تىل ۋاسىتىسى ئارقىلىق نازۇك تەپەككۇر ئۇسۇلى (ھازىرقى تىل بىلەن ئېيتقاندا ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى) نى قوللىنىپ، ئىجابىي ۋە سەلبىي ئوبرازدىن ئىبارەت خىلمۇ خىل ئوبراز يارىتىپ، ئۇلگە تىكلەيدۇ، بۇ ئۇلگىلەر كىشىلەر قەلبىدە ئۇن ـ تىنىسىز، ئاستا ـ ئاستا تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا ئەسەر كىشىلەرگە يول كۆرسەتكۈچلۈك رول ئوينايدۇ، دەپ قارايدۇ. يۇسۇف خاس ھاجىب ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىنى توغرا ئىگىلەپ، «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە كۈنتۇغدى ئىلىك (خان)، ئايتولدى (ۋەزىر)، ئۆگدۈلمىش (خان ئوغلى)، ئودغۇرمىش (ئالىم) تىن ئىبارەت تۆت سىمۋوللۇق پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىدۇ، ئەنە شۇ پېرسوناژ ئوبرازى ئارقىلىق شۇ زامان كىشىلىرىگە ئۇلگە تىكلەپ، ئىناق غايىۋى دۇنيا قۇرۇش يولىنى كۆرسەتمەكچى بولىدۇ.

سۆزۈم ئۇشبۇ تۆت نەرسە ئۇستىدەدۇر،
ئوقۇساڭ دىققەتلە، مەنە ئاچىلۇر.

دەپ، ئاشۇ تۆت پېرسوناژغا يازغۇچىنىڭ مەقسىتى، ئارزۇ ـ ئۈمىدى سىڭدۈرۈلگەنلىكىنى كىتابخانلارغا ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىدۇ.

بۇ تۆت پېرسوناژ بىر ـ بىرىدىن پەرق قىلىدىغان، بىر ـ بىر-

رىنى تولۇقلايدىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ھەم رېئال، ھەم غايىۋى شەخسلەردىن ئىبارەت. بۇ تۆت پېرسوناژ ئوبرازىدىن شائىرنىڭ ئۆتكۈر رېئالىست ھەم رومانتىك شائىر ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

كۈنتۇغدى ئىلىك ئوبرازى بىلەن ئۆگدۈلمىش ئوبرازى ئادىل پادىشاھ ئوبرازى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. لېكىن بۇ ئىككى ئوبراز خاراكتېر خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن پەرق قىلىدۇ. كۈنتۇغدى ئىلىك خۇددى شائىر تەسۋىرلىگەندەك تەدبىرلىك، زېرەك، قابىل پادىشاھ بولۇپ، قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرۇپ شۆھرەت قازانغاندى، لېكىن، ئۇدغۇرمىش «جاھان يىغقىنىڭدىن نە پايدا بولۇر» دەپ ئېيتقاندەك، ئۇ خەلققە زۇلۇم سالىدۇ، مال ـ دۇنياغا بېرىلىدۇ، پەزىلەت جەھەتتىنمۇ ئىنتايىن مەغرۇر، ئەمدى شائىر قەلبىدىكى ئۆگدۈلمىش ئوبرازى تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ غايىۋى پادىشاھ سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. جاسارەت، ئەقىل ـ پاراسەت قاتارلىق ئىنسانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك بولغان بارلىق ئېسىل پەزىلەتلەر بۇ ئوبرازغا يىغىنچاقلانغان. شائىر بۇ ئوبرازنى ئادىل پادىشاھلارنىڭ نەمۇنىسى قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. مۇشۇنداق پادىشاھ بولسا دۆلەت بىر قۇياشقا ئايلىنىپ ھەممىگە تەڭ نۇر چاچالايدۇ، بۆرە بىلەن قوزا بىللە ئوتلاپ يايرايدىغان زامان كېلىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. ئايتولدى ئوبرازى بىر مۇكەممەل پاك ئەمەلدار ئوبرازى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. ئۇ بىر ئالىم، ئەڭ مۇھىمى، توغرا نىيەتلىك، كىچىك پېئىل، مېھرىبان، ھەسەت، غەيۋەت، ھاۋايى ـ ھەۋەستىن خالىي بولغان پاك، ساپ ئەمەلدار، ئادىل قانۇننىڭ ئىجراچىسى، گۈزەل ئەخلاقنىڭ تەرغىباتچىسى، بىلىم تارقاتقۇچى باغۋەن. ئايتولدى ئوبرازىنى دەل شائىرنىڭ ئۆزىنىڭ ئوبرازى دەپ قاراش مۇمكىن. ئۇدغۇرمىش ئوبرازى ئىنسانپەرۋەر ئالىم سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. ئۇ ئامما ئىچىدە ياشايدۇ. جەمئىيەتنى چوڭقۇر كۆزىتىدۇ، مەنسەپتىن تامايى يوق، پادىشاھ، ئە-

مەلدارلارنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ئىللەتلىرىنى قاتتىق سۆكىدۇ،
ئىسلاھاتچىلىق غايىلىرىنى پادىشاھقا دادىل ھالدا بايان قىلىدۇ ۋە
ئۇنى مەرىپەتكە، ئادالەتكە، خەلقپەرۋەرلىككە ئۈندەيدۇ. ئەسەردىكى
ئودغۇرمىشنىڭ تىلى ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرى شائىرنىڭ تىلى بو-
لۇپ، ھەم ئەقىل كۆرسەتكۈچى، ھەم سۆككۈچى رولىنى ئوينايدۇ.
ئايتولدى پادىشاھقا كۆپرەك ئوردا خادىملىرى بىلەن قانداق مۇئا-
مىلە قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەرسە، ئودغۇرمىش ئالىملار،
شائىرلار، دېھقانلار، چارۋىچىلار، ھۈنەرۋەنلەر ۋە پۇقرالار بىلەن
قانداق مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىش، ئۇلارغا ئادالەت
ۋە شەپقەت يەتكۈزۈش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدۇ. ئودغۇرمىش
شائىرنىڭ خەلقپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنىڭ ئوبرازلىق
كۆرۈنۈشى دەپ قاراش مۇمكىن.

شائىر بۇ تۆت پېرسوناژنى بىر - بىرىنى ھىمايە قىلىدىغان،
بىر - بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىپ، كەم جايلىرىنى تول-
دۇرىدىغان ئىنسانىي پەزىلەتكە تولغان ئالىيجاناب جاھان پەرىش-
تىلىرى، ئاشۇنداق ئادىل پادىشاھ، پاك ئەمەلدار، بىلىملىك، پە-
زىلەتلىك ئەربابلار بىلەن جاھان تۈزۈلىدۇ، دۆلەت گۈللىنىدۇ،
بۆرە بىلەن قوزا بىللە ئوتلايدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ، دۇنيا
بارلىققا كېلىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ.

يۈسۈف خاس ھاجىپ شائىرنى تۇرمۇش دېڭىزى ئىچىدىن گۆ-
ھەر، ئۈنچە، ياقۇت تەرگۈچى ئوبراز ئارقىلىق ھاياتقا يول كۆر-
سەتكۈچى دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، شائىرغا نىسبەتەن تولىمۇ يۇ-
قىرى تەلەپ قويىدۇ. شائىرنى ئالىم، مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ،
تەجرىبە توپلىغۇچى، پەزىلەت ئىگىسى دەپ باھالايدۇ. «قۇتادغۇبى-
لىك» داستانىدا تەپەككۇر جەۋھەرلىرىنى، پەلسەپىۋى، نازۇك پى-
كىرلەرنى كۆپىنچە شائىرنىڭ تىلى ئارقىلىق بېرىدۇ، شۇڭا يۈ-
سۈف خاس ھاجىپ شائىرنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەربىيەلىنىشى، چې-
نىقىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى پارلاق نامايەندە بولۇپلا قالماي، شائىر يۇسۇف خاس ھاجىپ ئۆزى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شائىر، يازغۇچىلارغا نىسبەتەن بىر شانلىق ئۈلگە. يۇسۇف خاس ھاجىپ ئۆز زامانىسىدىكى تېبابەت، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە قاتارلىق تەبىئىي پەن بىلىملىرىنىڭ، قانۇنشۇناسلىق، پەلسەپە، تارىخ قاتارلىق ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىنىڭ ئەڭ ياخشى نەتىجىلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تارىخىنى، ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ياخشى ئەنئەنىلىرىنى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساپلىقىنى قوغدىغان، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلغان، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى دەۋر ئاچقان. ئەڭ مۇھىمى، شائىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بىر ئۇلۇغ ھاجىپ؛ شائىرنىڭ ئەسىرىدە، ئۇنىڭ ياراتقان پېرسوناژلىرىدا ئىنسانىيەتنىڭ ئەخلاقىي گۈزەللىكى جەۋلان قىلىنىدۇ. شائىرنىڭ ئەسىرى دەل شائىرنىڭ ئۆزى. ئەنە شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، شائىر خەلقىمىز تارىخىدا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئۇلۇغ ئۇستاز سۈپىتىدە خاتىرىلىنىپ كەلمەكتە.

## 3

يولداش ماۋ زېدۇڭ «يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» تا: «بىز بارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پايدىلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەنقىدىي ھالدا قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆز زامان، ئۆز ماكانىمىزدىكى خەلق تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان ئەدە-

بىيات ـ سەنئەت خام ئەشيالىرىدىن ئەسەر يارىتىشتا ئەينەك قىـ ـ
لىشىمىز لازىم.» دېگەنىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ 11 ـ ئەسىردە
ئۆتكەن ئۇلۇغ تارىخىي شەخس. دەۋر ۋە سىنىپىي چەكلىمە تۈپەيـ
لىدىن، ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىدا، بولۇپمۇ خەلق ئاممىسىغا تۇتقان
پوزىتسىيەسىدە نۇرغۇن يېتىشسىزلىكلەر، نۇقسانلار بولسىمۇ،
لېكىن ئۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە «قۇ ـ
تادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك مىراسنى قالدۇرۇپ
كەتتى. شائىرنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرى ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنـ
گەن ئىلغار ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆز قاراشلىرى زامانىمىزنىڭ
سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈشتە بىر
مۇھىم ئەينەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئۇيغۇر ئەدە ـ
بىياتىنىڭ ھاياتنى ئوبراز ئىچىدە پەلسەپە نۇقتىسىدىن دۇنيا
قاراش يۈكسەكلىكى بىلەن باھالايدىغان، خۇلاسىلەيدىغان بۇ ئې ـ
سىل ئەنئەنىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇردى ۋە بېيىتتى. ئۇلگە
خاراكتېرلىك باي ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى يارىتىپ، شۇ دەۋر
ئەدەبىياتىغىلا ئەمەس، كېيىنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا، ھەتتا
ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى بىر پۈتۈن سىستېما دەپ
قارىغاندا، ئۇنىڭ شەكلى، تۈرى خىلمۇ خىل بولىدۇ، لېكىن ئۇ ـ
نىڭ مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇر ـ تېيىزلىقى، كىشىگە بېرىدىغان تە ـ
سىرىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى، ھاياتىي كۈچىنىڭ ئۇزۇن ياكى
قىسقا بولۇشى جەھەتلەردە بىر ـ بىرىدىن پەرق قىلىدۇ. ئەدەبىي
ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى كۆپىنچە ئاجا ـ
يىپ قىزىقارلىق، ئاجايىپ نازۇك، مەزمۇنلۇق، چوڭقۇر پىكىرلەر ـ
نى ئوتتۇرىغا قويۇش، كىشىلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى پەلسەپە
سەۋىيەسىگە، دۇنيا قاراش سەۋىيەسىگە كۆتۈرۈپ يىغىنچاقلاش ۋە
ئۇنى جانلىق ئىپادىلەش بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئەنە شۇنداق ئىدىيەۋى

چوڭقۇرلۇققا ئىگە بولغان بەدىئىي ئەسەرنىڭ كىشىگە بېرىدىغان تەربىيەۋى رولى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. دەۋر، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەنمۇ هاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» ئەنە شۇنداق ئەسەر.

بۇ ئەسەردىكى،

6532 قادىڭ تەگ بودۇم ئەردى ئوق تەگ كۆنى تۇز
يا تەگ ئەگرى بولدى ئەگىلدىم تۆڭىتتىم

[قېيىندەك بويۇم ئەردى، ئوقتەك دۇرۇس - تۈز،
بولۇپ ئەگىر يادەك ئېگىلدىم، ئېڭىشتىم.]

6605 بىلىك بىل ئۆزۈڭكە ئورۇن قىل تۆرە
بىلىك بىلسە ئۆزكە ئەدى بەرك تۇزا

[بىلىم بىل، ئۆزۈك بول تۆردە ئولتۇرا.
بىلىمدۇر كىشىگە ئۇ مەهكەم تۇرا.]

6636 نەچە مىڭ ياشاسا ئاخىر ئۆلگۈلۈگ
نەچە تەرسە دۇنيا قالىر ئارقارا

[نەچچە مىڭ ياشىسا، ئاخىر ئۆلگۈلۈك،
نەچچە يىغسا دۇنيا قالۇر ئارقارا (ئارقىدا).]

دېگەن يالقۇنلۇق پىكىرلەر هازىرمۇ كىشى قەلبىدە چوڭقۇر هايا-جان قوزغايدۇ.

يۈسۈف خاس هاجىبنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە نامايان قى-لىنغان ئىلغار ئەدەبىيات - سەنئەت كۆز قاراشلىرى ئۇيغۇر ئەدە-

بىياتىدىمۇ مىللىي، ئىلمىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەۋى سىستېمىسىنىڭ ئاللىقاچان شەكىللەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

پارتىيەمىز ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش، «قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» پرىنسىپى بويىچە يۈسۈف خاس ھاجىپ ئاساس سالغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىلغار ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆز قاراشلىرىنى ئۆزىمىزگە ئەينەك قىلىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت شانلىق ۋەزىپىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئورۇنلىشىمىز لازىم. بۇ ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ ئانا ماكانى بولغان ئېلىمىزدە «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا شېئىرىي شەكلى بىلەن تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغانلىقىنى ئەڭ ياخشى خاتىرىلەش بولىدۇ.

# يۈكسەك پەزىلەت، ئۆچمەس تۆھپە

## — ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىلمىي ئىستىلى توغرىسىدا

ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس، فولكلورشۇناس، تارىخشۇناس، ئەدىب مەھمۇد كاشغەرىي بىر ئۆمۈر تىرىشىپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئىبارەت 7500 دىن ئارتۇق سۆزلۈك كىرگۈزۈلگەن، 200 دىن ئارتۇق ماقال - تەمسىل، 242 پارچىدىن ئارتۇق قوشاق ۋە تارىخىي داستانلاردىن پارچىلار ئىزاھلانغان ئۈچ توملۇق قامۇسنى تۈزۈپ چىقىپ، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، ئىلىم - پەن، سەنئەت ساھەسىدىكى نەتىجىلىرىنى، ھاكىمىيەت، سىياسەت يۈرگۈزۈش، ھەربىي يۈرۈش قىلىش تەدبىرلىرىنى، يەر شارائىتلىرىنى باي تىل ماتېرىيالى ئارقىلىق مۇكەممەل ئىپادىلەپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بىر يېڭى شاھ ئەسەر بىلەن بېيىتقان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ 11 - ئەسىردىكى تارىخى توغرىسىدا ئومۇمىي مەلۇمات بېرىدىغان يېگانە مەنبە. بۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، ئۆگىنىشتە چوقۇم ئوقۇشقا، تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك قامۇس بولۇپ قالدى.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن ئۆچمەس نامايەندە بولۇپ، ئۇلۇغ تارىخىي شەخس سۈپىتىدە شۆھرەت قازىنىشى ئۇنىڭ ئىلغار ئىل-

مـي كۆز قارىشى، توغرا ئىلمىي ئىستىلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت-لىك.

مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئىزاھلىغان سۆزلۈكلەر، نەقىل كەلتۈرگەن ھېكمەتلىك سۆزلەر، ماقال - تەمسىللەر، بېيىت - قوشاقلار ۋە نەسرىي پارچىلاردا «بىلىم — پەزىلەت، بىلىم — پاراسەت»، «بىلىم — يول كۆرسەتكۈچى»، «بىلىم — كۈچ - قۇۋۋەت» دەپ قارايدۇ. مەسىلەن،

ئالغىل ئۈگۈت مەندىن ئوغۇل ئەردەم تىلە،
بويدا ئۇلۇغ بىلگە بولو بىلگىنىڭ ئۈلە.

(ئەي ئوغۇل، مېنىڭ نەسىھەتىمگە قۇلاق سال، پەزىلەتلەر تىلە، ئەل ئارىسىدا بۈيۈك ئالىم بول، بىلىمىڭنى تارقات)

بەلگە بولسا، يولدىن ئازماس،
بىلىم بولسا، سۆزدىن قايماس.

(چۆللەردە يول كۆرسىتىدىغان بەلگە بولسا، يولدىن ئېزىپ كەتمەيدۇ، كىشىدە بىلىم بولسا، سۆزدىن يېڭىلىشمايدۇ)
(«دىۋان»، 1 - توم، 123 - بەت)

بىلىملىك ئادەمنى ئىززەتلەپ، سۆزىنى ئىشت،
پەزىلىتىنى ئۆگىنىپ ئىشقا ئاشۇر.

(ئالىم، دانىشمەن ۋە ئاقىل كىشىلەرگە ياخشىلىق قىل، ئۇلار-نىڭ سۆزىنى ئاڭلا، ئەردەم (پەزىلەت) لىرىنى ئۆگەن، ئۆگەنگەن-لىرىڭنى ئىش يۈزىدە كۆرسەت) («دىۋان»، 1 - توم، 558 - بەت)

ئىگەمنى ماختايمەن،
بىلىمنى توپلايمەن،
كۆڭۈلنى تۈگىمەن،
پەزىلەت ئۈستىگە يۆتكىلىدۇ.
(«دىۋان»، 2 - توم، 353 - بەت)

بىلىملىك ئادەملەرنىڭ سۆزلىرىدىن نەسىھەت ئال،
ياخشى سۆز تەسىر قىلسا قەلبكە سىڭەر.

(«دىۋان»، 3 ـ توم، 211 ـ بەت)

دېمەك، مەھمۇد كاشغەري ئىلىم ـ مەرىپەت بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئارقىلىق كىشىلەرگە «توغرا نىشان كۆرسىتىش» نى، «يۈكسىلىش تىلىكىدە بولغۇچىلارغا شوتا قويۇپ بېرىش»نى («دىۋان»، 1 ـ توم، 7 ـ بەت) مەقسەت قىلىدۇ. جۈملىدىن بىلىملىك بولۇشنى ئىنسانىنىڭ ئەڭ ياخشى پەزىلىتى دەپ قارايدۇ. شۇڭا «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا:

ئوغلۇم، ساڭا ئەدەپ ـ ئەخلاقنى مىراس قالدۇرىمەن، سەن ئا ـ قىل ئادەمنى تېپىپ، ئۇنىڭ تەربىيىگە باققىن. («دىۋان»، 3 ـ توم، 597 ـ بەت)

ياخشى ئادەمنىڭ سۆڭىكى چىرىر، نامى قالار. («دىۋان»، 3 ـ توم، 502 ـ بەت)

ئادەم بالىسى يوقىلار،
ياخشى ئېتى قالار. («دىۋان»، 3 ـ توم، 524 ـ بەت)
بىرەر كىشى ساڭا كۈلۈپ قارىسا،
(سەنمۇ) ئوچۇق چىراي كۆرسەت،
يامان سۆزدىن تىلىڭنى تارت،
ياخشى سۆز بىلەن شۆھرەت قازىنىشنى تىلىگىن.

(بىرەر كىشى ساڭا كۈلۈپ قارىسا، سەنمۇ ئوچۇق چىراي بىلەن باق. شېرىن سۆزلۈك ۋە خۇش مۇئامىلىلىك بول، يامان سۆزدىن تىلىڭنى تارت) («دىۋان»، 3 ـ توم، 58 ـ بەت) دەپ يېزىپ، بىلىملىك بولۇش ئەڭ ياخشى پەزىلەت، ئۆگىنىش دېمەك ھالقىش، يۈكسىلىش دېمەكتۇر، دېگەن روھنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەيدۇ.

مەھمۇد كاشغەري بىلىم ئىگىلەشتە، بىلىملىك ئادەم بولۇشتا تىل ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى، بىر تىلنى ئۆگىنىش بىلەن بىر ئەقلىنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى، يېڭى بىر تىلنى ئۆگىنىش يېڭى ئەقلىنىڭ باشلىنىشى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن.

مەھمۇد كاشغەري تۈرك تىلىغا، بولۇپمۇ خاقانىيە تىلىغا نىس ـ

بەتەن ئالاھىدە مۇھەببەت باغلاپ، ئەينى ۋاقىتتا «تۈرك تىلى ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى» («دىۋان» 1 ـ توم 5 ـ بەت)، «تۈرك تىلىنى «ئۆگىنىش ـــ ئەقىل تەقەززاسى» ئىكەنلىكىنى («دىۋان»، 1 ـ توم، 2 ـ بەت) چوڭقۇر چۈشىنىپ، «يۈكسىلىش تىلىكىدە بولغۇ-چىلارغا شوتا قويۇپ بېرىش»، «توغرا نىشان كۆرسىتىش» نى («دىۋان»، 1 ـ توم، 7 ـ بەت) مەقسەت قىلىپ، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۈچۈن، جۈملىدىن ئەرەب خەلقى ئۈچۈن «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئىبارەت «ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس ـ تۈگىمەس بىر بايلىق» («دىۋان» 1ـ توم 3 ـ بەت)، «تەلەپكە لايىق قوللانما» («دىۋان»، 1 ـ توم، 7 ـ بەت) نى تۈزۈپ بەرگەن.

مەھمۇد كاشغەرىي بىر تەرەپتىن، «ئەردەم باشى تىل» (پەزىلەت-نىڭ بېشى تىل) دەپ، بىلىملىك بولۇش، پەزىلەتلىك بولۇش ـــ تىل ئۆگىنىشتىن باشلىنىدۇ، تىل ئۆگىنىش، بىر يېڭى تىلنى ئىگىلەش «يۈكسىلىش تىلىكىدە بولغانلارغا شوتا» («دىۋان»، 1 ـ توم، 7 ـ بەت) دەپ قارىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، قاراخانىيلار دەۋ-رىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىنىڭمۇ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، گۈللىنىپ، ئەرەب مەدەنىيىتى بىلەن «بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى» كۆرۈپ يەتكەن. شۇڭا مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئەرەب تىلى بىلەن تۈرك تىلىنى سېلىشتۇرۇپ، «تۈرك تىلىنى ئۆگىنىش ۋاجىپ»، «ئەقىل تەقەززاسى» («دىۋان»، 1 ـ توم، 2 ـ بەت)، ئەرەب خەلقىمۇ تۈركچە ئۆگىنىشى كېرەك، دەپ قاراپ، «دىۋان» پۈتكەندىن كېيىن ئابباسىيلار خەلىپىسىگە سوۋغات قى-لىپ، خانلىقنىڭ كۈچى ئارقىلىق قاراخانىيلارنى مەركەز قىلغان تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر مەدەنىيىتىنى، يەنى شەرق مەدەنىيىتى-نى پۈتۈن ئەرەب ئەللىرىگە، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشنى كۆزلىگەن.

شۇڭا، بۇ قوش تىللىق سېلىشتۇرما لۇغەت ئېلان قىلىنغاندا

دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۇردى. دېمەك، «تۈركىي تىللار دىۋانى» مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ۋە يۈكسەك مىللىي ئىپتىخارىنىڭ مېۋىسىدۇر.

مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تۈزۈشتە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان ئىلمىي ئىستىلنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن. بۇ چوڭ ئىلمىي ئىجادىيەتنى ئاۋۋال ئەمەلىي تەكشۈرۈشتىن باشلىغان، ئەمەلىي تەكشۈرۈش، تەتقىقات ئېلىپ بارغان.

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان» دا نەقىل كەلتۈرگەن نۇرغۇن ماقال ـ تەمسىللەردە:

بۇ جاھاندا ياشاپ بولماس چەكمەي جاپا،
ھالاۋەتنى كۆرمەي تۇرۇپ دۇنيا تۈگەر.
(«دىۋان»، 1 ـ توم، 548 ـ بەت)

بويۇنتاۋلىق قىلسا،
بويۇن زەنجىرلىنىدۇ.
(«دىۋان»، 2 ـ توم، 496 ـ بەت)

كىم ئۆلۈمدىن قاچسا،
ئۆلۈم ئۇنىڭغا ئارتىلىدۇ.
(«دىۋان»، 2 ـ توم، 490 ـ بەت)

بىلىمنى ئىزدىدىم،
دانىشمەننى تاللىدىم،
ئۇزۇمنى ئايرىدىم،
ئاق ياللىق ئېتىم يېشىكلىك تۇرىدۇ.
(«دىۋان»، 3 ـ توم، 316 ـ بەت)

دەپ يېزىپ، ئىلىم ـ پەن يولىدا جاپا ـ مۇشەققەت ۋە قەيسەرلىك بىلەن ئىشلەش ئىرادىسىنى بىلدۈرگەن.

مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يېزىش ئۈچۈن 15 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ياشاۋاتقان

شەھەر ـ قىشلاقلارنى، كەڭ يايلاقلارنى، دالا ـ قىرلارنى كېزىپ يۈرۈپ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئالىم «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق يازغان: «شۇڭا مەن شۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن ـ ئاياغ كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيەلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى، مەن ئۇلارنى پۇختا رەتلەپ ئوبدان رەتكە سېلىپ چىقتىم.

ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس ـ تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە سېغىنىپ، بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا ‹دىۋانى لۇغاتىت تۈرك ـ تۈركىي تىللار دىۋانى› دەپ ئات قويدۇم.» («دىۋان»، 1 ـ توم، 2، 3 ـ بەت)

دېمەك، ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىق» نى ئىجاد قىلىش ئۈچۈن، مەركىزىي ئاسىيانىڭ ھەممە جايلىرىنى دېگۈدەك ئايلىنىپ چىققان. ئىلى دەرياسىدىن تارتىپ ئامۇ، سىر دەرياسىغىچە بولغان كەڭ رايونلارغا جايلاشقان ئۇيغۇر، ياغما، چىگىل، پەچەنەك، قارلۇق، قىپچاق، ئوغۇز، يەمەك، باشقىرت، باسمىل، ياباقۇ، تاتار، قىرغىز، توخسى، ئوغراق، چارۇق، چۇمۇل، تۈركمەن قاتارلىق 20 قەبىلىنىڭ ھەممىسىنى بىرمۇ بىر تەكشۈرگەن. قەبىلىلەرنىڭ ئىسمى، ئادەم سانى، جايلىشىشى، قەبىلە تۈزۈلۈشى، جۇغراپىيەلىك ئەھۋالى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ خاتىرىلىگەن. تىل، تارىخ، مەدەنىيەت، ئاسترونومىيە، ئېتنوگرافىيە، تېبابەتچىلىك، ئۆرپ ـ ئادەت، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق مەزمۇنلارغا ئائىت ئىنتايىن كەڭ ۋە

قىممەتلىك ماتېرىياللارنى، فولكلور ۋە يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى توپلاپ رەتكە سېلىپ چىققان. بولۇپمۇ تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ سۆزلۈك، تەلەپپۇز، گىراماتىكا جەھەتتىكى ئورتاقلىقى ۋە پەرقىنى سېلىشتۇرۇپ چىقىپ، ئومۇمىي قانۇنىيەتنى تېپىپ چىققان.

مەھمۇد كاشغەرىي بۇ قامۇسنى تۈزۈش ئۈچۈن 20 يىل ئىشلىدى. دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىمۇ تىللاردا داستان بولغۇدەك ئىلمىي ئىستىلنى جارى قىلدۇردى. ئېلىمىز ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە، ئالىمنىڭ بۇ خىل ئىلمىي ئىستىلىنى تەشۋىق قىلىش، قەدىرلەش مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ توغرا ئىلمىي ئىستىلىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپى ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تۈزۈش جەريانىدا ئىپادىلىگەن ئىجادچانلىق روھىدۇر.

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان» نىڭ كىرىش سۆزىدە يەنە مۇنداق يازىدۇ: «قەدەم ئىزى بىراۋنىڭ ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ»، «مەن ئىشنى يېنىكلىتىش ۋە كىتابنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن، بۇ ئەسەرنى مەندىن بۇرۇن ھېچكىم ئىشلەتمىگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە بىر تەرتىپتە تۈزۈپ چىقتىم. بۇ يازغان ئەسىرىم تەلەپكە ئۇيغۇن بولسۇن، پايدىلانغۇچىلارغا قوللانما بولغۇدەك بىر قىممەتكە ئىگە بولسۇن، دېگەن نىيەت بىلەن بىرمۇنچە قائىدىلەرنى تۈزۈپ، يېڭى ـ يېڭى ئۆلچەملەرنى قويدۇم. ھەربىر قەبىلىنىڭ تىلىدىن سۆز ياساشقا ئاساس بولىدىغان تۈپ سۆزلەرنىلا ئالدىم» ۋە «جۈملىدىن تۈرك خەلقلىرىنىڭ كۆرگەن، بىلگەنلىرىنى ئىپادىلەيدىغان شېئىر ۋە قوشاقلىرىدىن، قايغۇلۇق ۋە خۇشاللىق كۈنلىرىدە ئېيتقان چوڭقۇر مەنىلىك ماقال ـ تەمسىللىرىدىن مىساللار كەلتۈردۇم، تاكى بۇنىڭدىن پايدىلانغانلار كېيىنكىلەرگە، ئۇلار ئۆزىدىن كېيىنكىلەرگە يەتكۈزسۇن. شۇنىڭ بىلەن

بىللە يەنە بىرمۇنچە ئىبارىلەرنى كىرگۈزدۇم. شۇنداق قىلىپ، بۇ كىتاب يېڭىلىقلار بېرىشتە قىيامىغا، قىممەت ۋە گۈزەللىكتە پا- يانىغا يەتتى.» («دىۋان»، 1 - توم، 7، 8 - بەت). دېمەك مەھمۇد كاشغەرىي باشقىلار ماڭغان ئىزدىلا توختاپ قالماي، ئەينى تارىخىي شارائىتتىكى ئىلغار مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، باشقىلارنىڭ نەتىجە ۋە تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يېڭىچە مە- دەنىيەت نەتىجىسىنى يارىتىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، داۋاملىق ئىزدىنىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ بىرىنچى ئالتۇن دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلى- دىغان شاھانە ئەسەرنى ياراتتى.

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان» نى ئىجاد قىلىش جەريانىدا، ئىنتا- يىن ئەستايىدىل ۋە مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيە بىلەن ھەربىر سۆزلۈكنى قايتا - قايتا دەلىللەپ، ئەتراپلىق ئىزاھلىغان. شۇڭا، سۆزلۈكلەرنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى توغرا ۋە ئېنىق بولۇپ، تارىخ سىنىقىدىن ئۆتكەن.

مەسىلەن، «كەنت» سۆزىنى ئىزاھلىغاندا، «كەنت» دېگەن شە- ھەر دېگەنلىك بولىدۇ، دەپلا توختاپ قالماي، بەلكى قەشقەرنى مى- سال كەلتۈرۈپ، «قەشقەر — ‹ئوردا كەنت›، ‹خان تۇرىدىغان شە- ھەر، مەركەز›، چۈنكى، بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىق- تىن، ئافراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان. بۇ يەر تۆۋەن چىنىدۇر» دەپ يېزىپ، قەشقەرنىڭ ئورنى، ھاۋاسى، كىم تۇرغانلىقىنى، نەگە تە- ۋەلىكىنى ئېنىق يازغان («دىۋان»، 1 - توم، 447 - بەت).

«ئۇپال» سۆزىنى چۈشەندۈرگەندىمۇ «بىزنىڭ يۇرتىنىڭ نامى» دەپ ئېنىقلىغۇچى سۆز بىلەن تەكىتلىگەن («دىۋان»، 1 - توم، 99 - بەت). ئۇپالنىڭ نامى تاھازىرغىچە ئۆزگەرگىنى يوق.

سۆزلۈكلەرگە ئىزاھات بەرگەندە خەلق ئارىسىدىكى جانلىق ما- قال - تەمسىللەردىن، شېئىر - قوشاقلاردىن پايدىلانغان، بۇنىڭ بىلەن سۆزلۈكلەرنىڭ ئىزاھاتى تېخىمۇ روشەنلىككە، ئېنىقلىققا

ئىگە بولغان، كىشىنىڭ ئېسىدىن چىقمىغان.

مەسىلەن، «قىزىل» سۆزىنى چۈشەندۈرگەندە، «قىزىل — قەشقەرنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر دەريانىڭ نامى» دەپ ئىزاھ بې-رىشتىن باشقا، بۇ دەريانىڭ باھار پەسلىنى تەسۋىرلەيدىغان قو-شاقنى نەقىل كەلتۈرۈپ، بۇ دەريانى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرىدۇ. مەسىلەن،

قىزىل، سېرىق (چېچەكلەر) بىر - بىرىگە يۆلىنىپ،
يېشىل رەيھانلار كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ،
بىر - بىرىگە يۆگىشىپ (تۇرماقتا)،
ئىنسان ئۇنىڭغا تاڭ قالىدۇ.

(«دىۋان»، 1 - توم، 512، 513 - بەت)

«ئات» سۆزىنى چۈشەندۈرگەندە: «قوش قانىتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن» دېگەن تەمسىلنى كەلتۈرۈپ، «ئات» سۆزىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ ئېنىق ئىزاھلايدۇ (دىۋان، 1 - توم، 48 - بەت).

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ئىجاد قىلىش جەريانىدا ئىپادىلىگەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، جاپا - مۇشەققەت بىلەن ئىزدىنىش، ئىجاد قىلىش، ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇش ئەنئەنىسى زور مەنىۋى بايلىق. بۇ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى بولۇپ، جۇڭخۇا مىل-لەتلىرىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقىنى ئاشۇرىدىغان، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئالغا باستۇرىدىغان مەنىۋى كۈچ. بىز بۇ خىل روھنى قەدىرلىشىمىز، يېڭى دەۋرنىڭ يېڭى تەلەپلىر-رى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈ-رۈپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە ئىناق، جۇشقۇن، يېڭىلىققا، ئىجادچان-لىققا ئىنتىلىدىغان كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈشىمىز لازىم. مەھ-مۇد كاشغەرىي بۇ جەھەتتە بىز ئۈچۈن ئۆرنەك ۋە ئۈلگە.

# مەڭگۈ خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان ئادەم

(مۇقام ئۇستازى تۇردىئاخان ئاكا تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا سەنئىتىنىڭ قامۇسى بولغان «ئون ئىككى مۇقام» يالغۇز ئۇيغۇر كىلاسسىك سەنئىتىدىلا ئەمەس، بەلكى شەرق مۇزىكا سەنئىتىدىمۇ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ ئىجادىيەت، بۇ قىممەتلىك تارىخىي مىراس «ئۇيغۇر مىللىي مۇزىكىسىنىڭ ئانىسى» سۈپىتىدە 1000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان دەۋردىن دەۋرگە، نەسىلدىن نەسىلگە داۋاملىشىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە.

تۇردىئاخۇن ئاكا بۇ باي مەدەنىي مىراسنى بىزنىڭ دەۋرىمىز - گىچە ساقلاپ كەلگەن ۋە «ئون ئىككى مۇقام» نى سوتسىيالىستىك دەۋرىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسىنى ياراتقان خەلق سەنئەتكارى.

تۇردىئاخۇن ئاكا 1880 ـ يىلى قەشقەر يېڭىسار ناھىيەسىدە بىر كەمبەغەل سازەندە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ 75 يىل ئۆ - مۈر كۆرۈپ، 1956 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قەشقەردە ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ دادىسى تەۋەككۇلئاخۇن جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە مەشھۇر مۇقامچى ئىدى. تۇردىئاخۇن ئون ئىككى يېشىدىن باشلاپ مۇقام ئۆگىنىشكە باشلىدى. ئۇ دادىسىنىڭ تەربىيەسى ئارقىسىدا جاپاغا چىداپ ئۆگىنىپ، 20 ياشقا كەلگەندە «ئون ئىككى مۇقام» نى تولۇق ئۆگىنىپ بولدى. شۇندىن باشلاپ قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردا 50 يىل مۇقام ئېيتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ،

كەڭ خەلق ئاممىسى قىزغىن سۆيىدىغان ۋە قەدىرلەيدىغان خەلق مۇقامچىسىغا ئايلاندى. تۇردىئاخۇن ئاكا ھەرقايسى جايلارنىڭ سەنئەت ئالاھىدىلىكىنى، دادىسى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەن مۇقامچىلارنىڭ مۇقام ئېيتىش ئۇسلۇبىنى پۇختا ئۆگەنگەن. ئۇ مۇقامنى پۇتۇن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ چېلىش، ھەر بىر مۇقامنىڭ، ھەربىر نەغمىنىڭ مەزمۇنىنى، خۇسۇسىيىتىنى تولۇق ئىپادىلەش، خەلق قەلبىنى ئۆزىگە تارتىش، مۇقام پۇرىقىنى تولۇق چىقىرىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن مۇقامنىڭ يېڭى ھاياتى باشلاندى. تۇردىئاخۇن ئاكىنىڭمۇ يېڭى ھاياتى باشلاندى.

1951 ـ يىلى ۋە 1952 ـ يىلى ئۇرۇمچىگە تەكلىپ قىلىنىپ «ئون ئىككى مۇقام»نى رەتلەش خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇلدى. ئۇ چەكسىز قىزغىنلىقى ۋە پىداكارانە ئەمگەك روھى بىلەن «ئون ئىككى مۇقام» نى لېنتىغا ئالدۇردى. بۇنىڭ بىلەن تۇردىئاخۇن ئاكا «ئون ئىككى مۇقام» دىن ئىبارەت بۇ باي ۋە قىممەتلىك مەدەنىي مىراسنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا زور تۆھپە قوشتى.

دەۋرىمىزگىچە ساقلىنىپ قالغان «ئون ئىككى مۇقام» تۇردىئاخۇن ئاكا نامى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.

«مۇقام» سۆزى — «ئورۇن»، «دەرىجە»، «دائىرە» دېگەن مەنىدە بولۇپ، مۇزىكىدا مۇقام ئاتالغۇسى مەلۇم دەرىجىدە يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن مۇزىكىلىق ئەسەر دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۇرىدۇ.

«مۇقام» سۆزى — خەلق قوشاقلىرىدا ئاشۇ خىل مەزمۇندا ئىشلىتىلىپ كەلگەن. «ئون ئىككى مۇقام» دېگەن بەلگىلىك سەۋىيەگە يەتكەن، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بىلەن بەلگىلىك دائىرە ئىچىدە يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن، سىستېمىلاشتۇرۇلغان چوڭ ھەجىملىك ئون ئىككى پارچە مۇزىكىلىق ئەسەر دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ. تۇردىئاخۇن ئاكا بىزگە ئەنە شۇنداق قىممەتلىك بايلىقنى قالدۇرۇپ كەتتى. تۇردىئاخۇن ئاكا لېنتىغا بەرگەن «ئون ئىككى

مۇقام» بىرقەدەر تولۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ نامى، مەنىسى، ھەجمى تۆۋەندىكىچە:

(1) راك مۇقامى (بەخت تىلەش) 23 نەغمە؛ (2) چەببىيات مۇقامى (گۈزەللىكنى سېغىنىش) 23 نەغمە؛ (3) مۇشاۋىرەك مۇقامى (چىنلىق، توغرىلىق) 31 نەغمە؛ (4) چارىگاھ مۇقامى (مەنزىرىلىك ئورۇن) 18 نەغمە؛ (5) پەنجىگاھ مۇقامى (ئۇلۇغلۇق، يۈكسەكلىك) 28 نەغمە؛ (6) ئۆزھال مۇقامى (ھال - مۇڭ) 29 نەغمە؛ (7) ئەجەم مۇقامى (جاي نامى) 17 نەغمە؛ (8) ئوششاق مۇقامى (ئاشىق توغرىسىدا) 23 نەغمە؛ (9) بايات مۇقامى (ئەسلەش) 19 نەغمە؛ (10) ناۋا مۇقامى (كۈچ - قۇۋۋەت) 21 نەغمە؛ (11) سىگاھ مۇقامى (ئويغىنىش) 6 نەغمە؛ (12) ئىراق مۇقامى (دەريا قىرغىقى) 8 نەغمە. ئۇنىڭدىن باشقا «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ تەركىبىگە ئۆز سىستېمىسى بويىچە كىرگۈزۈلمىگەن، لېكىن «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىي قىسمى بولغان «ئابۇچەشمە» مۇقامىنى قوشقاندا (ئابۇ چەشمە — كۆز ياش بۇلاقلىرى، دېگەن مەنىدە بولۇپ، 20 نەغمە) جەمئىي 266 نەغمىدىن ئىبارەت. ئەگەر «ئون ئىككى مۇقام» نى باشتىن - ئاخىر ئۇلاپ چېلىش توغرا كەلسە 24 سائەت كېتىدۇ.

ھەربىر مۇقام ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان.

**1. چوڭ نەغمە.** بۇ قىسىم توققۇزدىن ئونغىچە بولغان بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ناخشا ۋە مەرغۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ، چوڭقۇر ھېسسىيات ۋە گۈزەل بەدىئىيلىككە ئىگە بىر قانچە مۇقەددىمىلەر، ناخشا - ئاھاڭلار ئارقىلىق مۇزىكىنىڭ تۈپ پىكرىنى ئېچىشتىن باشلاپ، تۆت ياكى ئۈچ ئۇدارلىق تەزىگە كۆچىدۇ، كەيپىيات تېخىمۇ يۇقىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئاخىرىدا گەۋدىلىك، تېز رېتىملىق ئاھاڭلار بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

**2. داستان.** بۇ ئۈچتىن ئالتىگىچە بايان خاراكتېرلىك ناخ-

شىلاردىن تەركىب تاپقان. ھەربىر ناخشىنىڭ كەينىدىن بىردىن مەرغۇل كېلىدۇ. مەرغۇل لىرىك تۇيغۇنىڭ خۇلاسىسى ۋە چۇشۇرگىسى.

**3. مەشرەپ.** بۇ قىسىم ئۇچتىن ئالتىگىچە بولغان بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ئۇسسۇللۇق ناخشىدىن تەركىب تاپقان. ئۇ، ئالدى بىلەن سالماق باشلىنىپ، كېيىن ئىككىنچى ياكى ئۇچىنچى مەشرەپكە كەلگەندە يۇقىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ قىزغىن كەيپىياتتا ئاخىرلىشىدۇ.

«ئون ئىككى مۇقام» چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە لىرىك ئەسەر، «ئون ئىككى مۇقام» دىكى ھەربىر مىسرا مۇزىكا، ناخشا ۋە نازۇك ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى ئىچىدە خەلق ئاممىسىنىڭ چوڭقۇر ئىدىيەۋى ھېسسىياتى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى يوشۇرۇنغان. قايسىبىر مۇقامنى ئۆز سىستېمىسى بويىچە چېلىپ، تۇگىتىپ، پەدە يۆتكىگەندە، ساتار، تەمبۇر، دۇتار، قالۇنلارنىڭ تارىدىن، داپ ساداسىدىن يېقىملىق، جاراڭلىق ئاھاڭلار ئاڭلىنىپ، كىشىلەرنىڭ يۈرەك بېغىشلىرىنى تىترىتىپ ئۇزاق ئۆتمۇش دەۋرنىڭ (ئەسىرنىڭ) زۇلمەتلىك كىشەنلىرىنى، كونا جەمئىيەتنىڭ نالە ـ پىدىغانلىرىنى، مۇڭ ـ زارلىرىنى ھېكايە قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، خەلق ئاممىسىنىڭ تارىختىكى زالىم ۋاڭ ـ بەگلەرنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى كۈرەش يالقۇنى بىلەن قەھرىمانلىق روھىنى، بەختىيار زامانغا بولغان ئىنتىلىشىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ. ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ مۇزىكا ئوبرازى، شېئىر ئوبرازى ۋە ئۇسسۇل ئوبرازى ئىچىدىكى ئىنكاسى.

«ئون ئىككى مۇقام» ئىچىدىكى «غېرىب ـ سەنەم»، «تاھىر ـ زۆھرە» قاتارلىق خەلق داستانلىرىدا خەلق ئاممىسىنىڭ فېئودال-لىق ئادالەتسىز نىكاھ تۈزۈمىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە تەلىپى روشەن ئەكس ئەتكەن، بۇ

داستانلاردىكى خەلق قەھرىمانلىرى «قاباپەلەك» (فېئودال ھا-كىمدارلار)، «قارا باتۇرلار» (ئەركىنلىك، دېموكراتىيە دۈشمەنلە-رى) ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىدۇ. بۇ قەھرىمانلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ھاياتىدا ئارمانغا يەتسە، بەزىلىرى تىراگېدىيەلىك تەقدىرگە يولۇققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قەبرىسىدىن قىزىلگۈل ئۈ-نىدۇ. «قارا باتۇرلار» قەبرىسىدىن تىكەن ئۈنىدۇ. خەلق غايىسىدە چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ. ئوپتىمىستىك روھ بىلەن تولغان بۇ داستانلار جاراڭلىق، جۇشقۇن ئاھاڭلار بىلەن قوشۇلۇپ كىشى-لەرگە ئىلھام ۋە مەدەت بېغىشلايدۇ. «ئون ئىككى مۇقام» مەزمۇ-نىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ چاقناپ تۇرىدۇ، شۇڭا، «ئون ئىككى مۇ-قام» تارىختىن بۇيان چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۆرەش-نىڭ كۈچلۈك تەشۋىقات - تەرغىبات قورالى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىپ كەلدى.

شائىر ۋە مۇقامچى قىدىرخاننىڭ:

قىلىچ - نەيزە ئۇرۇلماقتا تۇمەننىڭ كەمبەغەل جانغا،
تۆكۈلگەن لەختە قانلارنى تېگىشتى بىر مۇسۇلمانغا.
جاھاننى قەتلە ئەتمەككە سېتىپ قۇللارنى سۇلتانغا،
دىيارىمنى خاراب قىلدى، چېچىپ دىۋارنى ھەر يانغا،
ئېگىلمەسكە قەسەم قىلدۇق ئەرەبلەردەك شەھدانغا.

دېگەن «تېگىشىلگەن قان» ناملىق مۇخەممىسى «چەببىيات» مۇقا-مىنىڭ شۇ چاغدىكى ئۇسلۇبىغا ماسلاشتۇرۇپ ئېيتىلىپ، خەلق-نىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ئى-پادىلەنگەن.

1871 - يىلىدىن 1881 - يىلىغىچە چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ئېلىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئىلى خەلقىنى كۆچۈپ كې-تىشكە مەجبۇر قىلغاندا، ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى چار-

رۇسىيەنىڭ قورالىق بېسىمىدىن قورقماستىن، «ئۆزھال» مۇقا-
مىنىڭ بەزى ئاھاڭلىرىغا «كۆچ ـ كۆچ» ناخشىسىنى سېلىپ ئو-
قۇپ، مۇستەملىكىچىلىككە ۋە مەجبۇرىي كۆچۈرۈشكە قارشىلىق
بىلدۈرگەن. مەسىلەن:

ئاق پادىشاھ لەشكىرى،
ئالتۇن كولاپ تاش كەستى.
دېھقانلارنى كۆچ ـ كۆچ دەپ،
قىلىچ بىلەن باش كەستى.

ئالمۇتىغا كۆچ دەيدۇ،
بارار يېرىمىز قۇملۇق،
راست گېپىنى قىلمايدۇ،
كۆزى كۆك، بېشى يۇڭلۇق.

مانا بۇ ناخشىلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چاررۇسىيە تاجاۋۇزچىلى-
رىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ ئوبرازلىق دەستۇرى.

«ئون ئىككى مۇقام»نىڭ چوڭقۇر مەزمۇندارلىقى شۇ يەردىكى،
ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي ھايات، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈرەشچان روھى
ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپلا قالماي، ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ
گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتى، كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرغان ۋە-
سىيەتنامىلىرى جانلىق ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن:

ئېيتمىغىن سىرىڭنى سەن، ھەر كىمگە سىرداش ئۆزگىدۇر،
دەردى يوق بىدەردكە مۇڭ ئېيتما، مۇڭداش ئۆزگىدۇر.
ھەمرى قابىل بىرلە يۈر، بىر غېرىچ بولسىمۇ يول.
يۈرمىگىل، نائەھلى بىرلە يولدا يولداش ئۆزگىدۇر.
(«پەنجىگاھ» مۇقامى ئىككىنچى مەشرىپىدىن)

«ئون ئىككى مۇقام» نىڭ دەۋردىن بۇيان خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق ھېس ـ تۇيغۇسىنى قوزغاپ كېلىۋاتقان ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدىكى ناخشا ـ مۇزىكىلارنىڭ ھەممىسىدە نالە ـ پىغان، غەزەپ ـ نەپرەتتىن باشقا خەلق ئاممىسىنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئارزۇ ـ ئارمىنى، ئالغا ئىنتىلىش روھى ئىنتايىن يارقىن ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن، تۆۋەندىكى پارچىغا نەزەر سېلىپ كۆرەيلى:

كۆڭۈل چەكسىز دېڭىزدىكى زېمىننى تەڭشىگەي ئاخىر،
گۇمان دەرياسىدا ئۈزمە كۆرۈپ بۇ قەبرىگاھلىقنى.
نىگارىم ئىزدىگەي كاككۇك تېپىشقاي سۇبھى گۈلزاردا،
ھامان باغلاپ ئېلىگە ئۇ مۇھەببەت ئاشنالىقنى.
(«چارىگاھ» مۇقامىنىڭ باشلىنىشى)

بۇ خىل ئۇمىدۋارلىق پۈتۈن مۇقام مەزمۇنىغا سىڭگەن، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ «ئون ئىككى مۇقام» خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى ئوزۇقى سۈپىتىدە دەۋردىن دەۋرگە، نەسىلدىن نەسىلگە داۋاملىشىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە.

تۇردىئاخۇن ئاكا «ئون ئىككى مۇقام» مەزمۇنىدىكى ئورتاقلىقنى، ھەر بىر مۇقام مەزمۇنىدىكى ئالاھىدىلىكنى، ھەربىر مۇقامدىكى ئوخشاشمىغان كەيپىياتنى پۇختا ئىگىلەپ، ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ھېسسىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «ئون ئىككى مۇقام» نى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلدى. بۇنىڭ ئۆزىلا تەڭداشسىز ئۇلۇغ ئىجادىيەت.

«ئون ئىككى مۇقام» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆپ ئەسىردىن بۇيانقى خەلق ناخشىلىرى، ئەلنەغمىلىرى، داستانلىرى، مۇزىكا ئەسۋابلىرى، يازما ئەدەبىياتى (ئاساسەن شېئىر) تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، خەلق ئاممىسىنىڭ قايناق ھاياتى، نورۇز بايرىمى، قارلىق ئويۇنى، سەيلە، مەشرەپ، توي ـ تۆكۈن قاتارلىق ئېغىز

ئەدەبىياتىنىڭ ئېتنوگرافىيەلىك شەكىللىرى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ كۆرەك سەھنىسى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ ھەر بىرى بىر پۈتۈن تولۇق مەزمۇنغا ۋە ئاھاڭغا ئىگە. رىتىم، ۋەزىنلەرنىڭ ئوخشىماسلىقى ۋە ھەر خىل نەقراتلار ئارقىلىق بىر-بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. جۈملىدىن، ھەرقايسى جايلارنىڭ خەلق ناخشىلىرى يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن ۋە گۇرۇپپىلاشقان. «ئون ئىككى مۇقام» ئەنە شۇ خەلق ناخشىلىرىنىڭ پايانسىز دېڭىزى ئىچىدە راۋاجلانغان ۋە سىستېمىلاشتۇرۇلغان.

«ئون ئىككى مۇقام» شەكىللىنىشتىن بۇرۇنلا خەلق ئىچىدە «غېرىب - سەنەم»، «تاھىر - زۆھرە»، «يۈسۈپ - ئەخمەت»، «ھۆرلىقا - ھەمراجان»، «شەمشى - قەمەر» قاتارلىق داستانلار كەڭ تارقالغان. بۇ داستانلار مۇزىكىلىق ئەسەر بولۇپ، ھەربىر داستان مۇزىكىلىرى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە. خەلق داستانلىرىدىن ئىبارەت بۇ زور بايلىق «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە سىستېمىلىشىشىغا زور تۈرتكە بولدى.

«ئون ئىككى مۇقام» نىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىدا كىلاسسىك شائىرلار ۋە ئۇلارنىڭ غەزەللىرىنىڭ رولىمۇ چوڭ بولدى. «ئون ئىككى مۇقام» ئاھاڭدارىغا قارىغاندا خەلق ناخشا ئاھاڭلىرىنىڭ رىتىمى، ۋەزنى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ مۇرەككەپ ۋەزنىگە ئۇيغۇنلىشالمايدۇ، شۇڭا، «ئون ئىككى مۇقام» تېكىستىگە كىلاسسىك شائىرلارنىڭ مۇرەككەپ ۋەزىنلىك بىر پۈتۈن مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان غەزەللىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ يەردە شۇ نەرسە ئالاھىدە خاراكتېرلىككى، مۇقام ئىچىگە تاللىۋېلىنغان كىلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى، قول يازمىلىرى مۇقامچىلار ئارقىلىق خەلق ئىچىگە تارقالغان. خەلقنىڭ ئوقۇش، ئاڭلاش سىنىقىدىن ئۆتكەن. مەسىلەن، «راك مۇقامى» نىڭ مەشرىپىگە سېلىنغان نەۋايىنىڭ:

بىر كۆرۈپ ھەسرەتتە قالدىم ئۇل پەرى رۇخسارىنى،
ئىككى كۆرسەم دەپ تىلەيمەن كۆزلىرى خۇمارىنى.
ئۈچ كۆرۈشكەندە سالۇرلەر ئاي يۈزىگە خالىنى،
تۆت كۆرۈشكەندە سالۇرلەر خەنجىرى تەييارىنى.

دېگەن شېئىرى خەلق سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ناخشىغا ئايلانغان.

تۇردىئاخۇن ئاكا ھەر قايسى جايلارنىڭ خەلق ناخشىلىرىنى، خەلق داستانلىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن. نۇرغۇن كىلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى يادلىغان. ئاشۇ بايلىقلار ئىچىدىن گۆھەر تاللاپ، مۇقام مەزمۇنىنى ئاچقان ۋە بېيىتقان. شۇنداق ئېيتىشقا ھەقلىقمىزكى، تۇردىئاخۇن ئاكا ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن مۇقامچىلارغا ئوخشاش ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق مۇقامچىسى، قوشاقچىسى ۋە شائىرىدۇر.

«ئون ئىككى مۇقام» نىڭ شەكىللىنىشى، راۋاجلىنىشى ۋە ئۇنىڭ خەلق ئىچىدە كەڭ تارقىلىشىدا خەلق ئىچىدىن چىققان مۇقامچىلارنىڭ رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. مۇقامچىلار خەلق ئىجادىيىتىنىڭ جەۋھىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بولۇپ، ئۇلار خەلق ئاممىسى بىلەن قەلبداش، تەقدىرداش ھەم خەلقنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتىنى تەشكىللىگۈچى ۋە خەلق ئىجادىيىتىنى يارانقۇچى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ئۇلار بىر ـ بىرلەپ تەدرىجىي، تارىخىي يوسۇندا مەيدانغا چىققان مۇقاملارنى سىستېمىلاشتۇردى، يۈرۈشلەشتۇردى. خەلق ئىچىدە ئەمەلىيەت سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، مۇقاملارنى داۋاملىق ئۆستۈردى، بېيىتتى. تۇردىئاخۇن ئاكا ئەنە شۇنداق مۇقامچىلارنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى، شۇڭا، تۇردىئاخۇن ئاكا مەڭگۈ خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان ئادەم.

# جۇڭگو «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ يېڭى باھارى

شىنجاڭ ئۇزۇن تارىخقا، پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە كۆپ مىللەتلىك قەدىمكى دىيار، ئالەمگە مەشھۇر «مۇقام ـ مەشرەپ، ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى»، ئۇ ئۇزاق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋە مۇنبەت سەنئەت تۇپرىقىغا ئىگە.

«شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى» دەپ شۆھرەت قازانغان «ئون ئىككى مۇقام» ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىچىلىقنىڭ ئەڭ قەدىمكى ماكانلىرىدىن بىرى بولغان شىنجاڭدا ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بىيىتقان ئېسىل سەنئەت بولۇپ، ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ھەقىقىي مەنىسىدىن ئالغاندا، ئۇ، پۈتۈن ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكىلىق تىل بىلەن ئىپادىلىگەن چوڭ ھەجىمدىكى بەدىئىي قامۇس، غايەت زور ھەجىمدىكى قېلىپلاشتۇرۇلغان نادىر مۇزىكا ئەسىرى، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك، بىباھا مىراستۇر. ئۇ، ئىلمىي، تارىخىي، بەدىئىي، ھۇزۇر ئېلىش ۋە ئۆرنەكلىك قىممىتىگە ئىگە. شۇڭا، «ئون ئىككى مۇقام» نى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە مىللەتنىڭ پاراسەت ھەم ماھارەتلىرىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە.

«ئون ئىككى مۇقام» ئون ئىككى پارچە مۇزىكا قامۇسىدۇر. ئۇلار، راك مۇقامى، چەببىيات مۇقامى، مۇشاۋرەك مۇقامى، چارىگاھ مۇقامى، پەنجىگاھ مۇقامى، ئۆزھال مۇقامى، ئەجەم مۇقامى،

ئۇشاق مۇقامى، بايات مۇقامى، ناۋا مۇقامى، سىگاھ مۇقامى، ئىراق مۇقامىدىن ئىبارەت بولۇپ، 36 ئاھاڭ، 2500 مىسراغا يې-قىن شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئون ئىككى مۇقامنى تولۇق ئورۇنلاشقا 24 سائەت ۋاقىت كېتىدۇ.

ئون ئىككى مۇقام ئەلنەغمە، مەشرەپ مۇزىكىلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئىنتايىن قويۇق خەلق ئاھاڭلىرى خۇسۇسىيىتىگە، يارقىن مىللىي خاسلىقىغا، روشەن مۇزىكىلىق ئالاھىدىلىككە، سىستېمىلاشقان مۇزىكىلىق قۇرۇلمىغا، مول ئا-ھاڭدارلىققا، مۇرەككەپ ـ قىيىن ئۇدار ـ رىتىمچانلىققا ئىگە. ھەربىر مۇقام ئۆزگىچە كۈي شەكلى ۋە خىلمۇخىل ئاھاڭ ئالاھى-دىلىكىگە ئىگە بولۇپ، «چوڭ نەغمە»، «داستان»، «مەشرەپ» تىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. «ئون ئىككى مۇ-قام» دىكى «چوڭ نەغمە»، «داستان»، «مەشرەپ» تىن ئىبارەت بۇ ئۈچ قىسىملىق مۇزىكا بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە سالماق باش-لىنىپ، جانلىق ئېچىلىش، قىزغىن راۋاجلىنىش ۋە يېنىك چۇ-شۇرۇلۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن كىشىدە زوق ۋە ھاياجان قوز-غايدۇ، ھۇزۇر بېغىشلايدۇ.

«ئون ئىككى مۇقام» خەلقىمىزنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى ئىش-تىياقىنى، ئارزۇسىنى، ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ۋە قابىلىيەت ـ ما-ھارەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىشتەك خاسى-يەت ئالاھىدىلىكى، باي تارىخىي مەنبەدارلىقى، ئەخلاق ئىلمى، پىسخولوگىيە ئىلمى، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق ئى-لىملىرى بىلەن زىچ بىرىككەن ئىلمىي سەنئەتلىك رولى ئارقىلىق جەمئىيەتكە ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىدىغان، مەنىۋى قۇدرىتى بىلەن خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى بېيىتىدىغان، مىللىي غۇرۇ-رىنى، ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدىغان، سەنئەت ھۇزۇرىنى ئاشۇ-رىدىغان ئىجتىمائىي قىممىتى بىلەن ھازىرقى زامان سەنئىتى-مىزنى گۈللەندۈرۈشتىكى باي مەنبە ۋە قۇرۇماس بۇلاقتۇر.

ئون ئىككى مۇقام قەدىمدىن تارتىپ خەلق ئارىسىدا ئاغزاكى ناخشا ۋە مۇزىكا شەكلى ئارقىلىق تارقىلىپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ساقلىنىپ كەلگەن بولۇپ، ئۆز تارىخىدا ئىككى قېتىم توپلىنىش، رەتلىنىش، قېلىپلاشتۇرۇلۇش، سەھنىلەشتۈرۈلۈشتىن ئىبارەت جاھانشۇمۇل ئىلمىي ئەمگەك باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈپ، يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن، قېلىپلاشتۇرۇلغان، سىستېمىلاشتۇرۇلغان بۈيۈك مۇزىكا قامۇسىغا، خۇددى جۇڭگو تەرىپلىگەندەك: «شەرق مۇزىكا تارىخىدىكى غايەت زور بايلىق» قا ئايلاندى.

## مۇقام ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىي تۆھپىسى

بۇنىڭدىن 400 نەچچە يىل ئىلگىرى ياركەند سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە، مەرىپەتپەرۋەر، مەدەنىيەت ــ سەنئەت ھامىيسى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ھاكىمىيەت كۈچى بىلەن قوللاپ ــ قۇۋۋەتلىشى، مەشھۇر مۇقام ئۇستازى، شائىرە ئامانىنىساخاننىڭ بىۋاستە رىياسەتچىلىكى، قىدىرخان قاتارلىق مەشھۇر ئۇيغۇر مۇقام ــ مۇزىكشۇناسلىرىنىڭ غوللۇق خىزمەت كۆرسىتىشى، ھەر تەرەپتىن ئوردىغا جەلپ قىلىنغان سازەندىلەر، شائىرلار، ئۇسسۇلچىلارنىڭ تىرىشىپ ئىشلىشى بىلەن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى تەرتىپكە سېلىشتەك ئۇلۇغ تارىخىي خىزمەت ئىشلەندى. ئامانىنىساخان بىلەن قىدىرخان ئون نەچچە يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، ئۇيغۇرلار قەدىمدىن ئەقىدە قىلىپ، ئادەتلەنگەن ۋاقىت بىرلىكلىرى ۋە ئاسترونومىيەلىك ئۆلچەم ــ قانۇنىيەتلەرگە ئاساسلىنىپ، ئەسلىدە خەلق ئارىسىدا تارقاق، ئۆلچەمسىز ھالدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئون يەتتە كۈي مۇقام ئاساسىدا «ئون ئىككى ئاي» غا، «ئون ئىككى ۋاقىت ــ 24 سائەت» كە، «365 كۈن» گە ئۆلچەملەشتۈرۈپ، «ئون ئىككى مۇقام» نى ئىلگىرىكى نەغمە ۋە مەشرەپ ھالىتىدىن «چوڭ نەغمە»، «داستان»، «مەشرەپ» تىن ئىبارەت ئۈچ

چوڭ قىسىمدىن، ھەربىر چوڭ قىسىمدىكى مۇزىكىلار مۇقىم، قا-
نۇنىيەتلىك بولغان نازۇك ئىچكى رىتىم ئۆزگىرىشلىرىدىن تەر-
كىبلەنگەن مۇكەممەل، ئىلمىي، چوڭ تىپتىكى يۇرۇشلەشكەن،
قېلىپلاشقان مۇزىكا قامۇسىغا ئايلاندۇردى. بىز ھازىر ۋارىسلىق
قىلىۋاتقان «ئون ئىككى مۇقام» ئەنە شۇ مۇقام ئەجدادلىرىنىڭ تا-
رىخىي تۆھپىسىدۇر.

ئامانىساخان، قىدىرخانلار تەرىپىدىن «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ
تەرتىپكە سېلىنىشى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى كىلاسسىك سەۋىيەگە
كۆتۈردى. ئۇلار «ئون ئىككى مۇقام» تېكىستلىرىنى سوپى ــ ئى-
شانلارنىڭ جاھالەتلىك قاراشلىرىغا زىت ئىلغار كىشىلىك قارى-
شىنى كۈيلەيدىغان تېكىستلارغا، ئالدى بىلەن ئەلىشىر نەۋايى غە-
زەللىرى، خەلق داستانلىرى نەزملىرى ۋە خەلق قوشاقلىرىغا ئال-
ماشتۇردى. بۇ، «ئون ئىككى مۇقام»نى پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي ۋە
تەربىيەۋى يۆنىلىش جەھەتتە خەلقنى ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيەلى-
رى بىلەن تەربىيەلەشتە غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىپ، مۇ-
قامنى ئىنسانپەرۋەر ئىدىيەلەر دەستۇرىغا ئايلاندۇردى. ئۇلار رەت-
لەپ مۇكەممەللەشتۈرگەن ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى «ئون
ئىككى مۇقام» ھەجمىنىڭ چوڭلۇقى، نەغمە خەزىنىسىنىڭ مول-
لۇقى، مېلودىيەسىنىڭ گۈزەللىكى، ئېستېتىك لەززەت ۋە ئەخلا-
قىي تەربىيەۋى رولىنىڭ تەسىرچانلىقى بىلەن يىپەك يولى باغرى-
دىكى بۇ ناخشا ــ ئۇسسۇل ماكانىغا غايەت زور جانلىنىش ۋە
شۆھرەت ئېلىپ كېلىپ، غەربتە ياۋروپا كىلاسسىك مۇزىكا ژانىرى
سىمفونىيەلەر مەيدانغا كەلگەن زاماندا، شەرقتە ئۇيغۇر مۇقاملى-
رىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە شېئىرىيەت
زىچ بىرىككەن كىلاسسىك سەنئەتنىڭ ئالتۇن دەۋرى مەيدانغا
كەلدى.

## 40 يىللىق مۇساپە، مىللىي مەدەنىيەت ساھەسىدىكى غايەت زور نەتىجە

يېپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى مەدەنىيەتكە، جۈملىدىن سەنئەتكە پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئىلىم ـ پەن، سەنئەت ئورنىغا جاھالەت، نادانلىق ۋە ئەسەبىيلىك ئالماشتى. فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ چەكلىشى، نابۇت قىلىشى تۈپەيلىدىن «ئون ئىككى مۇقام» پارچىلىنىش، ئۇنتۇلۇش ۋە يوقىلىش خەۋپىگە ئۇچراپ، مۇقامچىلارمۇ بارغانسېرى ئازىيىپ كەتتى. شىنجاڭ ئازاد بولۇش ھارپىسىغىچە «ئون ئىككى مۇقام»نى بىر قەدەر تولۇق ئېيتالايدىغان ئىككى ـ ئۈچ نەپەرلا ياشانغان مۇقامچىلار قالغان بولۇپ، «ئون ئىككى مۇقام» يوقىلىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى.

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى «ئون ئىككى مۇقام»نى جىددىي قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. «ئون ئىككى مۇقام»نى قۇتقۇزۇۋېلىش، توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش، راۋاجلاندۇرۇش بويىچە يېڭى تارىخىي دەۋر باشلىنىپ، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرىدا بۇ قىممەتلىك مۇزىكا مىراسى يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى.

«ئون ئىككى مۇقام»نى سىنىغا ئېلىش ئىشى تۇنجى قېتىم 1950 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە باشلاندى.

شۇ يىلى، سەنئەت ئەربابى، سابىق يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى قاسىمجان قەمبىرى قاغىلىق ناھىيەسىدە مەشھۇر مۇقام ئۇستازى تۇردىئاخۇن ئاكىنى بايقاپ، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلدى. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تۇردىئاخۇن ئاكا بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ھوشۇرئاخۇن، قەشقەرلىك مۇقامچى قاسىمئاخۇن (قاسىم ئەلنەغمە)، ئىلىدىكى مەشھۇر مۇقامچى روزى تەمبۇر، مۇقامشۇناس

زىكرى ئەلپاتتا، ئاتاقلىق ئۇيغۇر خەلق ناخشىچىسى ئابدۇۋەلى جارۇللايوفلارنى ئۇرۇمچىگە تەكلىپ قىلىشى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى بىلەن دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىكى كومپوزىتور ۋەن تۇڭشۇنى ياردەمگە ئەۋەتىشى بىلەن شۇ يىلى 8 ـ، 9 ـ ئايلاردا «ئون ئىككى مۇقام»، جۇملىدىن بىرقىسىم ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى سىنىغا ئېلىندى.

بۇ قېتىم تۇردىئاخۇن ئاكا بىلەن ھوشۇرئاخۇنىنىڭ ئورۇندىشىدا «ئون ئىككى مۇقام»، قاسىمئاخۇنىنىڭ ئورۇنلىشىدا «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ چوڭ نەغمىلىرى، روزى تەمبۇر بىلەن ئابدۇۋەلى جارۇللايوفنىڭ ئورۇنلىشىدا «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ داستان، مەشرەپلىرىمۇ سىنىغا ئېلىنىپ، تۇردىئاخۇن ئاكا، ھوشۇرئاخۇن، روزى تەمبۇر، زىكرى ئەلپەتتا، ئابدۇۋەلى جارۇللايوف جۇملىدىن كومپوزىتور ۋەن تۇڭشۇ بىلەن ئايالى لىيەن شياۋمېي ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخىدا ئۆچمەس خىزمەت كۆرسەتتى.

1951 ـ يىلى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدا «مۇزىكا گۇرۇپپىسى» تەسىس قىلىنىپ، ۋەن تۇڭشۇ، زىكرى ئەلپەتتا باشلىق ئون ئىككى نەپەر خادىم ناچار ماددىي شارائىت ئاستىدا قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تارقىلىپ يۈرگەن «ئون ئىككى مۇقام»نى توپلاش، سىنىغا، لېنتىغا، نوتىغا ئېلىش، رەتلەش، نەشر قىلىش، تەتقىق قىلىش بويىچە ئون يىل جاپالىق، ئەمما ئاجايىپ نەتىجىلىك ئىلمىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

1955 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن داغدۇغىلىق تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلىنىۋاتقان كۈنلەردە، تۇردىئاخۇن ئاكا بىلەن ئوغلى ھوشۇرئاخۇن يەنە بىر قېتىم ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىنىپ، تۇردىئاخۇن ئاكىنىڭ ساتار بىلەن «ئون ئىككى مۇقام»نى پۈتۈن تېكىستلىرى بو-

يىچە ئۇقۇپ چىقىشى، ھوشۇر ئاخۇننىڭ داپ چېلىپ بېرىشى بىلەن «ئون ئىككى مۇقام» قايتىدىن تەپسىلىي لېنتىغا ۋە پىلاستىنكىغا ئېلىندى. شۇنداقلا، روزى تەمبۇر، قاسىمئاخۇن، روزى ھوشۇر قاتارلىق مۇقامچىلارنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم مۇقام ئورۇنلاشلىرىمۇ لېنتىغا ئېلىندى.

تۇردىئاخۇن ئاكا ياركەند سەئىدىيە خانلىقى زامانىدا رەتلەنگەن كىلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئەڭ ئاخىرقى نوپۇزلۇق ۋە ـ كىلى، «ئون ئىككى مۇقام» نى ئەڭ تولۇق ۋە ئەڭ ساپ ساقلاپ دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزگەن پېشقەدەم نامايەندە، يېتۈك مۇقام ئۇس ـ تازى، تۆھپىكار مۇقامشۇناس بولۇپ، ئۇ بۇ بۈيۈك تۆھپىسى بىلەن 1987 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان «دۇنيا مۇزىكا قامۇسى» غا كىرگۈزۈلدى. ئۇ ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخىدا تۇنجى قېتىم «دۇنيا مۇزىكا قامۇسى» غا كىرگۈ ـ زۈلگەن مەشھۇر شەخستۇر.

بۇ قېتىمقى «ئون ئىككى مۇقام» تېكىستلىرىنى رەتلەشكە شا ـ ئىرلاردىن نىمشېھىت ئەرمىيا ئېلى داموللا سايرامى، ئەرشىدىن تاتلىق، رەتلەنگەن تېكىستلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە شائىر تېيىپجان ئېلىيېف ۋە ياسىن ھاجى خۇدابەردى، تەرجىمە قىلىشقا شائىر، ئەدەبىي تەرجىمان ئابدۇكېرىم خوجا، نوتىغا سېلىشقا كومپوزىتور ۋەن تۇڭشۇ ئىشتىراك قىلىپ، قالتىس خىزمەت كۆرسەتتى.

ۋەن تۇڭشۇ باشچىلىقىدىكى ھەرمىللەت مۇزىكا خادىملىرى 1955 ـ يىلىدىن 1960 ـ يىلىغىچە، تۇردىئاخۇن ئاكا بىلەن ھو ـ شۇر ئاخۇن 1955 ـ يىلى ئورۇنلىغان «ئون ئىككى مۇقام»نى نو ـ تىغا ئېلىپ نەشرگە تاييارلىدى. تۇردىئاخۇن ئاكا ئورۇنلىغان نۇسخىغا ئاساسەن نوتىغا ئېلىنغان «ئون ئىككى مۇقام» 1960 ـ يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى بىلەن مۇزىكا نەشرىياتى تەرد ـ پىدىن ئىككى توملۇق كىتاب بولۇپ نەشر قىلىندى ۋە شۇنىڭ

بىلەن «ئون ئىككى مۇقام» قۇتقۇزۇپ قېلىندى.

بۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەت دەرھال جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى مۇزىكا ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. «خەلق گېزىتى»، «خەلق مۇزىكىسى»، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق نوپۇزلۇق گېزىت ـ ژۇرناللار ئارقا ـ ئارقىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى مەشھۇر ئەربابلارنىڭ ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن بۇ كاتتا نەتىجىسىنى تەبرىكلىدى ھەم «ئون ئىككى مۇقام» نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى شەرھلەپ، بۇ كىلاسسىك مۇزىكا ئەسىرىنى «شەرق مۇزىكىسىنىڭ گۆھىرى، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا مىراس» دەپ تەرىپلىدى. جۇڭگو مەملىكەتلىك 4 ـ نۆۋەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا «نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن شەرق مۇزىكا تارىخىدىكى غايەت زور بايلىق» دەپ يۈكسەك باھا بەردى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئارىلىقتا ئۈزۈن يىللار ئۈزۈلۈپ قالغان مۇقام تەتقىقاتى نورمال ئىزغا سېلىنىپ، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ يېڭى باھارى يېتىپ كەلدى.

1976 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مۇقام ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1981 ـ يىلى ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ بىۋاسىتە تەشەببۇسى ۋە قوللىشى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقات ئىشخانىسى قۇرۇلدى. 1989 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تۆمۈر داۋامەتنىڭ قوللىشى ۋە تەشەببۇسى بىلەن شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى، 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق «ئون ئىككى مۇقام» ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن، «ئون ئىك-

كى مۇقام»نى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، ئورۇنلاش، سەھنىلەشتۇ-رۇش، تەتقىق قىلىش، نەشر قىلىش خىزمىتى تەشكىلىي، ماددىي، ئىلمىي كاپالەتكە ئىگە بولۇپ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. تۇردىئاخۇن ئاكا ئورۇنلىغان «ئون ئىككى مۇقام» نۇسخىسىغا ئاساسەن مۇزىكا خادىملىرىنىڭ 40 يىل جاپالىق ئىلمىي ئىزدىنىشى، ئىجتىھات بىلەن ئىشلىشى ئارقىلىق «ئون ئىككى مۇقام»نى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش، سەھنىلەشتۈرۈش جەھەتتە غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1990 - يىل 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نادىر كىلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام»نى قېزىش، توپلاش، قايتىدىن تولۇق يۈرۈشى بىلەن رەتلەپ چىقىش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن تاماملانغانلىقىنى جاكارلاپ: «بۇ، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت سېپىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق نەتىجە، بۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل ئېلىمىز خەلقىنىڭ كىلاسسىك مىللىي سەنئەت ساھەسىدىكى غايەت زور زەپەر تەنتەنىسى» دېدى.

## ۋارىسلىق قىلىش — يېڭىلىق يارىتىش دېمەكتۇر

خەلقىمىزنىڭ «ئون ئىككى مۇقام»دىن ئىبارەت تارىختىكى بۇ ئۇلۇغ مەدەنىيەت مىراسىنى ھازىرقى زامان سەنئىتىمىزنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدىن قەدىرلىشى، ئۆگىنىشى، تەتقىق قىلىشى، ۋارىسلىق قىلىشىدىن مەقسەت ئېسىل مىللىي، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق، ناخشا - ئۇسسۇلنى ئاساس، ئون ئىككى مۇقامنى مەنبە ۋە خورۇچ قىلغان ئۇيغۇر سەنئىتىنى زامانىۋىلىق يولىغا باشلاش،

مۇقامنىڭ سەنئەت شەكلى، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىجادىي پايدىلىنىپ، يېڭى دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەزمۇن ۋە مىللىي شەكىل تەلپىي بويىچە قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىپ، كۈچلۈك دەۋر روھىغا ۋە روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، يۇقىرى بەدىئىي سۈپەتكە ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە بۆسۈش خاراكتېرىدىكى بىر تۈركۈم نادىر مۇزىكا ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىپ، شىنجاڭنىڭ سەنئەت سەۋىيەسىنى، بولۇپمۇ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيەگە يەتكۈزۈپ، شۇ ئاساستا يېڭى ۋە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

بىز «ئون ئىككى مۇقام» مۇزىكىلىرىدىن پايدىلىنىش، ئىجادىي ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ پايدىلىنىش ، بەزى تېكىستلىرىنى مەزمۇنەن ئۆزگەرتىپ ئىشلەش ئارقىلىق كۆپلىگەن ئوپېرا، تىياتىر مۇزىكىلىرىنى ئىشلىدۇق. مۇقامنى «خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىش»، «سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋرگە خىزمەت قىلدۇرۇش» جەھەتتە دەسلەپكى قەدەمدە ئىزدىنىپ، سىناق ئېلىپ بېرىپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، قەدىمكى سەنئەت بىلەن هازىرقى مۇزىكا ـ ئۇسسۇلنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە بەلگىلىك ئىجادىيەت تەجرىبىسىگە ئىگە بولدۇق.

1965 ـ يىلى «ئۇششاق» مۇقامى ئاساسىدا چوڭ تىپتىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل «تيانشاندا باهار» ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىن، 1975 ـ يىلى مۇقام مۇزىكىلىرى ئاساسىدا، ياپونغا قارشى ئىنقىلابىي كۈرەش تېما قىلىنغان ئوپېرا «قىزىل چىراغ» ئۇيغۇرچىغا ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىنىپ، قەدىمكى سەنئەت بىلەن هازىرقى زامان مۇزىكا ـ ئۇسسۇلنى بىرلەشتۈرۈش ــ «كونىدىن يېڭىنى

يارتىش» جەھەتتە سىناق ئېلىپ بارغان، ئىزدەنگەنىدۇق، بولۇپ-مۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، «ئۆزھال» مۇقامى ئاساسىدا ئىشلەنگەن چوڭ تىپتىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل «مۇقام يۇرتىنىڭ باھارى»، شۇنداقلا، مۇقام نەغمىلىرى، داستانلىرى ئاساسىدا قايتا سەھنىلەشتۇ-رۇلگەن «غېرىب ـ سەنەم» ئوپېراسى ۋە «مۇقام ئەجدادلىرى»، «ئامانىسا»، «پەرھاد ـ شېرىن» ئوپېرالىرى، جۈملىدىن مۇقام نەغمىلىرى، داستانلىرى ۋە مەشرەپلىرى ئاساسىدا ئىشلەنگەن كۆپلىگەن ناخشا ـ مۇزىكا ۋە ئۇسسۇللار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشى، ياقتۇرۇپ كۆرۈشى، يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، 1990 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە غەمخورلۇقى ۋە كۆچلۈك قوللىشى ئارقىلىق، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى بىلەن شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى بىرلىشىپ، «ئۆزھال» مۇقامى ئاساسىدا چوڭ تىپتىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل «مۇقام يۇرتىنىڭ باھا-رى» نى ئىشلەپ چىقتى. كۆچلۈك دەۋر روھىغا، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، يۇقىرى بەدىئىي سۈپەتكە ئىگە بۇ يېڭى دەۋر مۇ-قامىدا پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا، ئىسلاھات، ئې-چىۋېتىشتە قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور نەتىجىلىرى مۇۋەپپەقى-يەتلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ساغلام ئىدىيەۋى مەزمۇن بى-لەن مۇكەممەل بەدىئىي شەكىل ئورگانىك بىر گەۋدە قىلىنغانلى-قى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېستېتىك تەلىپى، زوقلىنىشى نە-زەرگە ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئوينىلىشى بىلەنلا جەمئىيەتتە كۆچ-لۈك تەسىر قوزغاپ قىزغىن قارشى ئېلىندى. تاماشىبىنلار سەن-ئەتتىن بەھرە ئېلىپلا قالماي چوڭقۇر تەربىيە ئالدى. ۋارىسلىق

قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىش، ئەنئەنىۋى سەنئەت شەكلىدىن
تىرىشىپ پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى يېڭىلاپ، يېڭى دەۋرنى ئەكس ئەت-
تۈرۈش ئارقىلىق مىللىتىمىزنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، خەلق ئام-
مىسىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، خەلقنىڭ ئەقىل پاراسىتىگە
ئىلھام بېرىپ، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى گۈزەللەشتۈرۈپ،
ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ياخشى ئۆرنەك
بولەن تەمىن ئەتتى.

## قالتىس ئالقىش، دۇنياۋى شۆھرەت

«ئون ئىككى مۇقام» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ
جەۋھىرى سۈپىتىدە خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدىنى ئىپادىلىگەنلى-
كى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا تولىمۇ يېقىن بولۇشى، خەلقنىڭ
ئېستېتىك ئېڭى ۋە ھۇزۇرلىنىش ئادىتىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىكى،
مۇزىكا، ئۇسسۇل، ناخشا بىرلەشتۈرۈلگەن ئالاھىدە سەنئەت تۈرى
بولغانلىقى، مۇزىكا رىتىمىنىڭ ئاجايىپ گۈزەللىكى، تەسىرلىك
جەلپ قىلىش كۈچى، خىلمۇخىل ئىپادىلەش شەكلى، يېقىملىق،
سەلتەنەتلىك بايان خاراكتېرلىك سەنئەت ئۇسلۇبى يېڭى دەۋر
سەنئىتىدە ھېلىمۇ ئاجايىپ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، ئۇ-
نى بىۋاسىتە سەھنىلەشتۈرۈش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك ئەدە-
بىيات ـ سەنئەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ، ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتقىلى، پۈتۈن مەمل-
كەتكە ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرگىلى بولىدۇ. مەشرەپ شەكلىدە سەھ-
نىلەشتۈرۈلگەن «چەببىيات» مۇقامىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە چەت
ئەللەردە ئورۇنلىنىپ قالتىس مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى، جۇڭ-
گو ۋە چەت ئەل تاماشىبىنلىرىنىڭ غايەت زور ئالقىشى ۋە يۇقىرى
باھاسىغا ئېرىشكەنلىكى بۇنىڭ روشەن دەلىلىدۇر.

«چەببىيات» مۇقامى سەھنىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم

رايونىمىزدا 100 مەيداندىن ئارتۇق قويۇلدى. ھەر مىللەت تاماشى-بىنلىرى قايىللىق بىلەن: «مۇقامدىن ھەقىقىي ھۇزۇرلاندۇق» دې-يىشتى.

«چەببىيات» مۇقامى 1986 - يىلى 10 - ئايدا بېيجىڭدا ئۆت-كۈزۈلگەن «4 - نۆۋەتلىك جۇڭخۇا ساداسى — مۇزىكا كۆرىكى» دە ئورۇنلىنىپ، پايتەختتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى رەھبەرلەر ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. 1987 - يىلى 9 - ئايدا تۇنجى قېتىملىق «جۇڭگو سەنئەت بايرى-مى — تەڭرىتاغدا كۈز» سەنئەت بايرىمىدا ۋە 1988 - يىلى 7 - ئايدا چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى شىنىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈ-زۈلگەن «4 - نۆۋەتلىك غەربىي شىمال مۇزىكا ھەپتىلىكىنىڭ شىخەي مۇزىكا كۆرىكى» دە ئورۇنلىنىپمۇ قىزغىن قارشى ئېلىن-دى. لى رۇيخۇەن ئۇرۇمچىدە «چەببىيات» مۇقامىنى كۆرگەندە: «ئاجايىپ ئېسىل سەنئەت ئىكەن، تېكىستلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇشتۇرۇڭلار» دېدى.

1992 - يىلى 11 - ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭگو ئۇي-غۇر مۇقامى پائالىيىتى» جەريانىدا، 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كەچتە خەلق سارىيىدا «چەببىيات» مۇقامىنىڭ چوڭ نەغمىسى، مۇقاملاردىن پارچىلار، مۇقام سىمفونىيەسى ئورۇنلىنىپ، ئويۇننى 90 گە يېقىن دۆلەتنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرى، چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار، پايتەختتىكى مۇناسىۋەتلىك مىنىستىر-لىق، ئىدارىلەرنىڭ مەسئۇللىرى، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇقام ئالىملىرى، مۇتەخەسسىسلەر، پايتەخت خەلقىدىن بولۇپ 2000 دىن ئارتۇق كىشى قىزىقىپ كۆرۈپ، قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى.

«جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتى» جەريانىدا «چەببىيات» مۇ-قاملا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ خەلق سارىيى، بېيجىڭ مۇزىكا زالى، مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ زالىدا

ۋە پايتەخت پولات ـ تۆمۈر شىركىتىدە توققۇز مەيدان ئورۇنلىن-
نىپ، قىزغىن ئالقىش سادالىرىغا كۆمۈلدى. مۇقام سىمفونىيەسى
ئورۇنلانغان تۇنجى كۈنى 30 دىن كۆپرەك تيەنجىنلىك خۇەيخې
دەرياسى بويىدىن ئاپتوبۇس بىلەن بېيجىڭغا كېلىپ سىمفونىيەنى
ئاڭلىدى ۋە كېچىلەپ تيەنجىنگە قايتتى، ئۇلار خۇشاللىق بىلەن:
«شىنجاڭدا مۇشۇنداق سىمفونىيەنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ باقمىغاند-
كەنمىز، سەۋىيەسى ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەن» دېيىشتى.

«چەببىيات» مۇقامىنىڭ، جۈملىدىن بەزى مۇقام بۆلەكلىرىنىڭ
سىمفونىيەلەشتۈرۈلۈپ خەلق سارىيىدا ئورۇنلىنىشى بېيجىڭدا قال-
تىس زىلزىلە پەيدا قىلدى. تاماشىبىنلار چىن قەلبىدىن ھاياجان-
لىنىپ «قالتىس مۇۋەپپەقىيەت» دەپ ئالقىش ياڭراتتى. بەزى ئا-
لىملار: «بۇ ‹ئون ئىككى مۇقام›نى خەلقئارا سەھنىگە ئېلىپ چى-
قىشنىڭ توغرا يولى» دېيىشتى. چەت ئەللەرنىڭ دۆلىتىمىزدە تۇ-
رۇشلۇق بەزى ئەلچىلىرى ۋە مەدەنىيەت مەسلىھەتچىلىرى ھايا-
جانلىنىپ، مۇقام ۋە مۇقام سىمفونىيەلىرىنى ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ
سەھنىلىرىدىمۇ كۆرۈشنى بەك ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈ-
رۈشتى.

«چەببىيات» مۇقامى نادىر مۇزىكا ئەسىرى سۈپىتىدە دۇنياغا
يۈزلىنىپ دۆلىتىمىزگە قالتىس شان ـ شەرەپ كەلتۈردى.

1987 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئەنگلىيەنىڭ پايتەختى
لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن «خەلقئارا ئەنئەنىۋى مۇزىكا بايرىمى» مۇ-
ناسىۋىتى بىلەن ئايال پادىشاھ ئېلىزابېت مۇزىكا زالىدا «چەببى-
يات» مۇقامى ئورۇنلانغاندا تاماشىبىنلار ھاياجانغا تولۇپ، چاۋاك
چېلىپ، تەنتەنە قىلىپ، زالنى لەرزىگە كەلتۈردى. ئەنگلىيە BBC
رادىيو شىركىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، مۇزىكىشۇناس ئاندېرسىن
ئەپەندى: «بۈگۈن ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئىجراسىنى
ئاڭلىدىم» دېدى. ئەنگلىيەنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللىرى، رادىيو ـ
تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى «چەببىيات» مۇقامى ھەققىدە باھا،

ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ كەڭ كۆلەمدە تونۇشتۇردى. تا-
ماشىبىنلار « «ئون ئىككى مۇقام»، دۇنيا مۇزىكا خەزىنىسىدىكى
گۆھەر ئىكەن» دەپ باھا بېرىشتى.

«چەببىيات» مۇقامى 1988 - يىلى ئۆكتەبىردە شياڭگاڭ رايو-
نىدا ئۆتكۈزۈلگەن «12 - قېتىملىق ئاسىيا سەنئەت بايرىمى» دا
ئورۇنلىنىپ قىزغىن ئالقىشلاندى. «چەببىيات» مۇقامىنىڭ ئو-
رۇندىلىشى بۇ قېتىمقى سەنئەت بايرىمىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆ-
تۈردى. بۇ ئون بىر دۆلەت ۋە رايوننىڭ ئىچىدە ئەڭ ئالدىنقىسى
بولدى. شياڭگاڭ گېزىتلىرى «چەببىيات» مۇقامى توغرىسىدا 48
پارچە ماقالە ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىلەردە: «شىنجاڭدىن بىر توپ
قىزىلگۈل كېلىپ ئاسىيا سەنئەت بايرىمىنى قىزىلگۈلگە پۈركى-
دى» دېيىشتى. ياپونىيە مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ئويۇن ئۇيۇش-
تۇرغۇچىسى شياۋچەي خانىم ئويۇننى كۆرگەندىن كېيىن قىزغىن
ھېسسىيات بىلەن: «سىلەر ئورۇنلىغان بۇ مۇقام ئاسىياغا ھەم
ياۋروپاغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. سىلەرنىڭ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ،
ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشكە تىرىشىشىڭلارنى ئۈ-
مىد قىلىمەن. مەن بۇ ئىشتا سىلەرگە كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ
بېرىشكە رازىمەن.» دېدى. ئامېرىكىلىق ئاتاقلىق مۇزىكىشۇناس،
پىروفېسسور يۇسۇف فاخول چىيەك ئەپەندى «چەببىيات» مۇقامى-
نى ئۈدا ئىككى قېتىم كۆرگەندىن كېيىن، ئىنتايىن ھاياجانلانغان
ھالدا: «مەن ئاھاڭدارلىقى يېقىملىق، رىتىمچانلىقى كۈچلۈك، ئا-
ھاڭ بايلىقى مول، ھەجمى چوڭ بولغان مۇنداق مۇقامنى ھازىر-
غىچە ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، بۇ، ھەقىقەتەن جۇڭگولۇقلارنىڭ
ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى ئىكەن، بۇنى چوقۇم قوغداپ قېلىش كې-
رەك. ئىمكانىيەت بولسا ‹ئون ئىككى مۇقام›نىڭ ھەممىسىنى مۇ-
شۇنداق مىللىي شەكىل ئارقىلىق دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشىڭلارنى
ئۈمىد قىلىمەن.» دېدى.

1990 - يىل 3 - ئاينىڭ 5- كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە شىن-

جاڭ مۇقام ئانسامبىلى پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىسلامئاباد، كاراچى، لاھور، راۋالپىندى، پىشاۋۇر شەھەرلىرىدە زىيارەتتە بولۇپ ئويۇن قويۇپ، «چەببىيات» مۇقامىنى ئورۇنلاپ، كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. «چەببىيات» مۇقامى تۇنجى كۈنى (5 ـ مارت) كاراچىدا قويۇلغاندا كۇلۇبقا لىق تولغان تاماشىبىنلار ئويۇن داۋامىدا باشتىن ـ ئاياغ گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرىنى ياڭرىتىپ تۇردى. ئويۇن ئاخىرلاشقاندا سىند ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى: «سىلەرنىڭ ئويۇنۇڭلار مېنى ئۆزىگە بەكمۇ جەلپ قىلىۋالدى. بۇ مەن ئۇچۇن بىر قېتىملىق سەنئەت گۈزەللىكىدىن بەھرە ئېلىش بولدى... مۇقامىڭلار پاكىستاننىڭ خەلق سەنئىتى بىلەن بەكمۇ يېقىن ئىكەن، شۇڭا بىزگە بەكمۇ يېقىن تۇيۇلدى.» دېدى.

3 ـ ئاينىڭ 9 ـ، 10 ـ كۈنلىرى لاھوردا قويۇلغان ئىككى مەيدان ئويۇنمۇ قىزغىن ئالقىشلاندى. پەنجاپ ئۆلكىسىنىڭ مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە نازىرى، سەنئەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاھناز شۇدىرى خانىم شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىدىكىلەرگە: «سىلەرنىڭ ئويۇنۇڭلارنىڭ سەۋىيەسى ھەقىقەتەن يۇقىرى ئىكەن، نومۇرلىرىڭلارنىڭ مەزمۇنى مول، رىتىمى ئېنىق ئىكەن، كىشىنى بەكمۇ خۇشاللاندۇرىدىكەن، روھلاندۇرىدىكەن، سىلەر قويغان ئويۇن لاھورنى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدۈردى.» دېدى.

پاكىستاندىكى ئون ئالتە كۈنلۈك ئويۇن قويۇش جەريانىدا شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى بارغانلا يېرىدە ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئېلىندى. پاكىستاننىڭ مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ ساياھەت ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىچكى كابىنېت مىنىستىرى قايىللىق بىلەن: «جۇڭگو ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىكەن، سىلەرنىڭ خەلق ئارىسىدا تارقالغان قەدىمكى سەنئەتنى توپلاپ، رەتلەپ، سەھنىلەشتۈرۈپ يېڭى ھاياتقا ۋە شان ـ شەرەپكە ئىگە قىلغانلىقىڭلار ئۆگىنىشكە، ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدۇ.» دېدى. ئويۇننى كۆرگەن جۇڭگو مۇھاجىرلىرى تەسىرلەنگەن-

لىكىدىن كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا: «سىلەرنىڭ ئې-
سىل مۇقامىڭلار ئانا ۋەتىنىمىزگە شان - شەرەپ كەلتۈردى.
جۇڭگو - پاكىستان ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى
دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى، بىز سىلەر
بىلەن پەخىرلىنىمىز» دېيىشتى. پاكىستان گېزىت - ژۇرناللىرى
ۋە رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى شىنجاڭ مۇقام ئانسامبى-
لىنىڭ پائالىيەتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلدى.

1991 - يىل 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 2 - كۈ-
نىگىچە «چەببىيات» مۇقامى ياۋروپادا ئۆتكۈزۈلگەن «ياۋروپا يىپەك
يولى سەنئەت بايرىمى» غا قاتناشتۇرۇلۇپ، بايرام مەزگىلىدە
گېرمانىيەنىڭ بېرلىن، ميۇنخېن، كيولىن، مايىنىز، فرانكفورت
شەھەرلىرىدە، بېلگىيەنىڭ بريۇسسېل شەھىرىدە، گوللاندىيەنىڭ
ئامىستىردام ۋە دېڭىز قىرغىقى شەھەرلىرىدە ئورۇنلىنىپ ياۋروپا
ئەللىرىدىكى خەلقلەرنىڭ، ھەر ساھە ئەربابلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك
قىزغىن ئالقىشىغا، يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

شەرق مۇزىكىسى غەربىي ياۋروپا سەھنىسىدە، جەنۋە، بېرلىن،
بازېل شەھەرلىرىدە، ياۋروپا خەلقىنىڭ سەنئەتتىن ھوزۇرلىنىش
ئادىتى، ئېستېتىك خاھىشىغا ئۇيغۇن كېلەمدۇ - يوق، دېگەن
مەسىلىدە دەسلەپتە بىزدىمۇ تازا ئىشەنچ يوق ئىدى. لېكىن گېر-
مانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە قويۇلغان تۇنجى مەيدان ئويۇنىمىز
ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ئويۇن باشلىنىپ، قەدىمكى پا-
سوندىكى مىللىيچە كىيىملىرىنى كىيگەن، ساتار، دۇتار، غىجەك،
خۇشتار، تەمبۇر قاتارلىق مىللىي چالغۇلارنى تۇتقان مۇقامچىلى-
رىمىز سەھنىدە پەيدا بولغاندا، زال ئىچىدە ئۇزۇنغىچە ئالقىش
سادالىرى ياڭرىدى. «چەببىيات» مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلان-
غاندا، چاۋاك ئاۋازلىرىدا زىلزىلىگە كەلگەن ھەيۋەتلىك زال ئىچى
بىردىنلا تىمتاسلىققا چۆكتى. مۇقامىنىڭ چوڭ نەغمە، داستان،
مەشرېپىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىسمىنىڭ ھەربىر بۆلەكچىسى

ئاخىرلاشقاندا زال ئىچىدە قىزغىن چاۋاك، چۇقان سادالىرى ياڭراپ تۇردى. مۇقامنىڭ پۈتۈن قىسمى ئورۇنلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلانچىكلىرىمىز سەھنىگە چىقىپ، ئويۇننىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى قايتا ـ قايتا ئېلان قىلغان بولسىمۇ، تاماشىبىنلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ چاۋاك چېلىپ، چۇقان كۆتۈرۈپ ئويۇننى يەنە داۋاملاشتۇرۇشنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئاخىر مۇقامچىلىرىمىز قايتىدىن سەھنىگە چىقىپ، «راك» مۇقامىدىن ئارىيە بىلەن بىر قانچە ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا ئورۇنلاشقا مەجبۇر بولدى. ئەسلىدە شۇ مەيدانلىق ئويۇندا بىزگە بېرىلگەن ۋاقىت بىر سائەت ئون مىنۇت ئىدى. ئەمما تاماشىبىنلارنىڭ قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن تۇنجى مەيدانلىق ئويۇن ئىككى سائەت داۋاملاشتى. ئويۇن ئاخىرلاشقاندا مېيونخېن مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ مەسئۇلى، بۇ قېتىملىق سەنئەت بايرىمىنىڭ ۋەكىلى، مۇزىكشۇناس مارىي خانىم ئويۇنىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ: «بۈگۈن تۇنجى مەيدان ئورۇنلىغان ئويۇنۇڭلار گېرمانىيە تاماشىبىنلىرىنىڭ قەلبىگە بىر خىل گۈزەل ـ ئېستېتىك زوق بېغىشلاپ، قىزغىن ئالقىشلاندى. سىلەر چالغان مۇزىكىلار، ئېيتقان ناخشىلار، سىلەرنىڭ ئورۇنلاش ماھارىتىڭلار مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئويۇن نومۇرلىرىڭلار كۆپ خىل ۋە جەلپ قىلارلىق ئىكەن. بىز سىلەرنى تەبرىكلەيمىز، گېرمانىيە خەلقى سىلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ.» دېدى.

ئىككىنچى مەيدان ئويۇن بېرلىن شەھىرىنىڭ مۇزىكا زالىدا قويۇلدى. «چەببىيات» مۇقامى ئورۇنلىنىپ مەشرەپ قىسمىغا كەلگەندە، تاماشىبىنلار ھاياجىنىنى باسالماي ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، سەھنىگە چىقىپ مۇقامچىلىرىمىز بىلەن بىرلىكتە ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. پۈتۈن زال قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى. ئويۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ياۋروپا خەلق سەنئىتى كومىتې-

تىنىڭ مۇدىرى، «ياۋروپا يىپەك يولى سەنئەت بايرىمى» نىڭ رەئىسى، دوكتور خەبب توما ئەپەندى بىزگە: «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامچىلىرىنى تەكلىپ قىلغانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسىنى كۆردۈم. بۇ ئىشتا تامامەن توغرا قىلغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن. بۈگۈنگىچە بۇ زالدا نۇرغۇن سەنئەت ئۆمەكلىرى ئويۇن قويغانىدى. ئەمما بىرلىرىنى خەلقنى سىلەردەك ھاياجانغا سالغان ئۆمەك بۇ سەھنىگە كەم چىقتى.» دېدى.

«چەببىيات» مۇقامى بېلگىيە، شۋېيتسارىيە ۋە گوللاندىيەدىمۇ ئاجايىپ قىزغىن قارشى ئېلىندى. شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى بېلگىيەنىڭ پايتەختى برىيۇسسېل شەھىرىنىڭ مۇزىكا زالىدا ئويۇن قويغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ بېلگىيەدە ۋە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شاۋ داۋشىن ھاياجانلانغان ھالدا سەھنىگە چىقىپ: «بىز جۇڭگولۇق بولغانلىقىمىز بىلەن پەخىرلىنىمىز، مەن تا ھازىرغىچە بۇ يەردىكى تاماشىبىنلارنى ھاياجانغا سېلىپ بۇ قەدەر ئالقىشلانغان ئۆمەكنىڭ ئويۇنىنى تېخى كۆرمىگەنىدىم. بىز سىلەر بىلەن پەخىرلىنىمىز.» دېدى.

ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىنىڭ ئوسمان ئەمەت، مۇھەممەت تۇرسۇن قاتارلىق ياش مۇقامچىلىرىدىن تەركىب تاپقان جۇڭگو شىنجاڭ مۇقام ئۆمىكى 1993 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 7 ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن «ئىران مۇزىكا بايرىمى» غا قاتنىشىپ مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، ۋەتىنىمىزگە شان ـ شەرەپ كەلتۈردى.

تۇنجى مەيدان ئويۇننى جۇڭگو شىنجاڭ مۇقام ئۆمىكى قويدى. ئويۇن جەريانىدا ئوسمان ئەمەت ئورۇنلىغان «چەببىيات مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى»، «راك مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى»، مۇھەممەت تۇرسۇن ئورۇنلىغان «چارگاھ مۇقامىنىڭ 3 ـ داستانى»، «مۇقام ئەجدادى» قاتارلىق مۇقام ـ ناخشىلار تاماشىبىنلارنىڭ توختىماي

ياڭراتقان ئالقىش سادالىرى ئىچىدە قايتا ـ قايتا ئورۇنلاندى. ئىران تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئىران رادىيو ئىستانسىسى ئۇ ـ يۇننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى پۈتۈن مەملىكەتكە كۆرسەتتى ۋە ئاڭلاتتى. ئىراننىڭ گېزىت ـ ژۇرناللىرى ئۇيۇننىڭ مۇۋەپپەقىيىتى توغرىسىدا خەۋەر ـ ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. مۇقام ئۆمىكى تەلەپ بويىچە تېھراندا يەنە بىر نەچچە مەيدان ئويۇن كۆرسەتتى. مۇزىكا بايرىمى ئاخىرلاشقاندا ئىران مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى ۋە باھالاش كومىتېتى جۇڭگو شىنجاڭ مۇقام ئۆمىكىگە «شەرەپ مۇكاپاتى» بەردى.

دېمەك، «چەببىيات» مۇقامىنىڭ دۆلىتىمىزدە ۋە خەلقئارادا شۇنچە زور تەسىر قوزغاپ، دۇنياۋى كاتتا شۆھرەتكە ئېرىشكەنلىكى «ئون ئىككى مۇقام» دىن ئىبارەت بۇ ئېسىل مىللىي سەنئەتكە بولغان پەخرىيەنلىك ۋە ھۆرمىتىمىزنى ئاشۇرۇپلا قالماي، مىللىتىمىزنىڭ مۇقامدىن ئىبارەت بۇ بىباھا گۆھىرىنى تېخىمۇ قەدىرلەش، تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇش، ئۇنى دۇنيا سەھنىلىرىگە يۈزلەندۇرۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى؛ بۇ ئېسىل مىللىي سەنئىتىمىزنى خىلمۇ خىل شەكىللەر بىلەن سەھنىلەشتۈرۈپ ۋە ئۇنى يېڭى دەۋر سەنئەت ئىجادىيىتى ئۈچۈن مەنبە ۋە خۇرۇچ قىلىپ، تاماشىبىنلارنىڭ ئېستېتىك زوقىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلار ياقتۇرىدىغان بەدىئىي شەكىللەرنى تېپىپ چىقىپ، يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك ئويۇنلىرىمىز بىلەن ئۇنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ، زامانىۋىلىق يولىغا باشلاپ، مىللىي ھېسسىياتنى تەربىيەلەپ، مىللىي ھېسسىياتنى ساغلاملاشتۇرۇپ، مىللىي روھنى يۈكسەلدۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەزمۇنغا، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ زۆرۈر تولۇقلىمىسى، مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق.

# خاسىيەتلىك يىل، كاتتا مەرىكە

1992 ـ يىلى ئۇيغۇر مۇقاملىرى تارىخىدا قالتىس خاسىيەتـ لىك، قۇتلۇق بىر يىل بولدى. مۇقام ئەھلىنىڭ تارىختا كۆلىمى ئەڭ زور، تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغان ئاپتونوم رايون، مەملىكەت خاراكتېرلىك كاتتا يىغىلىشى ــ ئاپتونوم رايون بويىچە 2 ـ قېـ تىملىق ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» يەكەندە، «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتى» بېيجىڭدا قىزغىن تەنتەنە ئىچىدە غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلدى!

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمـ تىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى بىلەن 1992 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 2 ـ قېتىمـ لىق ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىـ غىنى مۇقام يۇرتى يەكەن ناھىيەسىدە تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك ئالىم، مۇتەخەسسىس، سەنئەتكارلار، ئىچـ كى ئۆلكىلەر ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىدىن تەكلىپ قىلىنغان 200 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەـ ئىسى قەييۇم باقىدىن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسـ مائىل ئەھمەدنىڭ يىغىنغا بېغىشلاپ يازغان تەبرىك خېتىنى ئوـ قۇپ ئۆتتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى»غا يۇكسەك باھا بېرىپ مۇھىم سۆز قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ بىر قىسىم پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى، يىغىن قاتـ ناشقۇچىلىرى، يەكەندىكى 5000 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقىـ

ـنىڭ قاتنىشىشى، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى، يەكەن ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئارتىسلىرى ئورۇنلىغان ياڭراق مۇقام ساداسى ، شائىرلارنىڭ يالقۇنلۇق دېكلاماتسىيەلىـ ـرى، كوللېكتىپ ساما ئۇسسۇلى ساداسى ئىچىدە يەكەن غەدىگەر ـ لىك باغچىسىدا، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان مەشھۇر مۇقام ئۇستازى، شائىرە ئامانىساخاننىڭ ھەيكىلى پۈتۈش مۇناسىۋىتى بىلەن داغدۇغىلىق يوپۇق ئېچىش مۇراسىمى، يەكەن «ئالتۇنلۇقۇم» قەبرىستانلىقىدا ئامانىساخاننىڭ يېڭىدىن ياسالغان قەبرىگاھى پۈتۈش مۇناسىۋىتى بىلەن تەنتەنىلىك لېنتا كېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. تۆمۈر داۋامەت ئامانىساخان ھەيكىلىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىپ، مۇراسىمغا بېغىشلاپ يازغان «زەرەپشان بويىدىكى شادلىق كۈلكىسى» ۋە «ياڭرا مۇقام» ناملىق ئىككى شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى. يو ـ پۇق ئېچىش مۇراسىمىدا قەييۇم باۋۇدۇن سۆز قىلىپ، ئامانىسا ـ خان ۋە مۇقام ئۇستازى قىدىرخاننىڭ «ئون ئىككى مۇقام»نى توپلاش، رەتلەش، بېيىتىش ۋە كۆي شەكلى بويىچە يۈرۈشلەشتۈ ـ رۈش ئارقىلىق، ئۇنى بىر پۈتۈن، مۇكەممەل ئىلمىي سىستېمىغا ئىگە چوڭ ھەجىملىك مۇزىكا قامۇسى قىلىپ رەتلەپ چىققان بۈ ـ يۈك تارىخىي تۆھپىسىگە يۇكسەك باھا بەردى.

يوپۇق ئېچىش مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن تۆمۈر داۋامەت «ئالتۇنلۇقۇم» قەبرىستانلىقىدا ئامانىساخاننىڭ يېڭىدىن ياسالغان قەبرىگاھىنىڭ پۈتۈش مۇناسىۋىتى بىلەن لېنتا كەستى.

رەئىس تۆمۈر داۋامەتنىڭ يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزى «ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقاتىنىڭ يۆنى ـ لىشى ۋە يېتەكچى ئىدىيەسىنى شەرھلەپ، ئالىملار، تەتقىقات ـ چىلار، سەنئەتكارلارغا زور ئىلھام ۋە مەدەت بەردى. يىغىن جەريا ـ نىدا 70 كە يېقىن ئالىم ۋە مۇتەخەسسىس ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» توغرىسىدىكى ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى. يىـ

غىن قاتناشقۇچىلىرى تولۇپ تاشقان ئىپتىخارلىق بىلەن، ئازاد-
لىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومى-
تېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر
كىلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام»نى قۇتقۇزۇۋېلىش،
توپلاش، رەتلەش، نوتىغا، قاپلىق لېنتىغا ئېلىپ نەشر قىلىش ۋە
تەتقىقات جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن زور نەتىجىلەرنى كەڭ-
كۇشادە سۆزلىدى. بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى قەييۇم
باۋۇدۇن خۇلاسىلەپ ئۆتكەندەك، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە،
ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، سەنئەت ئەر-
بابلىرى، كەڭ سەنئەتخۇمار خەلقنىڭ بىر قېتىملىق كاتتا مۇقام
مەرىكىسى، ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كۆرىكى، ھەقىقەتەن
مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلغان، كۆڭۈل ئازادىلىكىگە تولغان كاتتا
يىغىن بولدى. شۇنداقلا، ئۆزئارا ئۆگىنىش، تەتقىقات نەتىجىلىرى-
نى ئالماشتۇرۇش يىغىنى، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق ئالغا
بېسىش يىغىنى بولدى ... يىل ئاخىرىدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان
تۇنجى قېتىملىق خەلقئارالىق جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتى-
گە ئۇبدان ئاساس سالدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەستايىدىل
كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر تەرەپلىمە پۇختا
تەييارلىق قىلىشى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مەدە-
نىيەت مىنىستىرلىقى، جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىر-
لەشمىسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ باش-
تىن - ئاخىر قىزغىن قوللىشى، مەدەت بېرىشى ۋە يېتەكچىلىك
قىلىشى بىلەن 1992 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 20 -
كۈنىگىچە بېيجىڭدا «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتى» ئۆتكۈ-
زۈلدى. بۇ پائالىيەتكە جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ئالىملار، مۇتە-
خەسسىسلەر، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەتچىلىرىدىن بولۇپ
300 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتى-

يەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دۆ-لەت ئىشلىرى كومىسسارى لى تيېيىڭ گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى پېڭغا ۋاكالىتەن يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ قىزغىن تەبرىكلىدى.

«جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتى» ئىلمىي مۇھاكىمە، ئويۇن قويۇش، كۆرگەزمە ۋە مۇقام تۆھپىكارلىرىنى مۇكاپاتلاشتىن ئى-بارەت تۆت مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مەملىكىتىمىزدە ئۇيغۇر مۇقامىنى ئاساسىي تېما قىلغان تۇنجى قېتىملىق كاتتا ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيىتى ۋە سەنئەت پائالىيىتى بولۇپ ھې-سابلىنىدۇ.

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، كورد-يە، گېرمانىيە، تۈركىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن ۋە شياڭ-گاڭ، تەيۋەندىن كەلگەن ئالىملار، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن، جۇملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدىن بارغان ئالىم، مۇ-تەخەسسىسلەر، مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتى، جۇڭگو مۇزىكا ئىنستىتۇتى، شاڭخەي مۇزىكا ئىنستىتۇتى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىن كەلگەن ئىلىم ئەھلىلىرى بىرلىكتە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتىدىكى يېڭى ئىلمىي نەتىجىلىرىنى يىغىنغا سۇنۇپ، تارى-خىي پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىز-دەش، ئىلمىي ئۆلچەم، ئىلمىي پوزىتسىيەدە چىڭ تۇرۇش ئاسا-سىدا، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ شەكىللىنىش، قېلىپلى-شىش تارىخى، مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى، مەنبە ـ ئېقىملىرى ۋە ئۇنىڭ ئېلىمىز ۋە دۇنيا مۇزىكا مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنىنى ئىلمىي يوسۇندا شەرھلەپ ئوبيېكتىپ باھا بەردى. ئۇلار مۇقامنىڭ پەيدا بولۇشى، شەكىللىنىشى، تەرەققىياتى، تارىخى، مۇزىكا قۇ-رۇلمىسى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، مۇقاملارنىڭ ئىسمى، تېكىستولو-گىيەسى قاتارلىق تەرەپلەردىن تارىخىي يوسۇندا ئەتراپلىق ئىزدى-

نىپ، ئىلمىيلىكى كۈچلۈك يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.
ئۇلار مۇنداق دېيىشتى: «ئۇيغۇر مۇقامى ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي
تەرەققىيات جەريانىدا بارلىققا كەلگەن، تەدرىجىي تەرەققىي قىل-
غان، يېڭىلانغان. ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ
جەۋھىرى، مۇقام رەسمىي شەكىللەنگەندىن كېيىن زور دەرىجىدە
تۇراقلاشتى، شۇنداقلا، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، ھەتتا كو-
رىيەگىچە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.»

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئا-
ۋىن باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا مەخ-
سۇس تېمىدا سۆز قىلدى. ئۇ ئۆز سۆزىدە، مۇقام تەتقىقاتى، مۇ-
قامغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۆستۈرۈش توغ-
رىسىدىكى تەلەپ ۋە ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ چوڭقۇر
مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دېدى: «بۇ قېتىمقى جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقا-
مى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تا-
رىخىدا، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا، ھەتتا
ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا مۇقەررەر خاتىرە قالدۇرىدۇ. مۇ-
قام — ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيەت تارىخىدىكى غايەت زور بايلىق،
ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىگە
قوشقان تۆھپىسى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ سەنئەت خەزىنىسىدى-
كى گۆھەرلەرنىڭ بىرى. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، مۇقام مەملىكەت
ئىچى ۋە خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارى-
نى جەلپ قىلىدىغان تېمىغا ئايلاندى ھەم مۇشۇ ئاساستا يېڭى
بىر خىل ئىلىم — مۇقامشۇناسلىق ئىلمى شەكىللەندى.»

رەئىس تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ئەۋەتكەن
يازما نۇتقىدا ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە بېسىپ ئۆتكەن
ئۇزاق تارىخىي مۇساپىسى ئەسلەپ ئۆتۈلگەندىن كېيىن مۇنداق
دېيىلگەن: «ئازادلىقتىن كېيىن ‹ئون ئىككى مۇقام› يېڭى ھاياتقا
ئېرىشتى، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئو-

مۇمىي يىغىنى مەدەنىيەت ئىشلىرىغا جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلدى. «ئون ئىككى مۇقام»نى توپلاش، رەتلەش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتى تېز بولدى. ئون يۇرۇش مۇقام مۇزىكىسى يېڭىباشتىن نوتىغا ئېلىندى. «ناۋا مۇقامى»، «پەنجىگاھ مۇقامى»، «چەببىيات مۇقامى» قاتارلىق ئون ئىككى يۇرۇش مۇقام قۇتىلىق ئۈنئالغۇ لېنتىسى قىلىپ ئىشلەپ تارقىتىلدى. نۆۋەتتە، مۇقام تەتقىقات ئىشخانىسى ئامېرىكا، فىرانسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، ئاۋستىرالىيە، تۈركىيە، ئىران، كورىيە ھەم تەيۋەن، شياڭگاڭلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇيغۇر مۇقامىنى ئورتاق تەتقىق قىلماقتا. بۇنىڭ بىلەن مۇقام خەلقئارادا كەڭ ئالاقە ئورنىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى، ئۇيغۇر مۇقامى خەلقئارا مۇنبەرگە، خەلقئارالىق چوڭ سەھنىگە چىقتى.»

بۇ قېتىمقى «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتى» دە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر خاسىيەتلىك ئىش شۇ بولدىكى، بىر ئۆمۈر مۇقام تەتقىقاتى ۋە مۇقام سەنئىتى ئۈچۈن ئاجايىپ سەمەرىلىك ئىلمىي ئەمگەكلەرنى قىلغان، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» ۋە يەرلىك مۇقاملارنى ساقلاش، كامالەتكە يەتكۈزۈپ ئورۇنلاش، دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزۈشتە قالتىس خىزمەت كۆرسەتكەن ئالىملار، تەتقىقاتچىلار، مۇقامچىلار، ئاتاقلىق خەلق سەنئەتچىلىرىدىن ھۇسەنجان جامى، ۋەن تۇڭشۇ، ئەمەتجان ئەھمىدى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، جۇ جېڭباۋ، ئابلىز شاكىر، قاۋۇل تۇردى، تۇرنىسا سالاھىدىن، ئوسمان ئەمەت، ئېلى ئىسمائىل قاتارلىق ئون نەپەر كىشىگە «مەملىكەت بويىچە ئۇيغۇر مۇقامچىلىقىدا خىزمەت كۆرسەتكەن مۇقامشۇناس» دەپ، ئابدۇۋەلى جارۇللايوف، شېرىپ ئاخۇن، ئۆمەر ئاخۇن، روزى ھوشۇر، شاھ مۇھەممەت، مەڭلەشخان، ئىسمائىلجان ئۆمەر، مۇھەممەت تۇردى، قەييۇم يۇنۇس، ئىبراھىم ئاخۇن قاتارلىق ئون نەپەر كىشىگە «مەملىكەت بويىچە ئۇيغۇر مۇقامچىلىقىدا خىزمەت كۆرسەتكەن خەلق سەنئەت-

چىسى» دەپ نام بېرىلىپ، مۇكاپاتلىنىپ، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈ-
مىتى ئۇلارغا يۈكسەك شان ـ شەرەپ ئاتا قىلدى.

يەكەندە ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭ بويىچە 2 ـ قېتىملىق ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بىلەن بۇ قېتىمقى «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتى» ئازادلىق-تىن بۇيانقى 42 يىل مابەينىدە «ئون ئىككى مۇقام»نى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، سەھنىلەشتۈرۈش، نەشر قىلىش، تەتقىق قىلىش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور نەتىجە ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر داغدۇغىلىق كۆرەك قىلىندى. بۇ، «ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقاتى-نى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينى-دى، شۇنداقلا، ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتى بويىچە يېڭى بىر پەن شەكىللىنىشكە باشلاپ، قابىل ئىلمىي تەتقىقات قوشۇنى مەيدانغا كېلىۋاتقانلىقىنى، مۇقام تەتقىقاتىنىڭ سىستېمىلىق، مۇكەممەل ۋە يۈرۈشلەشكەن ھالدا يېڭى تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقى-نى، تەتقىقات ئوبيېكتى، كۆلىمى، سەۋىيەسىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى نامايان قىلدى.

## ياخشى باشلىنىش، جىددىي تەقەززا

بىز ھازىر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئەۋلادلىرىمىز-غا يول ئاچىدىغان، قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا تىرىشىدىغان تارىخىي دەۋردە تۇرماقتىمىز. بىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەسلەپ، كەلگۈسىگە نەزەر تاشلىساق، قەلبىمىز چوڭقۇر ئىپتىخارلىق، يۈكسەك بۇرچ، كۈچلۈك مەس-ئۇلىيەت تۇيغۇسىغا چۆمۈلىدۇ.

نەتىجىلەر سۆزلەنگەن ۋاقىتتا شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، «ئون ئىككى مۇقام»نى قېزىش، توپلاش، تولۇق يۈرۈشى بىلەن

رەتلەش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن نەتىجىلىك تاماملانغان بولسىمۇ، بۇ ئىلمىي خىزمەتنىڭ تېخى تەلتۆكۈس تاماملانغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. يەرلىك مۇقاملار ۋە تۈرلۈك سەنئەت مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش ئەمدىلا باشلىنىۋاتىدۇ.

«ئون ئىككى مۇقام»نىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن، قېلىپلاشتۇرۇلغان، سىستېمىلاشتۇرۇلغان مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى، مول ئاھاڭدارلىقى، مۇرەككەپ ـ قىيىن ئۇدار ـ رىتىمچانلىق خۇسۇسىيىتى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، تۇردىئاخۇن ئاكا ئېيتقان «ئون ئىككى مۇقام»نى ئاساس قىلىپ، جايلاردىكى ئەلنەغمىچىلەر تارقاق ھالدا ئورۇنلىغان مۇقاملاردىن پارچىلار ۋە خەلق ناخشىلىرىدىن بىر قىسمىنى مۇقاملارغا سەپلىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ھازىرقى رەتلەنگەن «ئون ئىككى مۇقام»نى تېخى تولۇق، مۇكەممەل، مۇقىم شەكىلگە كىرگەن، قېلىپلاشتۇرۇلغان بىردىنبىر نۇسخىسى دەپ ئېيتالمايمىز. ئۇزاق مۇددەتلىك سەنئەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا يەنىمۇ ئىزدىنىشىمىزگە، تولۇقلىشىمىزغا، مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. «ئون ئىككى مۇقام» ۋە يەرلىك مۇقاملارنى داۋاملىق يىغىش، توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، ئورۇنلاش، سەھنىلەشتۈرۈش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش، ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدىكى ئىجادچانلىقنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەش توختاپ قالماستىن، مۇقام ساھەسىدە مۇستەقىل يېڭىلىق يارىتىش ئاساسىدىكى ئىجادچانلىقنى تەشەببۇس قىلىپ ۋە قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەپ، يېڭى ـ يېڭى مۇقاملارنى ئىجاد قىلىش ئارقىلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئەۋلادلىرىمىزغا يېڭى يول ئېچىپ، مۇقام مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش — دەۋرنىڭ تەلىپى، تەقەززاسى! ئاتاقلىق مۇقامشۇناس زىكرى ئەلپەتتا ئىجاد قىلغان «رۇخسار» مۇقامىنىڭ خەلق ئىچىدە ئېتىراپ قىلىنىپ، رەسمىي مۇقام ئاتىلىپ «ئون ئىككى مۇقام» قاتارىدا شۆھ-

رەتلەنگەنلىكى بۇ پىكرىمىزنىڭ روشەن ئىلمىي دەلىلىدۇر.

شىنجاڭ قەدىمكى «يىپەك يولى» نىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان. بۇ يەردە شانلىق قەدىمكى مەدەنىيەت، باي ۋە گۈزەل خەلق سەنئىتى بارلىققا كەلگەن. «ئون ئىككى مۇقام»، جۈملىدىن يەرلىك كۈي ـ نەغمىلەر (مەشرەپلەر)، قوشاق ـ بېيىتلار ئەجدادلىرىمىز ياراتقان قىممەتلىك مەنىۋى مەدەنىيەت، سەنئەت مىراسى، ھازىرقى زامان سەھنە سەنئىتىمىزنىڭ خەزىنە بۆشۈكى بولۇپ كەلمەكتە.

ھازىر تولۇق يۈرۈشى بىلەن رەتلىنىپ قايتا نەشر قىلىنغان «ئون ئىككى مۇقام» قەشقەر، خوتەن، كۇچا، ئىلىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، تارىختىن بۇيان خەلق ئىچىدە «قەشقەر مۇقاملىرى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا، يەكەن دەريا ۋادىسى، تارىم دەريا ۋادىسى، مەكىت، ئاۋات، لوپنۇر ناھىيەلىرىدە كەڭ تارقالغان «دولان مەشرەپ مۇقاملىرى» (دولان توققۇز مۇقامى)، كۇچا، توقسۇ، شايار ناھىيەلىرىدە كەڭ تارقالغان «كۇچا چوڭ نەغمىلىرى» (ئون يۈرۈش چوڭ نەغمە)، تۇرپاندا كەڭ تارقالغان «تۇرپان مەشرەپ مۇقامى» (ئون يۈرۈش چوڭ نەغمە)، توقسۇندا كەڭ تارقالغان «دەرد ـ داغ مۇقامى»، قۇمۇلدا كەڭ تارقالغان «قۇمۇل مەشرەپ مۇقامى» قاتارلىق يەرلىك مەشرەپ مۇقاملىرى بار. بۇ مۇقاملار گەرچە «قەشقەر مۇقاملىرى» نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن قويۇق يەرلىك پۇراققا ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدە سەنئەت ئۇسلۇبىغا ئىگە. پېشقەدەم ئەلنەغمىچىلەر ئىچىدە «يۈسۈف ـ ئەھمەد»، «ھۆرلىقا ـ ھەمراھجان» قاتارلىق ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئاھاڭلىرى ۋە ھەر خىل تارماق مۇقاملار ساقلانماقتا. ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت ـ سەنئەت تارماقلىرى بۇ ئېسىل سەنئەت مىراسلىرىنى توپلاشنى تەخىرسىز مۇھىم ئىش قاتارىدا تۇتۇپ، پىلانلىق، تەشكىللىك، قەدەم ـ باسقۇچلۇق ھالدا توپلاپ، رەتلەپ نەشر قىلىشى كېرەك. قۇمۇل ۋىلايىتى توپلاپ رەتلىگەن

«قۇمۇل مۇقامى» ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا. بۇ، كىلاسسىك سەنئەت مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەشتىكى ئۆرنەك خاراكتېرلىك بىر ياخشى باشلىنىش!

ئون ئىككى مۇقامنىڭ شېئىرىي تېكىستلىرىگە «غېرىب — سەنەم»، «يۇسۇف — ئەھمەد»، «سەنۇبەر»، «ھۆرلىقا — ھەمراھجان»، «يۇسۇف — زۇلەيخا» قاتارلىق ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىن شېئىرىي پارچىلار، ئەينى زاماننىڭ شېئىرىيەت نەمۇنىلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، كۆپ ساندىكى مۇقام تېكىستلىرىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، چىن مۇھەببەت كۈيلەنگەن. خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىلىرى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن خۇلاسىلىنىپ، ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەت مەدھىيىلەنگەن. «ئون ئىككى مۇقام»غا كىرگۈزۈلگەن خەلق داستانلىرى ۋە قوشاقلىرىدا ياخشىلىق يامانلىق ئۈستىدىن، ھەققانىيەت رەزىللىك ئۈستىدىن، يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن مۇقەررەر غەلىبە قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

گەرچە «ئون ئىككى مۇقام» تېكىستلىرىدە فېئودالىزمغا قارشى دېموكراتىك ۋە خەلقپەرۋەر ئىدىيەلەرنىڭ شېئىرىي ئىپادىسى بولسىمۇ، لېكىن مۇقام تېكىستلىرى يەنىلا فېئوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ مەھسۇلى بولغانلىقى ئۈچۈن، قىسمەن تېكىستلەردە ئىدېئالىستىك تارىخىي قاراشلار ۋە پاسسىپ ئىدىيەلەر، دىنىي خۇراپاتلىق، ئۈمىدسىزلىك ۋە تەركىدۇنياچىلىق ئىدىيەسىنىڭ تەسىرى ساقلانغان. مۇقام تېكىستلىرى فېئوداللىق دەۋردىكى تارىخىي رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى، ئىدېئولوگىيە شەكلىنى ئالغان بولۇپ، ھامان روشەن سىنىپىيلىققا ۋە ئىدېئولوگىيە خاراكتېرىگە ئىگە. ئۇنىڭدا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ئىدىيەسى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىلغار، دېموكراتىك ئىدىيەلىرى بار. بىز ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈشىمىز، «ئون ئىككى مۇقام»غا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىشنى تەكىتلىگىنىد-

مىزدە، مۇقام تېكىستلىرىگە تەنقىدىي قارىشىمىز، سەلبىي ـ ئەھمىيەتسىزلىشىپ تۇرغان، خۇراپاتلىق، چۈشكۈنلۈك، تەركىدۇنياچىلىق تەرغىب قىلىنغان، چۈشىنىكسىز، مەزمۇنى تەكرار بەزى تېكىستلەرنى مۇقامنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە بەدىئىي سەنئەت جەۋھىرىگە دەخلى يەتكۈزمىگەن شەرت ئاستىدا دادىل ئىسلاھ قىلىشىمىز، تەنقىدىي قاراش ئاساسىدا كونىلىرىدىن يېڭىنى يارىتىپ ۋە ئىجاد قىلىپ، شەكلى مىللىي، مەزمۇنى زامانىۋى مۇقام سەنئىتىنى يارىتىشىمىز كېرەك.

«ئون ئىككى مۇقام»نى توپلاش، رەتلەش، سەھنىلەشتۈرۈش بىلەن تەتقىق قىلىش بىر ـ بىرىگە ئورگانىك باغلانغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك تارىخى، بەدىئىي مىراسى، ئۇيغۇر مىللىي مۇزىكىلىرىنىڭ ئانىسى بولغان «ئون ئىككى مۇقام»نى ئىلمىي ئاساستا كۆپ تەرەپلىمە، ياخشى تەتقىق قىلغاندىلا، ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقى، ناخشىچىلىقى، ئۇسسۇلچىلىقىنى ئىلمىي ئاساستا چۈشەندۈرگىلى، ئىزاھلىغىلى ۋە ئۇنى ئۈنۈملۈك ھالدا سوتسىيالىستىك دەۋرىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

«ئون ئىككى مۇقام» مۇزىكا جەھەتتە يۈرۈشلەشكەن، قېلىپلاشقان، مۇكەممەل سىستېمىغا ئايلانغان ئالاھىدە سەنئەت تۈرى سۈپىتىدە «مۇقام ھادىسىسى» دېگەن نام بىلەن ئېلىمىزدە ۋە دۇنيادا كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى. دۆلىتىمىزدە، ئاساسلىقى شىنجاڭدا «ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقاتى بويىچە ئىقتىدارلىق، قابىل تەتقىقاتچىلار قوشۇنى مەيدانغا كېلىپ، مۇقام تەتقىقاتى بويىچە يېڭى بىر پەن شەكىللەنمەكتە. پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن يازغان «ئۇيغۇر خەلق كىلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» ھەققىدە»، مۇزىكا تەتقىقاتچىسى جۈجېڭباۋ يازغان «يىپەك يولىدىكى مۇزىكا مەدەنىيىتى»، مۇقام تەتقىقاتچىسى، كومپوزىتور ئەمەتجان ئەھمىدى يازغان «ئۇيغۇر مۇقاملىرى» قاتارلىق نوپۇزلۇق ئىلمىي كىتابلار بىلەن مۇقام تەتقىقاتىغا ئائىت

يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بىر تۈركۈم نادىر ماقالىلەر نەشر قىلىنىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. لېكىن غايەت زور ھەجىمدىكى قېلىپلاشتۇرۇلغان نادىر مۇزىكا ئەسىرى، پۈتۈن ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكىلىق تىل بىلەن ئىپادىلىگەن كاتتا بەدىئىي قامۇس «ئون ئىككى مۇقام»غا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇقام تەتقىقاتىدىكى نۇرغۇن ئىلمىي مەسىلىلەر تېخى ئېچىلمىغان سىر ھالىتىدە تۇرماقتا. بىز مۇقام تەتقىقاتىنى تىرىشىپ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز، ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت، تەتقىقات خادىملىرى ئۆزئارا زىچ ھەمكارلىشىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزىمىزگە خاس كەسپىي ئالاھىدىلىكىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇقام تەتقىقاتىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز، مۇقام تەتقىقاتى جەريانىدا خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بىلەن بولغان توغرا لىنىيەلىك ئىلىم، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشىمىز، تەتقىقاتتا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، چەت ئەللەردىكى مۇقامغا ئائىت ماتېرىياللارنى تىرىشىپ توپلاپ، ئۇلارنى سېلىشتۇرۇپ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىز، خەلقئارادىكى ھەر خىل ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ مۇقام تەتقىقاتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشىمىز كېرەك.

«ئون ئىككى مۇقام»غا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىشتا ۋارىسلىق قىلىش ھامان ئاساستۇر. تەرەققىيات — يېڭىلىق ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدۇ. ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشتا ئاساسنى، يىلتىزنى ئۇنتۇماسلىق، ئەنئەنىنى يوقاتماسلىق كېرەك. «ئون ئىككى مۇقام»غا تولۇق، توغرا، ئومۇميۈزلۈك ۋارىسلىق قىلىش ۋە شۇ ئاساستا «ئون ئىككى مۇقام»نى راۋاجلاندۇرۇش لازىم. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزدا تارىخنى ئۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن «ئون ئىككى مۇقام»نى كەڭ ئاممىغا، بولۇپمۇ كەڭ ياشلارغا ئومۇملاشتۇرۇش بەكمۇ مۇھىم.

بىز «ئون ئىككى مۇقام»نى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئەۋزەل شەرت ـ شارائىتىغا ئىگە. شىنجاڭدا يۇزگە يېقىن سەنئەت ئۆمىكى بار. بۇ ئۆمەكلەردە «ئون ئىككى مۇقام» ۋە يەرلىك مۇقاملارنى ئۆگىنىش، ئورۇنلاش، مۇقاملاردىن پايدىلىنىپ ناخشا ـ مۇزىكا، ئۇسسۇللارنى ئىجاد قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش لازىم. ياشلار ئارىسىدا «ئون ئىككى مۇقام»نى ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىش كېرەك. ئون ـ سىن قوراللىرى ۋە ۋاستىلىرى ئارقىلىق مۇقامنى، مۇقامنىڭ ئۈن ـ سىن لېنتىلىرىنى كەڭ تارقىتىش ۋە تەشۋىق قىلىش، پا ـ ئال تۇردە مۇقام سەنئەت بايرىمى، ھەر خىل كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرەكلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق مۇقامنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا يۇزلەندۇرۇش، ئومۇملاشتۇرۇش ھەتتا ھەر دەرىـ جىلىك مەكتەپلەرگىچە ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. «ئون ئىككى مۇقام» كۈچلۈك ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغاندىلا ئۇنىڭغا ھەقىـ قىي ۋارىسلىق قىلغىلى، ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئۇنۇملۇك راۋاجلاندۇرغىلى، يېڭىلىق ياراتقىلى بولىدۇ.

1992 ـ يىلى نويابىر، بېيجىڭ؛ 1993 ـ يىلى فېۋرال، ئۈ ـ رۈمچى

# «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى» نىڭ ھاياتىي كۈچى ـــ يېڭىلىق يارىتىشتا

1960 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، مۇزىكا نەشرىياتى ۋە مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تۇردىئاخۇن ئاكا ئېيتقان «ئون ئىككى مۇقام» رىتىمى بويىچە «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ نوتىسى 2 توم بولۇپ نەشر قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپتىن، «ئون ئىككى مۇقام» قۇتقۇزۇپ قېلىندى، ئۇنۇملۇك قوغدالدى. يەنە بىر تەرەپتىن، يېڭى دەۋر مۇقام تەرەققىياتى ئۈچۈن قىممەتلىك مەنبە ۋە ئۆرنەك تەييارلىنىپ، مۇقام سەنئىتىدە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ يېڭى دەۋرى باشلاندى.

1965 ـ يىلى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە تەشكىللىشى ئارقىلىق شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى «ئون ئىككى مۇقام» ئىچىدىكى سەككىزىنچى مۇقام «ئۇششاق» مۇقامىدىن پايدىلىنىپ، چوڭ تىپتىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل «خەلق گۇڭشېسى ياخشى» (تىيانشاندا باھار» دەپ ئۆزگەرتىلگەن) نى ئىشلىدى (مەن سەھنە ئەسىرىنى ئىشلەشكە قاتناشقان ئىدىم). ئەينى تارىخىي شارائىتتا بۇ ئەسەر ئىدىيە، مەزمۇن جەھەتتە «سول» لۇشيەننىڭ تەسىرىگە يولۇققان بولسىمۇ، لېكىن سەنئەت جەھەتتە بىر قېتىملىق دادىل يېڭىلىق يارىتىش ئىدى. بۇ ئەسەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى شانلىق كۈرەش مۇساپىسىنى مەدھىيەلەش ئاساسىي تېما، «ئۇششاق» مۇقامى مۇزىكا ماتېرىيالى قىلىنغان دەۋر روھى بىلەن مىللىي ئالاھىدىلىكنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە ئېلىپ بې-

رىلغان پايدىلىق سىناق بولۇپ، يېڭى دەۋر ناخشا ـ ئۇسسۇل ئىد ـ
جادىيىتىدە ئۆرنەكلىك رول ئوينىدى. ئەنئەنىۋى سەنئەتكە ۋارىس ـ
لىق قىلىپ، يېڭى دەۋر ناخشا ـ ئۇسسۇلىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ
يېڭى يولى ئېچىلدى.

1972 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغىچە ئىجاد قىلىنىپ ئوينالغان
ئۇيغۇر ئوپېراسى «قىزىل چىراغ» ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقا ـ
مى»نىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى. بۇ ئە ـ
سەر جىڭجۈي تىياتىرى «قىزىل چىراغ» دىن ئۆزلەشتۈرۈپ ئىش ـ
لەندى (مەن تېيىپجان ئېلىيېف قاتارلىقلار بىلەن تەرجىمىگە قات ـ
ناشقان ئىدىم). مۇزىكىسى ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى»دىن تاللاپ
ئېلىندى. بۇ ئەسەر ئارقىلىق ئىنقىلابىي مەزمۇن بىلەن ئەنئەنىۋى
مۇزىكا شەكلى بىرلەشتۈرۈلۈپ، كۈچلۈك دەۋر روھى ۋە مىللىي
ئالاھىدىلىككە ئىگە يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئوپېراسى مەيدانغا چىقتى.
ئۇيغۇر مۇقامىنى تىياتىرلاشتۇرۇش، پېرسوناژلارنىڭ مۇزىكىلىق
ئوبرازىنى يارىتىش جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىلدى.

1979 ـ يىلى شىنجاڭ ئوپېرا تىياتىرى خەلق داستانى «غې ـ
رىب ـ سەنەم» ئاساسىدا 1937 ـ يىلى ئوينالغان ئۇيغۇر تىياتىرى
«غېرىب ـ سەنەم» نى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ، سەھنىلەشتۈردى.
ئەسلىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى ئىخچاملاش بىلەن بىرگە، «ئون
ئىككى مۇقام» مۇزىكىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى، خور، يالغۇز
كىشىلىك ناخشا، قوش كىشىلىك ناخشىلارنى كىرگۈزۈپ ئەسەر ـ
نىڭ مەزمۇنى بىلەن مۇقام مۇزىكىلىرى ياخشى بىرلەشتۈرۈلدى.
«مۇشاۋىرەك» مۇقامىنىڭ 2 ـ داستانى، «راك» مۇقامىنىڭ 2 ـ
داستانى پېرسوناژلارنىڭ مۇزىكىلىق ئوبرازىنى تېخىمۇ جانلاند ـ
دۇردى. بۇ ئەسەرنى خەلق ئاممىسى قىزغىن ئالقىشلىدى. ئوپېرا
ئۆمىكى 400 مەيداندىن ئارتۇق ئوينىدى. قەشقەر، قۇمۇل، خوتەن
قاتارلىق جايلاردىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىمۇ بەس ـ بەستە ئويند ـ
دى. ئويۇن قويۇش قېتىم سانى 1000 مەيداندىن ئېشىپ كەتتى.

خەلق ئاممىسى «غېرىب ـ سەنەم» تىياتىرى ئارقىلىق مۇقام ئاڭلايمىز، بىر ئۆمۈر مۇقام ئاڭلىساقمۇ تويمايمىز دېيىشتى.

1986 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مۇقام تەتقىقات ئىشخانىسى ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ 2 ـ مۇقامى بول- غان «چەببىيات» مۇقامىنى مۇقام سەنئىتىنىڭ ئەسلىي قۇرۇلمى- سى، ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا بىرلەشتۈرۈلگەن ئالاھىدىلىكى، خەلق ئىچىدىكى مۇقام ئېيتىش ئۇسلۇبى بىلەن سەھنىلەشتۈ- رۈپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاجايىپ چوڭ شۆھرەت قازاندى.

بۇ ئەسەردە مۇزىكا ۋە ناخشا تېكىستلىرى ئەينەن ساقلاپ قې- لىنغان، ئۇسسۇللار مۇزىكا ۋە ناخشا تېكىستلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە كەيپىياتىغا ئاساسەن ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇللىرى ئاساسىدا ياخ- شى تاللىنىپ قېلىپلاشتۇرۇلغان. ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقا- مى»نىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ مۇقام ئىچىدىكى رولى بىر ـ بىرلەپ ئالاھىدە كۆرسىتىلگەن؛ مۇقام سەنئىتىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئەسلىي قىياپىتى تولۇق گەۋدىلىنىپ، خەلق ئاممىسى ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىدىن تولۇق ھۇزۇرلىنىشقا ئىمكانىيەت يارىتىلغان. «چەببىيات» مۇقامى 1986 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «4 ـ نۆۋەتلىك جۇڭخۇا ساداسى» مۇزىكا كۆرىكىگە قاتناشتۇرۇلغاندىن باشلاپ، تا ھازىرغىچە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا كۆپ قېتىم ئوينىلىپ قىز- غىن ئالقىشقا ئېرىشتى. مۇقام ئانسامبىلىنىڭ ئۆزى 500 مەيدان- دىن ئارتۇق ئوينىدى. داۋاملىق ئوينىلىدىغان مۇنەۋۋەر كىلاسسىك ئەسەرگە ئايلاندى. ھەر ساھە مۇتەخەسسىسلىرى، ئالىملار بۇ ئە- سەرنى كۆرۈپ «ئۇيغۇر مۇقامى — جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسى- دىكى بىباھا گۆھەر»، «يىپەك يولىدىكى چاقناپ تۇرغان مەرۋا- يىت»، «ئەڭ زور تارىخىي قىممەتكە، ئىلمىي قىممەتكە ، سەنئەت قىممىتىگە، ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە قامۇس» دەپ باھالاشتى. «چەببىيات» مۇقامىنىڭ ئۇتۇقلۇق سەھنىلەشتۈرۈلۈشى ئۇيغۇر

مۇقامىنى پۈتۈن مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈردى.

1988 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، مەن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن «چەببىيات» مۇقامىدىكى سەنئەتچىلەرنى باشلاپ شياڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا سەنئەت بايرىمىغا قاتناشقان ئىدىم. شياڭگاڭدىكى گېزىت ـ ژۇرناللاردا، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ «چەببىيات مۇقامى» «سەنئەت بايرىمىنىڭ گۈل تاجى»، «ئۇيغۇر مۇقامى بىلەن پەخىرلىنىمىز» دېگەنلىرى ھازىرمۇ ئېسىمدە.

1991 ـ يىلى مۇقام ئۆمىكىنى باشلاپ گېرمانىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە، شۋېتسىيەلەردە «چەببىيات» مۇقامىنى ئويناپ، «چەببىيات» مۇقامىنىڭ مەشرەپ قىسمىغا كەلگەندە پۈتۈن زالدىكىلەرنىڭ قېرى ـ ياش دېمەي، مىللەت ئايرىماي ئارتىسلار بىلەن بىللە ئۇسسۇلغا چۈشكەنلىكى، مۇزىكا توختىمىغىچە سەھنىدىن چۈشمىگەنلىكى ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، يېڭى ئەسىرگىچە ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنى مەنبە ۋە خۇرۇچ قىلغان ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئويۇن قويۇش پائالىيەتلىرى ئاجايىپ جانلىنىپ كەتتى. «ئامانىنىساخان» (ئوپېرا، قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ئىشلىگەن)، «مۇقام ئەجدادلىرى» (ئوپېرا، تۇرسۇن يۇنۇس يازغان، شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى ئورۇنلىغان)، ئانا يۇرت (سىمفونىيە، كۆي سۆيەر ئۆمىكى ئورۇنلىغان، نۇسرەت ۋاجىدىن يازغان)، «ئوششاق مۇقامى» (سىمفونىيە، جۇجى يازغان، شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇنلىغان)، «قەشقەر» (چوڭ تىپتىكى مىللىي مۇزىكىلىق ئۇسسۇل، قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ئورۇنلىغان) قاتارلىق ئەسەرلەر ئىشلىنىپ، ئوخشىمىغان سەنئەت شەكىللىرى ئارقىلىق، ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى ۋە رېئال تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، مۇقام سەنئى ـ

تى ئىجادىيىتىدە دەۋر بىلەن ماس قەدەمدە ئىلگىرىلەپ، يېڭىلىق يارىتىشتا پايدىلىق تەجرىبىلەرنى ياراتتى. مەملىكەت بويىچە «بەش بىر قۇرۇلۇش»، «جۇڭخۇا مەدەنىيىتى» قاتارلىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىگە بولغان زور قىزىقىشىنى قوزغىدى ۋە ھۆرمىتىنى ئاشۇردى.

2002 ـ يىلى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئەسلىي قىياپىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، ھۈنەر ـ كەسپلىرى، ھەر خىل بايرام مەدەنىيىتى ناھايىتى جانلىق ۋە كۆركەم ئىپادىلەنگەن «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ VCD ، DVD پىلاستىنكىلىرى ئىشلىنىپ، جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، «ئون ئىككى مۇقام» ۋە يەرلىك مۇقاملارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى، يەرلىك ئالاھىدىلىكى تولۇق گەۋدىلىنىپ، قەدىمكى كىلاسسىك سەنئەتنىڭ ھاياتىي كۈچى، سېھرىي كۈچى قايتا نامايان بولدى. ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى ئىجادىيەت ۋە يېڭىلىق يارىتىشتا بىرنى يېڭى ـ يېڭى پىكىر يوللىرى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنى مەملىكەتكە ۋە پۈتۈن دۇنياغا تەشۋىق قىلىشتا ئالاھىدە رول ئوينىدى.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىش كېرەككى، 2005 ـ يىل 25 ـ نويابىردا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت ئورگىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى يوللىغان جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنى «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» تىزىملىكىگە كىرگۈزگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى چوڭ تىپتىكى مەخسۇس مۇقام كېچىلىكى «مۇقام باھارى» نى ئىشلەپ چىقتى. بۇ ئەسەردە ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» ئىچىدىكى «ئۇششاق مۇقامى» نىڭ جەۋھەرلىرى، «تۇرپان مۇقامى»، «قۇمۇل مۇقامى» ۋە «دولان مۇقامى» نىڭ ئېسىل دۇردانىلىرى

تاللىنىپ، ئون ئىككى مۇقام ۋە يەرلىك مۇقاملارنىڭ ئالاھىدىلى- كى بىلەن سەھنىلەشتۈرۈلۈپ، كىلاسسىك مۇقام سەنئىتىنىڭ سېھرىي كۈچى، گۈزەل باھارى نامايان قىلىندى. جۇملىدىن ئۇي- غۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ كۆپ مەنبە ۋە كۆپ خىل بولۇشتەك ئالا- ھىدىلىكى، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» ۋەكىللىك قىلغان ئۇي- غۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ بىر - بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر گەۋدە ئىكەنلىكى يۇقىرى سەنئەت ماھىرلىقى بىلەن تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلدى. بۇ «چەببىيات مۇقامى» دىن كېيىنكى يەنە بىر زور نەتىجە، ئىجادىيەتتىكى يەنە بىر چوڭ يېڭىلىق. ئىشىنىمىز- كى، «مۇقام باھارى» ئېلىمىز سەھنىلىرىدىلا ئەمەس، دۇنيا سەھ- نىلىرىدىمۇ ئەركىن پەرۋاز قىلغۇسى.

«خەلق گۈڭشېسى ياخشى»، «قىزىل چىراغ»، «غېرىب - سە- نەم»، «چەببىيات»، «مۇقام باھارى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ يېڭى- لىق يارىتىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ تىل - يېزىقى، دىنىي ئېتىقا- دى، مىللىي پسىخىكىسى، تەپەككۇر ئۇسۇلى بولىدۇ، خەلق ئام- مىسى ئوخشىمىغان مەدەنىيەت شارائىتىدا ئۆزىنىڭ ئۆرپ - ئادى- تى، ئېستېتىك ئۆلچىمى بويىچە ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئۇسلۇبقا ئىگە ئەنئەنىۋى سەنئەت شەكىللىرىنى يارىتىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مىللىي سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا چوقۇم ئېتىبار بى- لەن قارايدىغان مۇھىم ئامىل. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا خەلق ياخشى كۆرگەن سەنئەت ئەسەرلىرىنى يارىتىش كېرەك. مۇشۇنداق سەنئەت ئەسەرلىرى ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتتە، ھەتتا دۇنيا سەھنىسىدىمۇ جۇلالىنىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ سەنئەت ئىشلىرى تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى - يې- ڭى تۆھپىلەرنى قوشالايدۇ.

ئەنئەنىۋى مۇقام سەنئىتىنى مەنبە ۋە خۇرۇچ قىلىپ، يېڭىلىق

يارىتىشنىڭ يوللىرى ئىنتايىن كەڭ ۋە خىلمۇخىل، ئىجادىيەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئىككى نۇقتا ئىنتايىن مۇھىم. بىرى، ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى، ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ـ ئەينەن نامايان قىلىش. مۇقام خەلق سەنئىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يىلتىزى، قان تومۇرى، ئەمەلىيەت بىزگە شۇنى چۈشەندۇردىكى، «ئون ئىككى مۇقام» ۋەكىللىك قىلغان ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى، ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ، بولۇپمۇ مۇزىكا سەنئىتىنىڭ يۇقىرى تەرەققىيات پەللىسىنى ياراتقان كىلاسسىك ئەسەر. شۇڭا، ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنى مۇمكىنقەدەر يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، يۇقىرى سەۋىيە بىلەن سەھنىلەشتۇرۇش، شۇ قاتاردا خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان رەڭگارەڭ سەنەم، سېكىللارنى، ھۆكمەتنامىلەرنى، ھەرخىل مەشرەپلەرنى قېزىپ، سەھنىلەشتۇرۇپ خەلق ئاممىسىغا تونۇشتۇرۇش لازىم، ماڭغان ئىزىمىزنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك. يېڭىلىق يارىتىشنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپى، كۆچلۈك دەۋر روھىغا، مىللىي ئالاھىدىلىككە، يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيەگە ئىگە يېڭى مۇقام ئەسەرلىرىنى يارىتىشتىن ئىبارەت. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت شۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى، مەلۇم تارىخىي دەۋردىكى مۇئەييەن جۇغراپىيەلىك شارائىت، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئادىتى، تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ ئىنكاسى، ئۇ ھامان دەۋر چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا ۋارىسلىق قىلىش، راۋاجلاندۇرۇش، كونىنىڭ ئورنىغا يېڭىنى يارىتىش پىرىنسىپى بويىچە ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ مەزمۇن، شەكىل، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى دادىل يېڭىلاپ، يېڭى دەۋرنىڭ يېڭى مۇقامىنى يارىتىشىمىز لازىم.

مەدەنىيەت ـ سەنئەتتىكى يېڭىلىق يارىتىشتا بىر مىللەت مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ دەۋر بىلەن ماس قەدەمدە ئىلگىرىلىشى ئىنسانىيەت ئۇچۇن مەنىۋى بايلىق يارىتىشنىڭ جان تومۇرى. يېڭىلىق يارىتىش ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە

تەرەققىي قىلىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە ئاساسى.

يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئاساسىي تەلىپى يەنىلا ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنى دەۋر بىلەن ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنى مەزمۇنىدىن تارتىپ شەكلىگىچە رېئاللىققا، تۇرمۇشقا، ئاممىغا يۈزلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. يېڭىلىق يارىتىش- تىكى ھالقىلىق مەسىلە يەنىلا مۇقام تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش، تەربىيەلەش ۋە يېتىلدۈرۈش. مۇقامچىلار ۋە مۇقامشۇناسلارنى تەر- بىيەلەشنى تىلغا ئالغاندا، تۇردىئاخۇن ئاكا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن ئەسلەيمەن. بىزدە تۇردىئاخۇن ئاكىدەك مۇقام ئۇستازلىرى كۆپلەپ يېتىشىدىغانلا بولسا، ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى بۇ ئانا يۇرتتا تېخىمۇ گۈللەپ ياشنايدۇ.

# سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى ــ ئىجادىيەتتە

سەنئەت ئىجادىيىتى سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى. بۇنى پۈتكۈل سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قانۇنىيىتى بەلگىلىگەن.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى يولداش جياڭ زېمىننىڭ: «ھەر يىلى خەلق ئاممىسى ياخشى كۆرىدىغان بىر تۈركۈم ئېسىل كىنو، تېلېۋىزىيە، تىياتىر، مۇزىكا، ئۇسسۇل، گۈزەل سەنئەت ۋە ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش لازىم. ئاساسىي مېلودىيەنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى ساغلام، يۇقىرىغا ئۆرلەيدىغان بولۇپلا قالماستىن، بەدىئىيلىكىمۇ كۆپ خىل، جانلىق، ئېتىك، كامالەتكە يەتكەن بولۇشى، كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچى ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولۇشى، مەدەنىيەت بازارلىرىدىكى رىقابەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغان بولۇشى كېرەك» دېگەن يوليورۇقىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى دەۋر روھىغا ۋە شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ساغلام مەنىۋى مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىن ئېتىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى، گۈللىنىشىنى، مەدەنىيەتلىك بولۇشىنى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى؛ نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر، ئويۇن (نومۇر) دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى چوڭ سەنئەت پائالىيەتلىرىدە مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى» بولغان

شىنجاڭنىڭ شۆھرىتىنى نامايان قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن شان - شەرەپ كەلتۈردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، «چەببىيات» مۇقامىنىڭ چەت ئەل سەھنىلىرىدە قالتىس ئالقىشلىنىپ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئېرىشكەنلىكى؛ ياش ئۇسسۇلچى دىلنار ئابدۇللا 1990 - يىلى 12 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە «مۇز تاغدىكى ئوت» ناملىق ئۇسسۇلنى ئورۇنلاپ 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ياش سېرىك ماھىرى روشەنگۈل ئەبەيدۇللا 1991 - يىلى 5 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە 3 - نۆۋەتلىك سېرىك مۇسابىقىسىدە «قارتا ئۇچۇرۇش» نومۇرىنى ئورۇنلاپ «ئالتۇن شىر» (1 - دەرىجىلىك مۇكاپات) مۇكاپاتىغا، 1995 - يىلى 16 - مايدا مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى ئۆتكۈزگەن 5 - نۆۋەتلىك «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا مۇكاپاتى» بويىچە سەنئەت نومۇرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇنلىغان «تەڭرىتاغدىكى ھەسەن - ھۈسەن» ناملىق چوڭ تىپتىكى مىللىي مۇزىكىلىق ناخشا - ئۇسسۇل «مەدەنىيەتلىك جۇڭخۇا» يېڭى نومۇر مۇكاپاتىغا، شۇ يىلى 15 - سېنتەبىردىن 23 - سېنتەبىرگىچە شېنياڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك سېرىك مۇسابىقىسىدە شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكى ئورۇنلىغان «دارۋاز» ئويۇنى «ئالتۇن شىر» مۇكاپاتىغا، بۇ يىل 25 - ئىيۇل خارbinدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئوپېرا كۆرىكىدە شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى ئورۇنلىغان تارىخىي ئوپېرا «مۇقام ئەجدادلىرى» نىڭ يەتتە تۈردە مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكى بۇ پىكرىمىزگە بىر دەلىلدۇر.

نەتىجىلەر سۆزلەنگەن ۋاقىتتا شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرى-

لەپ، ئاز بولمىغان نادىر سەنئەت ئەسەرلىرىنى، نومۇر (ئويۇن) لارنى ئىجاد قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشقان بولسىمۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىش تەلىپىگە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايۋاتىدۇ. تۈرلۈك ژانىردىكى سەنئەت ئەسەرلىرى، نومۇر (ئويۇن) لار سان ـ سۈپەت جەھەتتىن يەنىلا ئېھتىياجنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب، سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئاجىز ھالقا بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىدا.

كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان بازار رىقابىتىگە تاقابىل تۇرۇپ شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى ھەقىقىي گۈللەندۇرىمىز دەيدىكەنمىز مېنىڭچە، «سەنئەت ئىجادىيىتىنى مەركەز قىلىش» ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇپ، تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىنى چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك:

بىرىنچى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۇرۇشتە، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى ۋە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش فاڭجېنىدا، ئاساسىي مېلودىيەنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن تېمىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك.

پارتىيە 14 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا: «خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسى ياخشى كۆرىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشىغا ئىلھام بېرىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش كېرەك»

دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەردىن ئاساسىي مېلودىيەنى ئەستايىدىل جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرى ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

قانداق قىلغاندا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئاساسىي مېلودىيەنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ؟

ئوخشاش بولمىغان دەۋر ئىسىل ئەسەرلەرگە مەزمۇن جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان تەلەپلەرنى قويىدۇ. يولداش جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە هازىرقى زامان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە «ئاساسىي مېلودىيەنى جارى قىلدۇرۇش» تەلىپىنى قويدى. دەۋرىمىزنىڭ ئاساسىي مېلودىيەسى دېگەن نېمە؟ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيەسى، پارتىيەنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپىزم، سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە روھى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولغان ئىدىيە ۋە روھ، مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا، خەلقنىڭ بەختلىك بولۇشىغا پايدىلىق بولغان روھ، هالال ئەمگەك ئارقىلىق گۈزەل تۇرمۇش يارىتىدىغان ئىدىيە ۋە روھلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئالغا بېسىشىمىزغا ۋە تەرەققىي قىلىشىمىزغا تۈرتكە بولىدىغان ئاساسىي مېلودىيەدۇر.

ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت ـ سەنئەت تارماقلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ كۆنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، كىشىلەرنىڭ روھىغا، غەيرىتىگە ئىلھام بېرىش، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئاساسىي مېلودىيەنى جارى قىلدۇرىدىغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشنى زور كۈچ بىلەن پىلانلىشى ۋە ياخشى ئۇيۇشتۇرۇشى؛ خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى ۋە بارچە گۈللەر تەكشى

ئىچىلىش، ھەممە ئىقىملار بەس ـ بەستە سايراش فاڭجىنىدا چىڭ
تۇرۇپ، ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارد-
تىشى، چوڭ ـ چوڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيەتلىرىنى كۆڭۈل
قويۇپ ئۇيۇشتۇرۇپ ئىجادىيەت سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشى؛
ھەر يىلى خەلق ئاممىسى ياخشى كۆرىدىغان بىر تۈركۈم ئىسىل
كىنو، تېلېۋىزىيە فىلىمى، ئەدەبىي ئەسەرلەر، تىياتىر، مۇزىكا،
ناخشا ـ ئۇسسۇل، ئەلنەغمە ۋە گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى
مەيدانغا كەلتۈرۈشى كېرەك. سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئاساسىي مې-
لودىيەنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىللە، كۆپ خىللاشتۇرۇشقىمۇ
ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بىز دەۋاتقان كۆپ خىللاشتۇرۇش بىر
تەرەپتىن، ئاساسىي مېلودىيەنى جارى قىلدۇرىدىغان ئەسەرلەردىن
تېما، شەكىل، ئۇسلۇب، ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ مول مەزمۇنلۇق،
جانلىق بولۇشىنى، يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپ
تەرەپلىك، كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى
تەلەپ قىلىدۇ. خەلق ئاممىسىنى تەربىيە ۋە ئىلھامغا ئىگە قىلى-
دىغان، كۆڭۈل ئېچىش ۋە گۈزەللىكتىن بەھرىمەن قىلىدىغانلىكى
ئەسەرلەرگە تېگىشلىك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ
ئانىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ سەنئەت ھاياتى ئۇلارنىڭ
خەلق بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىدە ياشنايدۇ،
ئېسىمىزدە بولسۇنكى، بۇ خىل مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قالسا ياكى
بۇ خىل مۇناسىۋەتكە سەل قارالسا، سەنئەت ھاياتىمىز نابۇت بو-
لىدۇ. خەلق سەنئەتكە موھتاج، سەنئەت خەلققە تېخىمۇ موھتاج.
شۇڭا خەلق تۇرمۇشىدىن ماتېرىيال، باش تېما، سۇژىت، تىل،
ھېسسىيات ۋە گۈزەللىك ئېلىپ، خەلقنىڭ تارىختىكى قەھرىمان-
لىق روھىنى يارىتىش ئارقىلىق خەلقنى تەربىيەلەش كېرەك، بۇ،
سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش-
نىڭ توپ يولى.» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. شۇڭا، ھەر مىللەت ئەدە-

بىيات - سەنئەتچىلىرى ئىدىيەدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، كۆزقاراشنى يېڭىلاپ، يېڭى تارىخىي دەۋردىكى خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى قاتارلىقلاردا بارلىققا كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشى؛ قايناق تۇرمۇشقا تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكۈپ، جانلىق، تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مەدھىيىلەيدىغان، مول ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ۋە خەلقنىڭ روھىي دۇنياسىنى، دەۋر رىتىمىنى، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بەدىئىي جەزبىلىككە ئىگە مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى تېخىمۇ كۆپ ئىجاد قىلىپ، مەزمۇنى مول، كۆپ قاتلاملىق، خىلمۇ خىل ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ھەقىقىي ئىپادىلەيدىغان، ھەر مىللەت خەلقى ياقتۇرىدىغان، يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سۈپەتكە ئىگە بولغان، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئاساسىي مېلودىيە جارى قىلدۇرۇلغان ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، كۈچلۈك دەۋر روھىغا، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، يۇقىرى بەدىئىي سۈپەتكە ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە بىر تۈركۈم بۆسۈش خاراكتېرىدىكى نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش، دائىم يېڭى نومۇرلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، يېڭى تارىخىي دەۋر ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇش — سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش - راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى.

جەمئىيەتتە ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى شىددەت بىلەن كۆپەيگەن؛ خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۆپ خىللىشىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ مە-

دەنىيەت تۇرمۇشىغا نىسبەتەن تاللىشىنى مىسلىسىز دەرىجىدە كۈچەيتكەن؛ كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىستېمالى يېڭىلىققا يۈزلىنىش، ئۆزگىچىلىككە ئىنتىلىش بولۇۋاتقان؛ سەنئەت ئۆمەكلىرى ۋە سەنئەتكارلاردا سەھنە، ئېكران، بازار ھەم خېرىدار تالىشىدىغان جانلىق رىقابەت مۇھىتى ھەقىقىي تۈردە شەكىللەنمىگەچكە، بىرمۇنچە سەنئەت ئۆمەكلىرى، ھەتتا داڭلىق سەنئەت ئۆمەكلىرىمۇ خەلقتىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقان، مۇھىمى، سەنئەت ئۆمەكلىرى ئېغىر ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىۋاتقان ھازىرقى پايدىسىز ۋەزىيەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەت ئىشلىرىنى ھەقىقىي گۈللەندۈرىمىز، پۈتكۈل زېھنىي كۈچىمىزنى يىغىپ بازار رىقابىتىگە توغرا تۇرىمىز، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىغا ماسلاشتۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى ئىقتىسادىي كۈرەش مەركەز قىلىنغان رېئال تۇرمۇشقا ھەرۋاقىت كۆز تىكىپ، دەۋر دولقۇنىغا ئاتلىنىپ، يېڭى تېمىلارنى ئىجاد قىلىپ، ئىدىيەۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىك، مەزمۇن بىلەن شەكىل بىرلەشتۈرۈلگەن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن، ھەرمىللەت خەلقى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان، ھەر مىللەت خەلقىغە ياقىدىغان، خەلققە، تۇرمۇشقا يېقىن، بەدىئىي سېھرىي كۈچكە ئىگە نادىر سەنئەت ئەسەرلىرى، نومۇر (ئويۇن) لارنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ، ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرىنىڭ ئېستېتىك زوقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلار ياقتۇرىدىغان بەدىئىي شەكىللەرنى تېپىپ چىقىپ، يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ۋە سۈپەتلىك ئويۇنلىرىمىز بىلەن تاماشىبىنلارنى جەلپ قىلىشىمىز، تاماشىبىنلار سېپىنى كېڭەيتىشىمىز، مەدەنىيەتنىڭ ئىستېمال ئۇنۇمى ۋە ئىجتىمائىي ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، سەنئەت ساھەسىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقاش، تەربىيەلەش، يېتىشتۈرۈش، ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئىجادىيەتچىلەرنى قايناق تۇرمۇشقا چوڭقۇر

چۆكۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش
قۇرۇلۇشىنى مەدھىيەلەيدىغان، بەدىئىي جەزبىلىككە ئىگە مەنىۋى
مەھسۇلاتلارنى تېخىمۇ كۆپ ئىجاد قىلىپ، مەزمۇنى مول، كۆپ
قاتلاملىق، خىلمۇخىل سەنئەت ئەسەرلىرى ئارقىلىق ھەرمىللەت
خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا
ئىلھاملاندۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق
جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئىتتىپاقلاشقان، دېموكراتىك،
دوستانە، تىنچ - ئازادە كەيپىيات ۋە مۇھىت يارىتىپ بېرىش
كېرەك.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەردىن
بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىجادىيەتچىلەر، كومپوزىتورلار، رېژىس-
سورلار، ئارتىسلار، سەنئەت ساھەسىدىكى ئىختىساسلىقلار يېتىل-
شىپ چىقتى، بۇ ئىش بىزنى ئىنتايىن خۇشال ۋە ئۈمىدۋار قىلى-
دۇ. لېكىن ھەرقايسى سەنئەت تۈرلىرىدە يەنىلا خەلق ئاممىسىنىڭ
ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن، ۋەكىللىك خاراكتېرىگە، يول ئې-
چىپ ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە تالانتلىق ئىجادىيەتچىلەر، كوم-
پوزىتورلار، رېژىسسورلار، ئارتىسلار كەمچىل بولماقتا. كۆپلىگەن
سەنئەت ئۆمەكلىرىدە كونىلار بىلەن يېڭىلارنىڭ ئورۇن ئالمىشى-
شىدىن كېلىپ چىققان ئۈزۈكچىلىك مەسىلىسى ھەل قىلىنغىنى
يوق. شۇڭلاشقا، ھەرقايسى سەنئەت تۈرلىرىدىكى ياش ئىختىساس
ئىگىلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش نۆۋەتتىكى ئىنتايىن مۇ-
ھىم ۋەزىپىمىز بولۇپ تۇرماقتا. ياش، ئىختىساسلىق سەنئەت-
كارلار سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ كېلەچىكى، ئۈمىدى ۋە ۋارىسى،
بىز سەنئەت تەربىيەسىنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ياخشى يولغا
قويۇشىمىز، كۆپ خىل تۈر، كۆپ خىل قاتلام، كۆپ خىل يول،
كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق زور بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق
سەنئەتكارلارنى، مۇنەۋۋەر كىنو - تىياتىر ئەسىرى يازغۇچىلىرى،
كومپوزىتورلار، رېژىسسورلار، ئارتىسلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈ-

رۇشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنى سەنئەت ئەمەلىيى-
تىدە تەربىيەلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ئۇلارغا ھەر
خىل كۆرەكلەرگە قاتنىشىپ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىش پۇرسى-
تىنى يارىتىپ بېرىپ، تېزرەك تالانتىنى نامايان قىلىش ئىمكانى-
يىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم.
يولداش جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك تەشۋىقات - ئىدىيە خىز-
مىتى يىغىنىدا: «مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش — ئىنى-
تايىن مۇرەككەپ ئەمگەك، بۇنىڭدا مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار ۋە
ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئىجادىي روھىنى جارى قىلى-
دۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىگە ھۆرمەت
قىلىشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنى ئاسرىشىمىز، ئىدى-
يەنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە، بارچە
گۇللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش
فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىزدىنىش ۋە ئىجاد قىلىشقا ئىلھاملاندۇ-
رىدىغان ياخشى مۇھىت ۋە كەيپىياتنى تىرىشىپ شەكىللەندۇ-
رۇشىمىز لازىم.» دەپ تەكىتلىدى. بىز سەنئەت قانۇنىيىتىگە
ھۆرمەت قىلىشىمىز، سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىگە ھۆر-
مەت قىلىشىمىز، ئىجادىيەت ئەركىنلىكى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت-
چىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈشىمىز
كېرەك. ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەر
مىللەت ئىجادىيەت خادىملىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زور كۈچ
بىلەن ياردەم بېرىشىمىز؛ كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، كى-
نو - تىياتىر ئەسىرى يازغۇچىلىرى، كومپوزىتورلار، رېژىس-
سورلارنى قايناق تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋې-
تىش ئىشلىرىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مەدھىيەلەي-
دىغان، بەدىئىي جەزبىلىككە ئىگە نادىر ئەسەرلەرنى تېخىمۇ كۆپ-
لەپ ئىجاد قىلىشقا ھەقىقىي ئىلھام بېرىشىمىز؛ ئۇلارنى تۇر-
مۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن سىياسەت جە-

ھەتتە كۈچلۈك قوللىشىمىز، ماددىي جەھەتتە ئوبدان ئېتىبار بې-
رىشىمىز، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ھەر خىل ئەمەلىي
قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشىمىز؛ ئۇلارنىڭ ئاكتىپلى-
قى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا
ئىتتىپاقلاشقان، دېموكراتىك، دوستانە، تىنچ - ئازادە كەيپىيات
ۋە مۇھىت يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك.

شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون، ھەممە مىللەت ئۆزىگە خاس
مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە. ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت-
چىلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مۇنەۋۋەر ئەنئە-
نىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرغان ئا-
ساستا باشقا قېرىنداش مىللەتلەر، شۇنداقلا چەت ئەللەرنىڭ مۇ-
نەۋۋەر مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى دادىل قوبۇل قىلىپ ۋە ئۇنى
ئەينەك قىلىپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، سەنئەتنىڭ يۇقىرى پەل-
لىسىگە چىقىشقا جۈرئەت قىلىپ، كۈچلۈك دەۋر روھىغا ۋە رو-
شەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، يۇقىرى بەدىئىي سۈپەتكە ئىگە نادىر
ئەسەر، نومۇر (ئويۇن) لارنى ئىجاد قىلىپ، سەنئەت بېغىنى رەڭ-
مۇ رەڭ گۈل - چېچەكلەر بىلەن بېزىشىمىز لازىم.

تۆتىنچى، مەدەنىيەت ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەش-
تۈرۈپ، كۆپ خىل يوللار بىلەن ئىجادىيەت فوندى توپلاپ، نۇقتى-
لىق سەنئەت ئىجادىيىتى تۈرلىرىگە يار - يۆلەك بولۇش لازىم.

مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسىگە سېلىنىدىغان سېلىنمىنى
داۋاملىق كۆپەيتىش، ئاپتونوم رايوندا ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت،
ئوبلاست، شەھەرلەردە سەنئەت ئىجادىيەت فوندى قۇرۇپ، نۇقتى-
لىق سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە ئويۇن قويۇش تۈرلىرىگە يار - يۆ-
لەكتە بولۇش، جەمئىيەتكە، زاۋۇت، كان - كارخانىلار، مەرىپەت-
پەرۋەر سودا - سانائەتچىلەرگە يۈزلىنىپ، كۆپ خىل يوللار بىلەن
مەبلەغ توپلاش، پىلان، مالىيە، باج، سودا - سانائەت مەمۇرىي باش-
قۇرۇش، ئەمگەك - كادىرلار ئىشلىرى قاتارلىق تارماقلار بىلەن

بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈ-
رۈش ئارقىلىق سەنئەت ئىجادىيىتىگە سىڭىنىدىغان زۆرۈر مەب-
لەغقە كاپالەتلىك قىلىش، مەدەنىيەت – سەنئەت ئىشلىرىنى
راۋاجلاندۇرۇشنىڭ شەرت – شارائىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش، ئېـ-
سىل، نەپىس ئەدەبىيات – سەنئەت ئەسەرلىرىگە، مىللەتنىڭ ئېـ-
سىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مىللىي سەن-
ئەت جەۋھەرلىرىگە يار – يۆلەك بولۇش ۋە مەبلەغ جەھەتتىن نۇق-
تىلىق ياردەم بېرىش، سەنئەت مۇكاپاتى تۈزۈمىنى ياخشىلاپ ۋە
مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش، ئىختىساس ئە-
گىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ، قەرەللىك
ياكى قەرەلسىز هالدا سەنئەت تۈرلىرى، سەنئەت مۇئەسسەسەلىرى-
نىڭ دەرىجە، قاتلاملىرى بويىچە تۈرلۈك باهالاش، مۇكاپاتلاش پائا-
لىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش، ئىجادىيەتتە گەۋدىلىك نەتىجىگە ئې-
رىشكەنلەرنى، ئەسىرى (نومۇرى) مەلۇم دەرىجىدە ئىجتىمائىي ئۈ-
نۈم ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتقانلارنى ئالاهىدە مۇكاپاتلاش لازىم.

# سوتسيالىستىك بازار ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى

ــ مەدەنىيەت ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەررەر يولى

يولداش جياڭ زېمىن پارتىيەنىڭ 14 ـ قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا: «ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى ــ سوتسيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، سوتسيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ھەل قىلغۇچ تەدبىر. ئۇ، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى. ئېلىمىزنىڭ ئىگىلىكىنى تېز راۋاجلاندۇرۇشقا غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قوشتى، ئۇ، مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

سوتسيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەررەر يولى، ھازىرقى باسقۇچتا جۇڭگودا سوتسيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇشتىكى تارىخىي تاللاش.

سوتسيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىكى زور ئۆزگىرىش بولۇپ، بىر قېتىملىق ئۇلۇغ ئىنقىلاب. ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىكى بۇ زور ئۆزگىرىش سوتسيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنىڭ يېڭى بىر تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بەردى. بۇ ئۆزگىرىش ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ساھەسىنى زىلزىلىگە كەل-

تۇرۇپلا قالماستىن، ئىلىمىزنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەسى-
نىمۇ زىلزىلىگە كەلتۈردى. ئىقتىسادىي ھەرىكەت ئۇسۇلىنىڭ تا-
رىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشى مەدەنىيەت ـ سەنئەت تۈزۈلمى-
سىنىڭ مۇناسىپ ئىسلاھ قىلىنىشىغا مۇقەررەر چوڭقۇر تەسىر
كۆرسىتىدۇ ھەم ئۇنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئوتتۇرىغا
قويۇلغانلىقى مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىمىزنى گۈللەندۈرۈش
ئۈچۈن ھەم پۇرسەت يارىتىپ بەردى، ھەم ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى
يېڭى رىقابەتكە يۈزلەندۈرۈپ، قانداق قىلغاندا مەدەنىيەت ـ سەنئەت
تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈل-
مىسى ئىسلاھاتى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بارغىلى، شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك
قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ھەم مەدەنىيەت ـ سەنئەتنىڭ تەرەق-
قىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ دېگەن چوڭ مۇھا-
كىمىنى چۆرىدىگەن ھالدا نۇرغۇن نەزەرىيەۋى ۋە ئەمەلىي مەسى-
لىلەرنى ئالدىمىزغا قويىدۇ.

## قاتمال تۈزۈلمە، ھازىرقى ھالەت، يېڭى خىرىس

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەسى ئىسلا-
ھات ئېلىپ بېرىش، ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ،
جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، مەدەنىيەت ـ سەنئەتنى خەلق
ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى ۋە
بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە
سايراش فاڭجېنىدا، مەدەنىيەت ـ سەنئەتنىڭ كۆپ خىل رولىنىڭ
بىرلىكىدە، تېمىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش بىلەن دەۋرنىڭ ئاساسىي
مۇقامىنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئېسىل
مىللىي مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ئەدەبىيات،

كىنو، تېلېۋىزىيە، مۇزىكا، ئۇسسۇل، گۈزەل سەنئەت، تىياتىر قاتارلىق تۈرلۈك مەدەنىيەت ئىشلىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى دەۋر روھىغا ۋە شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ساغلام مەنىۋى مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىن ئېتىپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى، گۈللىنىشىنى، مەدەنىيەتلىك بولۇشىنى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى. لېكىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىش تەلىپىگە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالمايۋاتىدۇ. پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈشتىن ئىبارەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئارقىلىق رېئال تۇرمۇشىمىزدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن جۇشقۇن ۋەزىيەتتە مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەسى يېڭى خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە.

مەدەنىيەت ـ سەنئەتنىڭ ھازىرقى تۈزۈلمىسى پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان ھالدا ئورنىتىلغان. بۇ خىل تۈزۈلمىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىغا قارىتا ئاساسىي جەھەتتىن دۆلەت ھۆددىگە ئېلىش چارىسىنى قوللىنىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئەينى تارىخىي شارائىتتا ھەقىقەتەن بىر مۇنچە ئىجابىي رول ئوينىغان بولسىمۇ، بۇ خىل تۈزۈلمە ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ تەشەببۇسكارلىق، ئىجادچانلىق روھىنى، رىقابەت ئېڭىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشكىلاتلىرى «داشقازان تامىقى»، «تۆمۈر تاۋاق» قا ئادەتلىنىپ قالدى. «داشقازان تامىقى»، «تۆمۈر تاۋاق» تۈزۈمى مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك مەنىۋى ئەمگەكتىن ئىبارەت ئىچكى مېخانىزمىنى بۇزۇپ تاشلاپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلەر-

نىڭ ماھىيەتلىك ئىجادىيەت ئىقتىدارىنىڭ چېكىنىشىنى كەلتۈ-
رۈپ چىقىرىپ، كىشىلەرنى ئالغا ئىنتىلىشنى ئويلىمايدىغان،
تەقسىماتنىڭ تەڭ - باراۋەر بولۇشىنى تىلەيدىغان قىلىپ قويۇپ،
ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىنى،
كىشىلەرنىڭ ئىجادچانلىق كۈچىنىڭ قېتىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ
چىقىرىپ، قاتمال تۈزۈلمىنى مۇستەھكەملەپ، ئەدەبىيات - سەن-
ئەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىدىكى جاھىل توسالغۇغا
ئايلىنىپ قالدى. ئەدەبىيات - سەنئەت كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشقا
ئېغىر توسالغۇ بولدى؛ ھەر دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىدە
ئىشتىن ئادەم كۆپ بولۇش، سەھنىگە چىقىدىغانلار بىلەن چىقـ-
مايدىغانلار ئوخشاش بولۇش، ئىشقا كېلىدىغانلار بىلەن كەلمەيدى-
غانلار ئوخشاش بولۇش، ياخشى ئىشلىگەنلەر بىلەن ياخشى ئىشلى-
مىگەنلەر ئوخشاش بولۇشتەك تولىمۇ نورمالسىز ھادىسىلەر كې-
لىپ چىقتى. نامۇۋاپىق كونا تۈزۈلمىدىكى قاتاللىق، بەزى سەن-
ئەت ئۆمەكلىرى تاماشىبىنلارغا يىللاپ تۈزۈك ئويۇن قويمىسىمۇ،
بىر تىيىن ئىقتىسادىي كىرىم قىلمىسىمۇ ئۆمەك خادىملىرىنىڭ
مائاشى بىلەن مۇكاپات پۇلى ئوخشاشلا تارقىتىلىۋېرىدىغان «ئىش-
لىمەي چىشلەش» تەك تەقسىماتچىلىق ئۇسۇلى سەنئەت ئۆمەكلە-
رىنىڭ رىقابەت، خەۋپ تۇيغۇسىنى، ئىزدىنىش، ئىجاد قىلىش
ھەم ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ
قويدى. سەنئەت تەشكىلاتلىرى ۋە سەنئەتكارلاردا سەھنە، ئېكران،
بازار ھەم خېرىدار تالىشىدىغان جانلىق رىقابەت مۇھىتى ھەقىقىي
تۈردە شەكىللەنمىدى.
يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھازىر بىر مۇنچە سەنئەت
ئۆمەكلىرى، ھەتتا داڭلىق سەنئەت ئۆمەكلىرىمۇ خەلقتىن ئايرى-
لىپ قالدى. بەزى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئويۇننى ھېچكىم
كۆرمەيدىغان ھالەت شەكىللەندى. پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىي
قىلىشى ۋە تاۋار بازىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى، تېلې-

ۋىزىيەنىڭ ئومۇملىشىشى؛ كۆپلىگەن ئائىلىلەردە ئۈنئالغۇ، سىنقويغۇلارنىڭ ئومۇملىشىشقا باشلىغانلىقى؛ جەمئىيەتتە ئاممىۋى خاراكتېرلىك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشى؛ خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپ خىللىشىشى بىلەن ھەرخىل تىپتىكى كىنو، تىياتىرخانىلار ھەر قېتىمدا تاماشىبىنلار بىلەن لىق تولىدىغان ھالەت يوقالدى. نۇرغۇن ئەدەبىيات ـ سەنئەت تۈرلىرىنىڭ تاماشىبىنلىرى كۈنسېرى ئازىيىپ كېتىش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى. بولۇپمۇ، سەنئەت ئۆمەكلىرى ھازىر ئېغىر ۋەزىيەتكە دۇچ كەلمەكتە. ئەمدى مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەسى پۈتكۈل زېھنىنى يىغىپ بازار رىقابىتىگە توغرا تۇرمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى.

## ئالدىنقى بىر مەزگىللىك ئىسلاھاتنىڭ قىسمەن تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى

شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەسىدە ھازىرغا قەدەر ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھات جەريانىدا مەدەنىيەت نازارىتىگە بىۋاستە قاراشلىق سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى تاللاشتا ئاشكارا خېرىدار چاقىرىپ قىسمەن ھۆددىگە بېرىش قاتارلىق ئىسلاھات تەدبىرلىرى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭدا ئىسلاھاتنىڭ ئومۇمىي يېتەكچى ئىدىيەسى توغرا بولۇپ مەلۇم ئۈنۈمگە ئېرىشتى. لېكىن، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئىسلاھاتتا ساقلانغان ئاچقۇچلۇق مەسىلە قاراپ بېقىش پوزىتسىيەسىدە بولۇپ، ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلاشمىغانلىقى، دادىل ئېلىپ بېرىلمىغانلىقى، ئۈزۈل ـ كېسىل بولمىغانلىقىدا؛ بىر تەرەپلىمە ھالدا شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مۇقىملىقى تەكىتلىنىپ، ھازىرقى ھالەتتىن قانائەتلىنىش، ئالدىرىماي ئىش كۆرۈش ئىدىيەسىنىڭ بىرقەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ساقلانغانلىقى، يېڭىلىق يارىتىشتىكى، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش-

تىكى، باتۇرلۇق بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىكى پىكىر يوللىرىنى تۇسۇپ قويىدىغان بېكىنمە ئىدىيە، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان كونىچە كۆز قاراشلار چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىدا؛ سەنئەتچىلەرنىڭ روھىي ھالىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر تەرەپتىن، ئەدەبىيات - سەنئەتنى بازارغا يۈزلەندۈرۈشنى ئاكتىپ ياقىلاش پوزىتسىيەسىدە بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلاردا تاۋار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت زور دولقۇننىڭ زەربىسى ئاستىدا شالىلىنىپ كېتىشتىن ئەنسىرەشتەك روھىي ھالەت ئومۇمىيۈزلۈك ساقلانغانلىقىدا.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش كىشىلەردىن ئىدىيەدە ئازاد بولۇشنى ۋە ئىجادىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەدەنىيەت - سەنئەت خادىملىرىنىڭ جانلىق تەپەككۇرى ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى يول ئېچىش كۈچى خەلق ئاممىسىغا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا بىۋاستە، ئۈنۈملۈك ۋە ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. لېكىن مەدەنىيەت - سەنئەت خادىملىرى يۇقىرىقىدەك روھىي ھالەت تۈپەيلىدىن ئىسلاھاتنىڭ ئېھتىياجى ۋە تەلىپىگە ماسلىشالمايۋاتىدۇ.

ئالدىنقى بىر مەزگىللىك ئىسلاھات ئەمەلىيىتىنى باشتىن كەچۈرگەن مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسى تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلىشىمىز، ئۆزىمىزگە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا سوغۇق قانلىق بىلەن باھا بېرىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ھەققىدىكى چوڭ مۇھاكىمىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بازارغا يۈزلەندۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىق ھالدا نۇقتىئىنەزەرنى ئۆزگەرتىش، مېخانىزمنى يەڭگۈشلەشنىڭ، «داشقازان»، «تۆمۈر تاۋاق»، «تۆمۈر ئورۇندۇق» نى چېقىپ تاشلاشنىڭ، مەدەنىيەت - سەنئەت كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشنىڭ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغاش ۋە جارى قىلدۇرۇشنىڭ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ

تېخىمۇ زور گۈللىنىشىنىڭ بىر قېتىملىق تارىخىي پۇرسىتى دەپ تونۇشىمىز؛ ئىسلاھاتقا بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇ- مىز بىلەن ئەقىل - پاراسىتىمىز ۋە كۈچىمىزنى ئىشقا سېلىپ، ئىدىيەدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، ئۇيلاشقا، ئىشلەشكە، ئىزدىنىشكە، يېڭىلىق يارىتىشقا، دادىللىق بىلەن سىناق قىلىشقا جۈرئەت قى- لىپ، تارىخ بىزگە يۈكلىگەن مەدەنىيەت - سەنئەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش» نى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ نىشاننىڭ تەلە- پىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

## سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۆزگىچە خاس ئىجتىمائىي رولى ۋە بەدىئىي فۇنكسىيەسىنى توغرا تونۇش، جارى قىلدۇرۇش كېرەك

ئەدەبىيات - سەنئەتنى بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندۈرۈشتە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك جىددىي مەسىلە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۆ- زىگە خاس ئىجتىمائىي رولى ۋە بەدىئىي فۇنكسىيەسىنى ئۇبيېك- تىپ، سوغۇق قان ۋە ئەتراپلىق چۈشىنىشتە. يولداش دېڭ شياۋ- پىڭ مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇ- رۇلتىيىدا سۆزلىگەن سۆزىدە: «خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدىكى كۆپ تەرەپلىمە ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا بولسۇن، سوتسىيالىس- تىك يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشتە بولسۇن، پۈتكۈل جەمئى- يەتنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت، ئەخلاق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتە بولسۇن، ئەدەبىيات - سەنئەت باشقا تارماقلار ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.» دەپ ئەدە- بىيات - سەنئەتنىڭ ئۆزگىچە خاس ئىجتىمائىي رولى ۋە بەدىئىي فۇنكسىيەسىگە يۈكسەك باھا بەرگەنىدى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك زوق بېغىشلاش، كۆڭۈل ئېچىش، بىلىش، تەربىيەلەشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي رولى ۋە بەدىئىي فۇنكسىيەسى ئۆزئارا ئورگانىك باغلانغان بولۇپ، بۇلار بىر ـ بىرىنى ئۆزئارا تەقەززا قىلىدۇ ۋە تولۇقلايدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئەدەبىيات ـ سەن-ئەتتە مىسلىسىز گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، «سول» چىللىق بىلەن «ئوڭ» چىللىق، بولۇپمۇ «سول» چىللىق خاھىشى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمىزغا تەسىر يەتكۈزۈپ ۋە توسقۇنلۇق قىلىپ كەلدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ رولى، نىشانى ۋە ئۆلچىمىگە قارىتا بىر تەرەپلىمە چۈشەنچە ھۆكۈم سۈرۈپ كەل-دى. ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىر تەرەپلىمە ھالدا ھەددىدىن ئارتۇق تە-كىتلىنىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە سەل قارالدى؛ ئىگىلىك باشقۇ-رۇش جەريانىدا ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى تەكىتلەش بولسا «ھەممىدە پۇلغا قاراش» دەپ قارالدى.

بىز ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندۈرۈشتە، ئىدىيەدە دادىل ئازاد بولۇشىمىز، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مە-دەنىيەت بازىرىنى بەرپا قىلىشتا ھەم ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تاۋارلىق خۇسۇسىيىتىنى باتۇرلۇق بىلەن ئېتىراپ قىلىپ، بازار كۆز قارىشىنى ئورنىتىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى دادىللىق بىلەن بازارغا كىرگۈزۈپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، بازارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشىغا بولغان تەڭشەش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى بازارغا تېز ئۇيغۇنلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنىمۇ تولۇق نەزەرگە ئېلىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئەدە-

بىيات ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنى ئۆزىنىڭ روشەن بەدىئىي خاس-
لىقىنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ،
ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ بىردەكلىكى پى-
رىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، مەنىۋى مەھسۇلات قىممىتى يۆنىلىشىگە
ئەھمىيەت بېرىپ، ئەڭ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىش بىلەن
بىر ۋاقىتتا، ئەڭ ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىشىمىز لازىم.
ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ بىرلىكىنى ئە-
مەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى سۈپەتلىك بەدىئىي ئەسەرلەر-
نى كۆپلەپ مەيدانغا كەلتۈرۈشتە.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندۈرۈشتىن
مەقسەت مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىش،
خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى
ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تې-
خىمۇ زور گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. ئەدەبى-
يات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش بىزدىن «خەلق ئۈچۈن
خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يۆنى-
لىشىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «بارچە گۈللەر تەكشى
ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىنى
ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. سوتسىيا-
لىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىنىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە مەدە-
نىيەت ـ سەنئەتنىڭ توغرا يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەدەبىيات ـ
سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈپ، مىللىي مەدەنىيەتنى زور
كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشىمىز؛ سەنئەت قانۇنىيىتىگە، سەنئەت-
كارلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز؛ ئىجادىيەت
ئەركىنلىكى ۋە قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈ-
شىمىز؛ يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ نېمىنى يېزىشى، قانداق ئو-
يۇننى قويۇشىنى «خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت
قىلىش» يۆنىلىشى ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە

ئېقىملار بەس ــ بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئالدىنقى شەرت ئاستىدا تولۇق ئەركىنلىككە ۋە قانۇننىڭ كاپالىتىگە ئىگە قىلىشىمىز، ئۇنىڭغا يولسىزلىق بىلەن ئارىلاشىۋالماسلىقىمىز؛ ئەدەبىيات ــ سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئىدىيەسىنى ئازاد قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا ئىتتىپاقلاشقان، دېموكراتىك، دوستانە، تىنچ ــ ئازادە كەيپىيات ۋە مۇھىت يارىتىپ بېرىشىمىز؛ ھەر مىللەت ئەدەبىيات ــ سەنئەتچىلىرىنى قايناق تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مەدھىيەلەيدىغان، بەدىئىي جەزبىلىككە ئىگە مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى تېخىمۇ كۆپ ئىجاد قىلىپ، مەزمۇنى مول، كۆپ قاتلاملىق، خىلمۇخىل سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇشىمىز كېرەك.

## ئەدەبىيات ــ سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مەدەنىيەت بازىرى

مەنىۋى مەھسۇلات ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىيات ــ سەنئەتمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا مۇقەررەر ھالدا بازارغا، رىقابەتكە قاتنىشىدۇ ھەمدە رىقابەت جەريانىدا بازارنىڭ شاللىشىدىن ئۆتۈپ، ۋاقىتنى ئۆتكەن نامۇۋاپىق قۇرۇلمىلىرىنى تەڭشەپ، ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ تەرەققىي قىلىدۇ.

ئەدەبىيات ــ سەنئەتتىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە مەنىۋى مەھسۇلات ئادەتتىكى ماددىي مەھسۇلاتلاردىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. ئەدەبىيات ــ سەنئەت گەرچە تاۋارلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ماھىيىتى تاۋار ئەمەس، ئۇ ئىدېئولوگىيە كاتېگورد-

يەسىگە مەنسۇپ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋار سۈپىتىدە بازارغا يۈزلەندۈرۈلۈشى مەدەنىيەت ساھەسىدە قىممەت قانۇنىيىتىنى قوللىنىش ئارقىلىق مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش باشلانغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىراق مەدەنىيەت بازىرى ئادەتتىكى تاۋار بازىرى ئەمەس. ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت بازىرى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەخلاق سەۋىيەسى ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدا يەتكۈزىدۇ. مەدەنىيەت بازىرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئوخشاش بولمىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرى ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تەسىر، ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي ئۈنۈم پەيدا قىلىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، لېكىن يەنە ئورتاق ئىقتىسادىي قىممەتكە، ئىدىيەۋى، ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە. ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت داۋامىدا، ئۇ، مەدەنىيەت ئىدىيەسى ۋە ئېستېتىك قانۇنىيەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدۇ، ئوبوروت ساھەسىگە كىرىش جەريانىدا يەنە ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدۇ. ئۇ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە جەمئىيەتكە مەدەنىيەت ئۈنۈمى كەلتۈرۈشى لازىم.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسىنى نوقۇل تاۋار دەپ قاراپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ئايرىماستىن قارىقويۇق تاۋارلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، ئاممىۋى مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. بۇ ئىككى خىل مەدەن-

يەتنىڭ بازار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، ئاممىۋى مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت بازار خاراكتېرىنى ئالمى-غان، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت تىجا-رەت خاراكتېرىنى ئالغان، بازارغا يۈزلەنگەن بولىدۇ.

خەلق ئاممىسى كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۇيۇشتۇرغان تۈرلۈك مەشرەپلەر، ئاقىنلار ئېيتىشىشى، چېلى-شىش، ئات بەيگىسى، «قىز قوۋار»، خىلمۇخىل ئەدەبىيات ـ سەن-ئەت شەكىللىرى بىلەن تەركىبلەنگەن سەيلە ـ بايراملار مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت خاراكتېرىنى ئالغان ئىشتىن سىرتقى ئاممىۋى مە-دەنىيەت پائالىيىتى بولۇپ، مەدەنىيەت بازىرىغا يۈزلەندۈرۈلمەيدۇ.

مەدەنىيەت يۇرتى، كۇتۇپخانا، ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى، گۈزەل سەنئەت سارىيى، تارىخ مۇزېيى قاتارلىق ئورۇنلار ئاممىۋى مۇلازى-مەت خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەدە-نىيەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ؛ تۈرلۈك مول مەزمۇنلۇق ئاممىۋى پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ؛ ۋەتەن-پەرۋەرلىك، تارىخ، دۆلەت ئەھۋالى تەربىيەسى ئېلىپ بېرىپ، خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇيۇشۇش كۈچىنى كۈچەيتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئېتىقادىنى چىڭىتىپ، مىللىي غۇرۇر، مىللىي ئىشەنچ، تارىخىي بۇرچ تۇي-غۇسىنى كۈچەيتىپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىن-تىزامچان يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلى-دۇ. بۇ مەنىۋى بايلىقلار بازار ئارقىلىق تەقسىم قىلىنمايدۇ؛ بازار-نىڭ تەڭشەش چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ؛ ئۇنى قىممەت قانۇنى بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. دۆلەت بۇ مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىدۇ.

مىللەتنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋەكىللىك قىلىدى-غان مىللىي مەدەنىيەت گۆھەرلىرى «ئون ئىككى مۇقام»، چاڭچى-لە، شۇنداقلا بالېت، سىمفونىيە قاتارلىق يۇقىرى سۈپەتلىك سەن-

ئەت تۈرلىرى گەرچە تاۋارلاشتۇرۇلۇپ مەدەنىيەت بازىرىغا يۈزلەندۈرۈلسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ قىممىتى رىقابەت مېخانىزمى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئاساس قىلىنمايدۇ. دۆلەت مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئائىت نۇقتىلىق تۈرلەر قاتارىدا ئاسرايدۇ، يۆلەش سىياسىتىنى يولغا قويىدۇ.

تىجارەت خاراكتېرىدىكى زور كۆپچىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرى تاۋار خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، بازار ئارقىلىق ئوبوروت قىلىنىدۇ. بازار رىقابىتى ئارقىلىق تەرەققىي قىلىدۇ.

لېكىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن بازارنىڭ مۇناسىۋىتىدە، خاراكتېرىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈش، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش، ھەم بازارغا يۈزلىنىش، ھەم سەنئەت قانۇنىيىتى بويىچە ئىش كۆرۈش لازىم. ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسىنىلا قارىغۇيۇق بازارغا يۈزلەندۈرۈش، بازار ئىگىلىكى قانۇنىيىتى بويىچە باشقۇرۇش، ئومۇمىيۈزلۈك قويۇۋېتىشنى تەشەببۇس قىلىش توغرا ئەمەس. ئۇ، مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشىدا پۇلغا چوقۇنۇشقا، پايدىنىلا كۆزلەپ، سىياسىي تەسىرى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىلەن كارى بولماسلىققا، ھەتتا بەزىلەرنىڭ مەنىۋى ئەپيۇن ئىشلەپ سېتىپ، خەلق ئاممىسىنى زەھەرلىشىگە ئېلىپ بارىدۇ.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ تاۋارلىق خۇسۇسىيىتى كۈندىن ـ كۈنگە گەۋدىلىك بولىدۇ. مۇشۇنداق شارائىتتا مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرلەشتۈرۈش، كۆپ پۇل تاپقىلى بولسىمۇ ئىدىيەسى ناچار بولسا، ئۇلارنى تاشلاش كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسەتكەندەك: «ئىدىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە تارماقلىرى ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بارلىق پائالىيەتلەرنىڭ

بىردىنبىر مىزانى قىلىشى، ئۇلارغا قاراشلىق كارخانىلارمۇ ئىج-
تىمائىي ئۈنۈمنى ئەڭ ئالىي مىزان قىلىشى لازىم. ئىدىيە، مەدە-
نىيەت ساھەسى ئەڭ ياخشى مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى كۆپلەپ ئىش-
لەپچىقىرىشى لازىم».

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا بازارغا يۈزلەندۈ-
رۈلىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋارلىق خۇ-
سۇسىيىتىنى ئېنىق تونۇپ، بازار ئېڭى، رىقابەت ئېڭىنى تىك-
لەپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بازارغا ماسلاشتۇرۇشىمىز، پائال
شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ، يېڭى ـ يېڭى مەدەنىيەت بازارلىرىنى
ئېچىشىمىز، بەرپا قىلىشىمىز، مەدەنىيەت بازىرىغا رىقابەت مېخا-
نىزمىنى ئەكىرىپ، سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دە-
رىجىدە ئازاد قىلىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈ-
پىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بازارغا يۈزلەنگەن مەنىۋى مەھسۇلاتلار-
نى بازار رىقابىتى ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، بازار رىقابى-
تى ئىچىدە تەرەققىي قىلىدىغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشىمىز
لازىم. مەدەنىيەت بازارلىرىغا نىسبەتەن ھەم پائال قۇرۇش،
راۋاجلاندۇرۇش، ھەم باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. بازار
مېخانىزمىنىڭ مەدەنىيەت بازىرىنى گۈللەندۈرۈشتىكى غايەت زور
پىشاڭلىق رولىنى توغرا تونۇپ، خەلقنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدىغان،
كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىپ، ئالىيجاناب ئىرادىسىنى تەربى-
يەلەپ ۋە چېنىقتۇرىدىغان ھەم ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا
شاد ـ خۇراملىق بېغىشلايدىغان تېخىمۇ كۆپ، مەزمۇنى ساغلام،
پايدىلىق، جانلىق، مول مەزمۇنلۇق، كۆپ خىللاشقان مەنىۋى
مەھسۇلاتلار بىلەن سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بازىرىنى ئىگى-
لەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش لازىم.

شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، مەدەنىيەت با-
زىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى سوتسىيالىستىك مەدە-
نىيەت قۇرۇلۇشىدا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. لېكىن سەللا ئېھتىيات

قىلىنمىسا، باشقۇرۇش، قانۇن ـ تۈزۈم بوشاشتۇرۇپ قويۇلسا، مەدەنىيەت بازارلىرىدا مەنىۋى ئەخلەتلەر پەيدا بولۇپ، ھەتتا بىر مەزگىل يامراپ كېتىپ جەمئىيەتكە نىسبەتەن پاسسىپ، يامان تەسىر پەيدا قىلىشى مۇقەررەر. بىز بۇنىڭغا نىسبەتەن يۇكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولۇپ، بىر تەرەپتىن، تەرتىپكە سېلىشنى تۇتۇپ مەدەنىيەت بازىرىنى پاكلاشتۇرۇشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، گۈللەندۇرۇشنى تۇتۇپ مەدەنىيەت بازىرىنى جانلاندۇرۇشىمىز، بارلىق چىرىك، چاكىنا ئىدىيەلەرنىڭ چىرىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى چەكلەپ، خەلقنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشىمىز، ئىككى قول قاتتىق بولۇشنى، «قويۇۋېتىش بىلەن باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش، پائال يېتەكلەش» نى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەدەنىيەت بازىرىنىڭ سوتسىيالىستىك يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.

## سەنئەت ئۆمەكلىرى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ دەسلەپكى تەسەۋۋۇرى

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندۈرۈش ئۇچۇن ئىدىيەدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، كۆزقاراشنى يېڭىلاش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يېڭى تۈزۈلمىسىنىڭ تەلىپى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە مەدەنىيەت ـ سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ زور گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

مەدەنىيەت ـ سەنئەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى مۇرەككەپ، جاپالىق ۋەزىپە. بىز مەدەنىيەت ـ سەنئەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى رەھبەرلىكى بولغان ھالدا پىلانلىق، قەدەم ـ باسقۇچلۇق ئېلىپ

بىرىشىمىز، ئىسلاھات داۋامىدا دۆلەتنىڭ پىلان، مالىيە، باج،
سودا ـ سانائەت، ئەمگەك ـ كادىرلار خىزمىتى ئورگانلىرىنىڭ
ماسلىشىشى ۋە قوللىشىنى ئاكتىپلىق ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن
قولغا كەلتۈرۈشىمىز، بۇ يىل قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، پائال ۋە
سالماق ھالدا سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭ-
قۇرلاشتۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تۈرلۈك مەدەنىيەت باشقۇ-
رۇش تارماقلىرىنىڭ، جۇملىدىن، ئاممىۋى مەدەنىيەت، كۇتۇپخانا،
كىنو، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن ئىبارەت كارخانا، كەسپىي
ئورۇنلارنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، گوۋۇيۈەن
ماقۇللاپ تارقاتقان «مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ سەنئەت ئۆ-
مەكلىرىنىڭ ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى پىكرى» نى ئەستايىدىل
ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن ئىشەنچ-
لىك ھەم ئۈنۈملۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەل-
لەشتۈرۈشىمىز ھەمدە يېڭى ۋەزىيەتكە ئاساسەن تەكشۈرۈپ تەتقىق
قىلىش ۋە تولۇق دەلىللەش ئاساسىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە
سەنئەت ئۆمەكلىرى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىغا دائىر ھەقىقىي ئى-
شەنچلىك ئومۇمىي تەسەۋۋۇر ۋە لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز
كېرەك.

ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا بار بولغان 89 سەنئەت ئۆمىكىنىڭ
مۇتلەق كۆپچىلىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل
سەنئىتىنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوپېرا، دىراما، يەر-
لىك تىياتىرلارنى ئاساس قىلغان سەنئەت ئۆمەكلىرىمۇ بار. بۇ
سەنئەت ئۆمەكلىرى مەمۇرىي رايونلار بويىچە ئايرىلغان بولۇپ،
ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى ئالتە، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دە-
رىجىلىكى 26، ناھىيە دەرىجىلىكى 57، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت،
ئوبلاست، ناھىيە دەرىجىلىك ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەك ـ
ئەترەتلىرى 134، خەلق باشقۇرغان سەنئەت ئۆمىكى ئاران 7، ئون
نەچچە ناھىيەدە سەنئەت ئۆمىكى يوق.

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كۈتۈپخانا 63، ئاممىۋى مەدەنىيەت ئورۇنلىرى 964، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ـ بازار مەدەنىيەت پونكىتى 746، يېزا ـ بازارلاردىكى قىرائەتخانا 1704، كىنو فىلىم تارقىتىش ئورنى 94، كىنو قويۇش ئورنى 2141، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى 35، مەدەنىيەت ـ سەنئەت تېخنىكومى 3 بولۇپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىدا ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك مەدەنىيەت تورى شەكىللەنگەن بولسىمۇ، مەدەنىيەت ـ سەنئەت خىزمىتى نۆۋەتتە بىر قانچە جەھەتلەردە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە، خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى تەلەپلىرىگە ماسلىشالمايۋاتىدۇ. بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى شۇكى، نومۇر، ئەسەرلەرنىڭ سانى ئاز، سۈپىتى تۆۋەن، مەدەنىيەتكە سېلىنىدىغان مەبلەغ ئاز، تەرەققىيات ئاستا، مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ يېتىلىشى يەنىلا ئانچە مۇكەممەل ئەمەس. قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىمۇ يېتىشىپ ماڭالمايۋاتىدۇ، مەدەنىيەت كەمبەغەللىكى تېخى ھەل بولغىنى يوق. يەنە 10 ناھىيەدە مەدەنىيەت يۇرتى، 32 ناھىيەدە قىرائەتخانا، 8 ناھىيەدە تېخى كىنوخانا سېلىنمىدى. 108 يېزىدا مەدەنىيەت پونكىتى يوق. مەدەنىيەت ئورگانلىرى ئاساسەن مەركەزلەشكەن پىلانلىق ئىگىلىك سىستېمىسى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، باشقۇرۇش قۇرۇلمىسى قاتمال، ھاياتىي كۈچى كەمچىل، شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدە پەرق زور، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا، ئۈنۈم تۆۋەن بولماقتا.

مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدىكى ئۆلچەم ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغاش ۋە جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش ـ بولماسلىقىغا، يېڭى ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەشكە، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى

گۈللەندۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان
مەدەنىيەت تۇرمۇشى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا پايدىلىق ئىكەنلى-
كى ياكى ئەمەسلىكىگە، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەتنىڭ
ئومۇميۈزلۈك ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق ياكى
ئەمەسلىكىگە قاراشتىن ئىبارەت.

مەدەنىيەت - سەنئەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ قىيىن ۋە مۇھىم
نۇقتىسى يەنىلا ھەر دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىدۇر.

بۇ يەردە يەنە شۇنى قايتا تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ھازىر
يۈرگۈزۈلۈۋاتقان سەنئەتنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئازاد رايونلار-
دىكى ئەدەبىيات - سەنئەت تۈزۈلمىسى ئاساسىدا، ئاساسەن سابىق
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆلگىسىدىن پايدىلىنىپ، دۆلىتىمىز قو-
رۇلغاندىن كېيىنكى پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇي-
غۇنلاشتۇرۇلغان ھالدا ئورنىتىلغان بولۇپ، سەنئەت ئۆمەكلىرىدە
يول قويۇلۇۋاتقىنى دۆلەت ھەممىنى بىر تۇتاش ھۆددىگە ئېلىپ
باشقۇرىدىغان تۈزۈلمىدىن ئىبارەت. ئۇ، تارىختا ھەقىقەتەن بىر-
مۇنچە ئىجابىي رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن بىرمۇنچە ئىللەت-
لەرنىمۇ قالدۇرغان. ئارىدىن قىرىق نەچچە يىل ئۆتۈپ دۆلىتىمىز
غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، كونا تۈزۈلمە
بىلەن يېڭى تۈزۈلمە ئالمىشىۋاتقان، ئەدەبىيات - سەنئەت بازار
ئىگىلىكىگە يۈزلەنگەن بۈگۈنكى كۈندە يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈل-
مىگە تۈپتىن ماسلىشالماسلىقتىن ئىبارەت ئىللەتلىرى ئەمدى
ئېنىق كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بىرىنچىدىن، ھەممىنى بىر تۇتاش
ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرغاندا، سەنئەت ئۆمەكلىرىدە كەسىپ ۋە ئى-
گىلىك باشقۇرۇشتا ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجايىنلىق قىلىش ھوقۇ-
قى بولمايدۇ. ھەممىنى يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرۇش تارماقلى-
رىنىڭ تەستىقلىشىغا توغرا كېلىدۇ، راسخوتنى دۆلەت پىلانىغا
ئاساسەن ئايرىپ بېرىدۇ، سەنئەت ئۆمەكلىرى ھېچقانداق خې-
يىم - خەتەرنى ئۈستىگە ئالمايدۇ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ ياخشى

بولۇش ـ بولماسلىقى ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ئاكتىپلىقى كۈنسايىن ئاجىزلىشىپ، «كۈتۈپ تۇرۇش، يۆلىنىۋېلىش، تەلەپ قىلىش» ئىدىيەسى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. ئىككىنچىدىن، تەقسىمات تۈزۈمى جەھەتتىكى ئېغىر تەڭ تەقسىماتچىلىق تۆھپىسى بار سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، ياخشىلار ئۈزۈپ چىقىپ، ناچارلىرى شاللىنىۋېتىلىدىغان رىقابەتنىڭ بولۇشىغا توسالغۇ بولدى. ئۈچىنچىدىن، كادىرلار تۈزۈمى جەھەتتىكى ئارتىسلارنىڭ باقىمەندىلىك تۈزۈمى سەنئەت ئۆمەكلىرىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ كىرىش ـ چىقىش يولىنى توسۇپ قويدى. تۇراقلىق ئىشتات ۋە خىلمۇخىل تۈزۈملەرنىڭ چەكلىمىسى ئاستىدا، قابىل كىشىلەر بىرلىشىشكە ئامال بولمىدى. شاللىۋېتىشكە تېگىشلىكلەر چىقىرىۋېتىلمەي، قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىكلەر كىرەلمەي، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سەنئەت قوشۇنىدىكى خادىملار تەدرىجىي قېرىپ، سۈپەت كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ كەتتى. ئارتۇق خادىملار بارغانسېرى كۆپىيىپ، دۆلەت بەرگەن راسخوتنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئادەم بېقىشقىلا سەرپ قىلىنىپ كەتتى. تۆتىنچىدىن، سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى دېگەندەك مۇۋاپىق ئەمەس. ناھىيە، شەھەرلەر مەركەزلەشكەن رايونلاردا ۋە بەزى شەھەرلەردە سەنئەت ئۆمەكلىرى تەكرار قۇرۇلۇپ كەتكەن؛ يەنە بەزى رايونلار ياكى ناھىيەلەردىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ سەنئەت كۈچى ئاجىز، تاماشىبىنلىرى ئاز، شۇڭا مەۋجۇت بولۇش، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارى ئىنتايىن تۆۋەن، يەرلىك مالىيە ئۇلارنى راسخوت بىلەن قامداشقا ئامالسىز بولغاچقا، ھازىر پۇت دەسسەپ تۇرالىشى قىيىن بولماقتا.

پاكىتلار تولۇق ئىسپاتلىدىكى، ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى بوغۇپ،

سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى چۈشەپ قو-يىدۇ. كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دە-رىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىنى ئىسلاھ قىلمىسا بولمايدىغان دە-رىجىگە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى پارتگۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈپ، ئۇنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، سەنئەت ئۆمەك-لىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئاساسىي نۇقتا قىلىپ، ئىسلاھات-نى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندۈرۈش توغرىسىدا بىر قاتار تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قوي-دى. ئۇ تەسەۋۋۇرلاردا مۇنۇلار بەلگىلەندى:

«مەدەنىيەت ـ سەنئەت تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، نازارەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق سەنئەت ئۆ-مەكلىرىدە ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. ئۆ-مەك باشلىقلىرى ئاشكارا تەكلىپ قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھوقۇقىغا ئېلىش توختام تۈزۈمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ. خادىملار-نىڭ مۇۋاپىق تۈردە ئالمىشىپ تۇرۇشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ. سەھ-نىدە ماھارەت كۆرسىتىش خىزمىتى بىلەن ماسلىشالمىغان ئار-تىسلارغا قارىتا كەسىپنى ئۆزگەرتىش ياكى مۇددەتتىن بۇرۇن دەم ئېلىشقا چىقىرىش سىياسىتى يولغا قويۇلىدۇ. سەنئەت ئۆمەكلە-رىدىكى تەكلىپ قىلىنمىغان ئارتىسلارنىڭ خىزمىتىدىن ئىستې-پا بېرىشىگە، خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلىپ باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ. كەسپىي جەھەتتە مۇئەييەن ما-ھارەتكە ۋە تەسىرگە ئىگە داڭلىق ئارتىسلارنىڭ ئىجادىيەت تەتقى-قاتى بىلەن شۇغۇللىنىش، ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك، مەسلىھەت بې-رىش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلىدۇ.

سەنئەت ئۆمەكلىرىنى بازارغا يۈزلەندۈرۈپ، مۇلازىمەت خاراك-

تېرىدىن تىجارەت خاراكتېرىگە ئۆزگەرتىلىدۇ. شارائىتى يار بەر-گەن سەنئەت ئۆمەكلىرى تىجارەت خاراكتېرىدىكى ئويۇن قويۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنى ئۆزى باقىدىغان ئىگىلىك باشقۇرۇش گەۋدىسىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ. سەنئەت ئۆمەك-لىرىدە كۆپ خىل تۈزۈم يولغا قويۇلۇپ، ئوخشاش بولمىغان شە-كىل، ئوخشاش بولمىغان تۈزۈلمىلىك ئويۇن قويۇش گەۋدىلىرى قۇرۇلىدۇ. ئۆمەكلەر ھۆددىگە ئېلىش، بىرلىشىپ تىجارەت قى-لىش، مۇستەقىل ھېسابات قىلىش ئارقىلىق ئويۇن قويۇپ پۇل تاپسا بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەت سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلى-دىغان سەنئەت ئۆمەكلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش بىلەن بىللە، جاي-لىشىشى مۇۋاپىق بولمىغان سەنئەت ئۆمەكلىرىنى تەڭشەپ، ئە-مەلدىن قالدۇرۇشقا تېگىشلىكلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ، بىر-لەشتۈرۈشكە تېگىشلىكلىرى بىرلەشتۈرۈلىدۇ. مەدەنىيەت-سەنئەت ئىجادىيەت فوندى تەسىس قىلىنىپ، ئىجادىيەتنى باشقۇ-رۇش تۈزۈمى ۋە مۇكاپاتلاش - جازالاش چارىسى يولغا قويۇلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئورۇنلار ۋە ئارتىسلارغا يەنىمۇ ئىلھام بېرىلىدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئويۇن قويۇشنى باشقۇرۇش شىركەتلىرى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، تۈرلۈك ئويۇن قويۇشنى باشقۇرۇش ئورگانلىرى قوشۇمچە قىلىنغان ئويۇن قويۇش بازىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈلۈپ، سودا خاراكتېرىدىكى ئويۇن قو-يۇش پائالىيەتلىرى ئۈيۈشتۇرۇلىدۇ. تۈرلۈك شەكىلدىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلىدۇ.»

بىز مەدەنىيەت - سەنئەت ئىسلاھاتىدا سەنئەت خادىملىرىنىڭ «چىقالايدىغان، كىرەلەيدىغان بولۇش» نى ھەل قىلىشتىن ئىبا-رەت مۇشۇ ئاچقۇچلۇق مەسىلىدە بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، ئەڭ ياخشى لايىھە تېپىپ چىقىشىمىز لازىم. ئارتۇق خادىملارنى كۆپ

خىل يوللار بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ، كەسىپ ئالماشتۇرغان خا-
دىملار ۋە مۇددەتتىن بۇرۇن دەم ئېلىشقا چىققان خادىملارنىڭ تې-
گىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. سەنئەت تەشكىلات-
لىرىنى رىقابەتلىشىشكە ئىلھاملاندۇرۇش، ياخشىلىرىنى ساقلاپ
قېلىپ، ناچارلىرىنى شاللىۋېتىپ، تالانتلىق كىشىلەرنىڭ ۋە
ياخشى سەنئەت نومۇرلىرىنىڭ، ياخشى ئىجتىمائىي ھەم ئىقتىسا-
دىي ئۈنۈمنىڭ بارلىققا كېلىشىگە پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن، سەن-
ئەت تەشكىلاتلىرىنى تۈزۈلمە تەۋەلىكى بويىچە دەرىجىگە ئايرىش-
تەك دەرىجە باقمىندىلىك تۈزۈمىنى پەيدىنپەي بۇزۇپ تاشلىشى-
مىز لازىم. مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئورۇنلىرى مەمۇرىيەت بىلەن
كەسىپنى ئايرىۋېتىش پىرىنسىپىغا ئاساسەن، تۈزۈلمىنى ئىسلاھ
قىلىپ، مېخانىزمنى ئۆزگەرتىپ، دۆلەت باشقۇرغان مەدەنىيەتنى
ئاساس قىلىپ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەر مەدەنىيەت
ئىشلىرى بىلەن بىرلىكتە شۇغۇللىنىش يېڭى تۈزۈلمىسىنى شە-
كىللەندۈرۈپ، مەدەنىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەھەتتىكى كۆپ
خىل ئەندىزە ئۈستىدە پائال ئىزدىنىشىمىز؛ مەدەنىيەت ـ سەنئەت
ئورۇنلىرى قانداق قىلىپ مۇلازىمەتنى كېڭەيتىشكە تايىنىپ ئۆ-
زىمىزنىڭ تەرەققىيات مەبلىغىمىزنى توپلاشنى تەتقىق قىلىشى-
مىز؛ دۆلەت ئىچىدىكى مەدەنىيەت بازارلىرىنى پائال راۋاجلاندۇ-
رۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلقئارا سەنئەت بازارلىرىنى ئېچىپ ۋە
كېڭەيتىپ، سەنئەت تەشكىلاتلىرىنىڭ قانۇنىي ھالدا چەت ئەللەر-
گە چىقىپ ھەقلىق ۋە سودا خاراكتېرلىك ئويۇن قويۇشىنى
قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىمىز لازىم.

بىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى توغرىسىدىكى چوڭ مۇ-
ھاكىمىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، «سول» چىللىقنىڭ ئاسرىتى-
نى تۈگىتىپ، ئىدىيەدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇ-
لۇشتىن ئىبارەت مەركەزگە يەنىمۇ بويسۇنۇپ، ئىسلاھات، ئېچى-
ۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىگە
لايىقلىشىپ، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى يېڭى سەۋىيەگە

كۆتۈرۈپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى دادىل بازارغا يۈزلەندۈرۈشىمىز؛ مەدەنىيەت ـ سەنئەت سىستېمىسىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى پىلانلىق، قەدەم ـ باسقۇچلۇق ئېلىپ بېرىشىمىز؛ بۇ جەرياندا «سول» چىل تەپەككۇر ئۇسۇلىنى، مۇقىملىقنى تەكىتلەپ، قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىشتىن قورقۇش روھىي ھالىتىنى تەلتۆكۈس چۆرۈپ تاشلىشىمىز؛ ئىسلاھات داۋامىدا ھەم ئىدىيەۋى بوپىنى تاشلاپ، ئويلاشقا، ئىشلەشكە جۈرئەتلىك بولۇشىمىز، ھەم ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىشىمىز، ھەم ئاكتىپ، تەشەببۇسكار، ھەم سوغۇققان بولۇشىمىز؛ باشقىلارنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىشقا، ھەم ئۆز يېرىمىزنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەشكە ماھىر بولۇشىمىز؛ لايىھە تۈزۈشتە ھەم ئاكتىپ بولۇپ، يېڭىلىق يارىتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يۈزلىنىشىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشىمىز، ھەم سالماق بولۇپ توغرا دەپ قارىغاننى دادىل ئىشلىشىمىز؛ دەماللىققا كۆز يەتمىگەن، سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ بولغانلىرىنى پائال سىناق قىلىشىمىز؛ ئىسلاھات لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىشتا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە، تۆۋەندىن يۇقىرىغا قايتا ـ قايتا مۇزاكىرە قىلىشىمىز؛ ھەرمىللەت مەدەنىيەت ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ مەنپەئەتى، ئارزۇسىنى گەۋدىلەندۈرۈشىمىز؛ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ھەرقايسى تەرەپلەردىن كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىش ئاساسىدا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىسلاھات لايىھەسىنى ئىجابىي يولغا قويغىلى بولىدىغان قىلىشىمىز كېرەك. يولىمىز توغرا، ئۇسۇلىمىز مۇۋاپىق، تەدبىرىمىز كۈچلۈك بولسىمۇ مەدەنىيەت خىزمىتىدە پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 14 ـ قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا دائىر ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۈچ ۋەزىپىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىيالايمىز.

# غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا مەدەنىيەتتە نېمە قىلىش كېرەك؟

ئېلىمىز ھەر مىللەت خەلقى ئەسىر ھالقىيدىغان، شۇنداقلا يېڭى مىڭ يىلغا كىرىدىغان تارىخىي بۇرۇلۇش پەيتىدە تۇرۇۋاتقان چاغدا، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەربتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنىشى ئۈچۈن چىقارغان كۈرەش سىگنالى.

غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات بىلەن ماس ھالدا ئومۇميۈزلۈك سىجىل ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. غەربنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئېچىلىشى، زور كۆلەملىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشلارنىڭ باشلىنىشى مۇقەررەر ھالدا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دولقۇنىنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. غەربنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئېچىلىشى مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. غەربنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئېچىلىشى بىرىنچىدىن، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى پۇختا ماددىي ئاساسقا ئىگە قىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، غەربىي رايوندىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەر، يېڭى قىياپەتلەر، يېڭى مەنزىرىلەر مەدەنىيەت — سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئىجادىيىتىنى يېڭى تېما، يېڭى ۋەقەلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، غەربنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئېچىلىشى مەملىكىتىمىزنىڭ ھەتتا چەت ئەللەرنىڭ مۇنەۋۋەر سەنئەتكارلىرىنى جەلپ قىلىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تالانتىنى جارى قىلدۇرىدىغان يېڭى زېمىنگە ئىگە بولىدۇ:

تۆتىنچىدىن، غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جەريانىدا، مەدەنىيەت-تىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش، كەڭ ئالماشتۇرۇش شەكىللىنىپ، غەربىي رايون مەدەنىيىتى پۈتۈن مەملىكەتكە ھەتتا دۇنياغا يۈزلىنىدۇ. نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، مەملىكەتتىكى مىللەتلەرنىڭ، دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت نەمۇنىلىرىدىن ئوزۇق ئېلىپ، ئۆزىنى تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا بىز تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، «غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش باشلاندى، بىز مەدەنىيەت جەھەتتە نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟» دېگەن مەسىلىنى چۆرىدەپ مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى، نىشانى، ئاساسىي ۋەزىپىسى، سىياسەت ـ تەدبىرى ئۈستىدە يېڭى پىكىر، يېڭى تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ يېڭى تەرەققىيات دولقۇنىنى كۈتۈۋېلىشىمىز لازىم.

مېنىڭچە، غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جەريانىدا مەدەنىيەت خىزمىتىدە دۇچ كېلىدىغان تۆۋەندىكى بىر قانچە مەسىلىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم:

بىرىنچى، يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكى بىردەكلىك بىلەن سەنئەت ۋە ئىلىم ـ پەندىكى كۆپ خىللىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. بىزنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى.

بۇ بىزنىڭ ئوبرازىمىز، نىشانىمىز ۋە جان تومۇرىمىز. يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە جەزمەن بىردەك بولۇش لازىم. يېتەكچى ئىدىيەدە كۆپ خىللىشىشقا، كۆپ قۇتۇپقا بۆلۈنۈشكە بولمايدۇ. لېكىن سەنئەت ۋە ئىلىم ـ پەندە چوقۇم بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىشى، خىلمۇ خىل، باي رەڭدار بولۇشى، ھەر خىل شەكىل، ھەر خىل ژانىر، ھەر خىل ئۇسلۇب، ھەر خىل تېمىدىكى ئەسەرلەرنىڭ تەڭ تەرەققىي قىلىشى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەل-

قىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتى تەڭ تەرەققىي قىلىشى، ئورتاق
گۈللىنىشى، يالغۇز ناخشا ـ ئۇسسۇل بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي،
باللار كارتون فىلىمى قاتارلىق ئاپتونوم رايونىمىزدا بولمىغان
سەنئەت شەكىللىرىنى تەكلىپ قىلىش، يۆتكەپ كېلىش، ئۆزلەش ـ
تۇرۇپ ئىشلەش ئۇسۇلى بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز؛ بالېت،
سىمفونىيە قاتارلىق سەنئەت تۈرلىرىنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر ـ
مىللەت ئاممىسىنى ئېسىل ئەسەرلەردىنمۇ، ئاممىباب ئەسەرلەر ـ
دىنمۇ تەڭ ھوزۇرلىنىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈشىمىز
لازىم. بىز سەنئەت ئەسەرلىرىمىزدە ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتى ـ
ۋىزملىق، سوتسىيالىزم روھىنى تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنى
توغرا دۇنيا قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارى ـ
شى تىكلەشكە يېتەكلەش بىلەن بىللە چىن، پاك، گۈزەللىكنى
قوغلىشىشقا، ساختىلىق، رەزىللىك، سەتچىلىكنى توسۇشقا، ھالال
ئەمگەك بىلەن گۈزەل تۇرمۇش قۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشىمىز
لازىم.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئورۇنلىرىنىڭ يې ـ
تەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىللە يەككە،
خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئورۇنلىرىنىڭمۇ
رولىنى قانۇنىي ئاساستا تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ خىل ئى ـ
گىلىك تەڭ تەرەققىي قىلغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈپ، مەدە ـ
نىيەت ـ سەنئەت تەرەققىياتى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىش لازىم.
ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنى ـ
يىتىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت مەدە ـ
نىيەت ـ سەنئەت خادىملىرى ئۆزئارا ئۆگىنىش، يېقىندىن ياردەم
قىلىش، بىرلىكتە ئالغا بېسىش، ئورتاق گۈللىنىشنى ھەقىقىي
ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم.

ئىككىنچى، ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى (قاتتىق دېتال) بىلەن
نادىر ئەسەرلەر (يۇمشاق دېتال) يارىتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا

بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش غەربىي كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ جۇرۇڭجى زۇڭلىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن بىر تۈركۈم نۇقتىلىق مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشلىرى باشلاندى. يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئاساسىي قۇرۇلۇشىدىمۇ زور ياخشىلىنىش بولدى. بۇ، مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ ئۇرۇمچىنى نۇقتا قىلغان ھالدا بىر قەدەر زامانىۋىلاشقان ئامىمىۋى مەدەنىيەت سارىيى، گۈزەل سەنئەت سارىيى، مۇقام تەتقىقات مەركىزى، شەھەرلىك كۇتۇپخانا قاتارلىق ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. بولۇپمۇ، مۇئاۋىن زۇڭلى لى لەنچىڭ «مەدەنىيەتنىڭمۇ ئۆزىنىڭ بازىسى، خىزمەت تورى، ئۇسۇلى بولۇشى كېرەك» دەپ كۆرسەتكىنىدەك، «10 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە «ناھىيەلەردە قىرائەتخانا، مەدەنىيەت يۇرتى بولۇش، يېزىلاردا مەدەنىيەت پونكىتى، كەنتلەردە مەدەنىيەت ئۆيى بولۇش» نىشانىنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم.

غەربىي كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا مەدەنىيەت خىزمىتىگە بولغان ئاساسىي تەلەپ يەنىلا نادىر ئەسەرلەرنى، مۇنەۋۋەر سەنئەتكارلارنى كۆپلەپ مەيدانغا چىقىرىپ مەدەنىيەت ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇڭا مەدەنىيەت ـ سەنئەت تارماقلىرى ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى پىلانىنى تۈزۈپ، ئۇنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈشنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىللە، خىزمەتنىڭ ئاساسىي نۇقتىسىنى، ئاساسىي تېمىسىنى مەدەنىيەت ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشكە قارىتىپ، نادىر ئەسەر يارىتىش ئىستراتېگىيەسىنى، «روھىي ئىنژېنېر تەربىيەلەش ئىستراتېگىيەسى» نى يولغا قويۇپ نەتىجە ھاسىل قىلىش

لازىم. بۇ، غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جەريانىدا مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمىتىنىڭ نەتىجىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگە. بۇنىڭدا «بەش بىر قۇرۇلۇش مۇكاپاتى»، «تەڭرىتاغ لوڭقىسى نادىر سەنئەت مۇكاپاتى» نى چۆرىدىگەن ھالدا، ئىجادىيەتنى چىڭ تۇتۇپ، نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىش، سەنئەت ئىنستىتۇتىنى نۇقتا قىلغان ھالدا، سەنئەت مائارىپىنى چىڭ تۇتۇپ، تالانت ئىگىلىرىنى كۆپ خىل يول بىلەن تەربىيەلەش لازىم. ھەر ئىككى ئاساسىي قۇرۇلۇشتا ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان بولۇشى لازىم.

ئۈچىنچى، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا ئەگىشىپ، ئىشىكنى سىرتقا يەنىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتى شەكىللىنىدۇ. مەدەنىيەتتىمۇ بېكىنمىچىلىك ھالەتلەر بۇزۇپ تاشلىنىپ، كەڭ ئالماشتۇرۇش، چوڭ بىرىكىش ئارقىلىق مەدەنىيەت - سەنئەت جەھەتتىكى زور گۈللىنىش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. بۇ جەرياندا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىش، قوبۇل قىلىش بىلەن سىڭدۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەردە خىلمۇخىل زىددىيەت، توقۇنۇشلار پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر بولۇشىمىز لازىم. مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا چوقۇم ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى كەڭ جارى قىلدۇرۇش كېرەك. مەدەنىي مىراس مىللىي روھ، مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ نامايەندىسى، مىللىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى ئاشۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت يارىتىشنىڭ زۆرۈر شەرتى. مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە. ئۇ ئىنسانلارنىڭ تارىخىي ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، مەزمۇنىدىن تارتىپ شەكلىگىچە بەلگىلىك چەكلىمىلىككە ئىگە.

شۇڭا مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت دەۋر بىلەن بىللە تەرەققىي قىلىش، دەۋر روھىنى گەۋدىلەندۈرۈپ يېڭىلىنىپ تۇرۇشى لازىم. يېڭىلىق يارىتىش مەدەنىيەت - سەنئەتنىڭ ھاياتىي كۈچى. تەرەققىيات ھامان قاتتىق تەلەپ. مەدەنىيەت - سەنئەت دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يېڭىلىنىپ بېرىشى لازىم. بۇ خەلقنىڭ تەلىپى، دەۋرنىڭ ئېھتىياجى. ئىشىك سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىلگەن، ئىنسانىيەت بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە ھەر قانداق مىللەتنىڭ مەدەنىيەت - سەنئىتى بېكىنمە ھالەتتە تۇرۇپ تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىپ، چەت ئەللەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت نەتىجىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئەينەك قىلىپ، ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە سىڭدۈرۈپ، دەۋر روھى كۈچلۈك، مىللىي ئالاھىدىلىكى روشەن، يەرلىك پۇراق جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان سەنئەت ئەسەرلىرىنى يارىتىپ، «قەدىمكى يىپەك يولى» مەدەنىيىتىنى، «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» مەدەنىيىتىنى قايتا نۇرلاندۇرۇش بىز بېسىپ ئۆتىدىغان مۇقەررەر يول ۋە مەدەنىيەت - سەنئەت تەرەققىياتىدىكى بىر ھەقىقەت.

ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسى تارىخىي مەدەنىيەت خاراكتېرىنى ئالغانلىقى ئۈچۈن، تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىشىمىز، دەۋر تەرەققىياتى ۋە دەۋر رىتىمىگە توغرا كەلمەيدىغان شەكىل، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، ھۆزۈرلىنىش ئادەتلىرىنى دادىل ئىسلاھ قىلىشىمىز لازىم. باشقا مىللەتلەر ۋە چەت ئەللەرنىڭ مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىپ، بېكىنمىچىلىك ئىدىيەسىنى تۈگىتىپ، ھەر خىل چەكلىمىلەرنىڭ ئاسارىتىنى بۇزۇپ تاشلىشىمىز لازىم. ئۆزئارا ئۆگىنىش، قوبۇل قىلىش، سىڭىپ كىرىش جەريانىدا بىرىكمە مەدەنىيەت ھادىسىلىرى مەيدانغا كېلىشى، ھەتتا باشقا مىللەت مەدەنىيەت - سەنئەت شە-

كىللىرىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈشى مۇمكىن. بۇ ساقلانغىلى بولمايدىغان ھادىسە، بىز قەدىمكىنى بۇگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، باشقا مىللەتلەر ۋە دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئەينەن قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىمىز ئىچىگە سىڭدۇرۇپ تاۋلاپ يېڭىلىق يارىتالىساق، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت ـ سەنئىتىمىز زامانىۋىلىشىشقا، دۇنياغا، كېلەچەككە يۈزلىنىپ داۋاملىق گۈللەپ ياشنىيالايدۇ.

تۆتىنچى، مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ئۈنۈملۈك قوغداش بىلەن مۇۋاپىق پايدىلىنىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

ئېلىمىز 5 مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە. غەربىي رايون جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، مەزمۇنى ئىنتايىن باي ۋە رەڭدار. 4 مىڭدىن ئارتۇق ئورۇندا قەدىمكى ئاسارئەتىقىلەر بار. دۇنياغا مەشھۇر تام رەسىملىرى، «ئون ئىككى مۇقام»، دارۋاز ئويۇنلىرى، ئاجايىپ نەپىس قول سەنئەت ھۈنەرلىرى ھېلىمۇ يېڭى باھارىنى جەۋلان قىلدۇرماقتا.

غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جەريانىدا يېڭى ـ يېڭى ئاسارئەتىقە ئورۇنلىرى، مەدەنىيەت خەزىنىلىرى ئېچىلىشى مۇمكىن. قەدىمكى مىراسلىرىمىزنى چوقۇم قانۇن بويىچە قوغداش ۋە ئاسراش لازىم. ئازغىنە ئىقتىسادىي پايدىنى كۆزلەپ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت مىراسلىرىنى نابۇت قىلىشقا بولمايدۇ، تارىخىي ساۋاقلارنى يەكۈنلەش لازىم.

مەدەنىيەتكە مەسئۇل ھەر دەرىجىلىك تارماقلار ئاسارئەتىقە ئورۇنلىرىنى ياخشى باشقۇرۇشى، ئىلمىي تەتقىقات سالمىقىنى كۆچەيتىشى، قەشقەر، جىمسار قاتارلىق قەدىمكى مەدەنىيەت شەھەر-

لىرىنىڭ قوغدىلىش دائىرىسىنى تېزدىن بېكىتىپ قانۇنلاشتۇرۇشى، مەكىت، مارالبېشى، يەكەن قاتارلىق ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى بولغان جايلارنى ئالاھىدە مەدەنىيەت رايونى قىلىپ بېكىتىپ ئېلان قىلىشى ۋە ياخشى قوغدىشى، خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ سەنئەت ئارخىپىنى تۇرغۇزۇپ، مۇناسىپ نام بېرىپ ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىشى لازىم.

بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، بىر قىسىم ئاسارئەتىقىلەر، قەدىمكى مەدەنىيەت مىراسلىرى بازار ئارقىلىق ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئاسارئەتىقىلەر، مەدەنىيەت مىراسلىرى بازىرى شەكىللىنىدۇ. بۇ خىل بازارلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش بىلەن بەلگىلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش لازىم. ئاسارئەتىقە ئورۇنلىرى ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن پايدىلىنىپ، مەدەنىيەت ساياھەتچىلىكىنى يولغا قويۇپ ساياھەتچىلىكنىڭ مەزمۇنىنى ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى كۆپەيتىش، مەدەنىيەت - ساياھەت بۇيۇملىرىنى كۆپەيتىش، مەدەنىيەت ساياھەت بۇيۇملىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، ھەر خىل سەنئەت كۆرگەزمىلىرىنى ئېچىش ئۇسۇلى ئارقىلىق مەدەنىيەت ساياھەتچىلىكىنى ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇش لازىم.

بەشىنچى، بازار ئارقىلىق تەڭشەش بىلەن ماكرو جەھەتتە يېتەكلەشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى مەدەنىيەت بازىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ رىقابەت ئېڭى، ئۈنۈم كۆزقارىشى ئۆستى، مەدەنىيەت - سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازار ئارقىلىق تەقسىم قىلىنىشى مەدەنىيەت - سەنئەت مەھسۇلاتلىرىغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويدى، خەلقنىڭ تاللاش دائىرىسى كېڭەيدى، مۇشۇ بىر قانچە يىل

ئىچىدىلا ئۇيغۇر تىلىدا 100 دىن ئارتۇق رومان نەشر قىلىندى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى، مۇقام سەنئىتى مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا يۈزلەندى، بۇ مىسلىسىز زور تەرەققىيات. ئېلىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتى، دۇنيانىڭ ئېسىل مەدەنىيەت نەمۇنىلىرى مەدەنىيەت بازىرىدا يېتەكچى ئو-رۇندا تۇرماقتا. لېكىن ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەدەنىيەت بازىرىدا سېرىق نەرسىلەر، شەھۋانىيلىق، ئەخلاقسىزلىق تەرغىب قىلىنغان نەرسىلەر يامراپ، خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ئىدى-يەسىنى زەھەرلەپ، جەمئىيەت ئەخلاقىنى بۇزۇپ، ئېغىر مەنىۋى بۇلغىنىش پەيدا قىلماقتا.

مەدەنىيەت ـ سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازارغا كىرىشى، بازار ئارقىلىق تەقسىم قىلىنىشى مۇقەررەر يۈزلىنىش، مەدەنىيەت با-زىرىغا نىسبەتەن «بىر قولدا گۈللەندۈرۈشنى، بىر قولدا باشقۇ-رۇشنى چىڭ تۇتۇش» فاڭجېنىنى قوللىنىش لازىم. مەدەنىيەتكە مەسئۇل تارماقلار مەدەنىيەت بازىرىغا نىسبەتەن ماكرو جەھەتتىن تەڭشەش ـ يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەدەنىيەت باز-رىنى داۋاملىق كېڭەيتىش، ئۇن ـ سىن بازىرى بىلەنلا چەكلەن-مەي، ئويۇن قويۇش، گۈزەل سەنئەت يەرمەنكىسى، كىنو ـ تېلې-ۋىزىيە ئىشلەش ۋە تارقىتىش مەركىزى، كۆڭۈل ئېچىش ئورۇن-لىرى، ھەر خىل سەنئەت كۇرسلىرى قاتارلىق شەكىللەر بىلەن بازارنى كېڭەيتىپ، ئاۋاتلاشتۇرۇپ، مەدەنىيەتنى 3 ـ كەسىپ قا-تارىدا تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مېڭىپ، شەھەر ئىچىدىكى مەدەنىيەت بازىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، سانىنى قوغلاشماي، سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، ھەر خىل رىقابەت مېخانىزمىنى يولغا قويۇپ، ئېسىل ئەسەرلەرنىڭ مەدەنىيەت بازىرىنى ئىگىلەش نىسبىتىنى ئاشۇ-رۇش؛ مەدەنىيەت بازىرىدىكى مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ خاراك-تېرى، ئورنى، رولىغا قاراپ ئوخشىمىغان سىياسەت ۋە تەدبىرلەر-نى بەلگىلەپ، ئىستېمالچىلارنى ساغلام كۆڭۈل ئېچىشقا يېتەكلەش

لازىم. مەدەنىيەت بازىرى ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى ۋاقتىدا تو-زۇپ چىقىپ ئېلېكتىرونلۇق ئويۇن، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى-نىڭ ئومۇمىي كۆلىمىنى ئازايتىش، باج مىقدارىنى كۆپەيتىش، ئېسىل ئەسەرلەرنى ئىقتىسادىي جەھەتتە يۆلەپ، كۈچنى مەركەز-لەشتۈرۈپ ئۆزىمىزنىڭ ۋە چەت ئەلنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى كۆپەيتىش قاتارلىق سىياسەتلەر ئارقىلىق نادىر ئەسەرلەرنىڭ مە-دەنىيەت بازىرىدىكى يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. بولۇپمۇ يېزا - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت بازىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتە ئالدى بىلەن يېتەكچى ئىدىيەنى ھەل قىلىپ، مەدەنىيەت بازىرىدا ھەر خىل مە-نىۋى بۇلغىنىشلارغا يول قويماسلىق لازىم. ناشايان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش ھەمدە 3 تە ھەمراھ بولۇشنى ھەرگىزمۇ ھايات يولى ئىزدىگەنلىك دەپ قانۇنلاشتۇرۇشقا، قوللاشقا بولمايدۇ. ئەكسىچە ئۇنى بارلىق بالايىئاپەتنىڭ مەنبەسى، دەپ قاراپ، قاتتىق زەربە بېرىش لازىم. قانۇنسىز، سېرىق نەرسىلەرگە زەربە بېرىش كۈرە-شىنى بوشاشماي ئېلىپ بېرىش لازىم. مەدەنىيەت بازارلىرىدىكى مەنىۋى بۇلغىنىشنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرىنى پەقەت غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى، دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئۇ نەچچە مىڭ يىللىق فېئودالىزم تەسىرى، كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى قاتارلىق ئامىللار بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا سىياسەت بەلگىلەش، ئىقتىسادىي جەھەتتە جەرىمانە قويۇش، باج ئارقىلىق تەڭشەش - تەربىيەلەش، بولۇپمۇ قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش قا-تارلىق ھەر تەرەپلىمە تۈزەش، پۈتۈن جەمئىيەتنى ھەرىكەتكە سې-لىش ئارقىلىق مەدەنىيەت بازىرىنىڭ ساغلام، تەرتىپلىك راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا ئەگىشىپ، مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈش جەريانىدا مەدەنىيەت -

سەنئەتنىڭ پۈتۈن مىللەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئورنى ۋە
رولى، ئاممىۋى ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن كەسپىي سەنئەتنىڭ
مۇناسىۋىتى، مەدەنىيەت بازىرىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن باشقۇرۇش-
نىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق يەنە نۇرغۇن جەھەتتە ياخشى ھەل قى-
لىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگىنىشنى كۈ-
چەيتىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە سەنئەت
قانۇنىيىتى ۋە بازار قانۇنىيىتى بويىچە روھنى ئۇرغۇتۇپ، ئەمە-
لىي ئىشلىسەك، غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش دولقۇنىدا شىن-
جاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتىدە چوقۇم
يېڭى ۋەزىيەت ياراتقىلى بولىدۇ.

# سەلتەنەتلىك تارىخىي داستان

خوتەن ئۆلكىسى تاۋيۇەن ناھىيەسى پىڭشۇ ئۇيغۇر،
خۇيزۇ يېزىسىغا زىيارەت

2004 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى بىلەن تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى بىرلىكتە بىر تۈركۈم مەسلىھەتچىلەر ۋە تەتقىقات خادىملىرىنى تەشكىللەپ، خوتەنگە ئۆگىنىش ۋە تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىشقا ئەۋەتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىز تاۋيۈەن ناھىيەسى پىڭشۇ ئۇيغۇر، خۇيزۇ يېزىسىغا زىيارەتكە بېرىپ، شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋاللىرى ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلاشقا، ئۇيغۇر قېرىنداشلار باشقۇرغان كالا فېرمىسى، توخۇ فېرمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا، تاۋيۈەن ناھىيەسى قۇرماقچى بولغان «جۇڭگو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىككىنچى ئانا يۇرتىدىكى مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت باغچىسى» قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇق. ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈش، ئۆگىنىش ئارقىلىق، بىز شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى، تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخى سەلتەنەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تارىخى، چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ئىنتايىن جانلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەكتىپى ئىكەن. بىز كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان تارىخىي، رېئال پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن تولىمۇ يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان. ئۇيغۇر خەلقى ۋەتىنىمىز ئائىلىسىدىكى باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، دوستلۇق ـ ھەمكارلىق ئورنىتىپ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ،

بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە تىرىشىپ كۆرەش قىلىپ، ئورتاق گۈللىنىش ۋە راۋاجلىنىش تارىخىنى ياراتقان.

خۇنەن ئۆلكىسىدىكى تاۋيۈەن ناھىيەسى جۇڭگو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىككىنچى ئانا يۇرتى. خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تاۋيۈەن ناھىيەسىگە كېلىپ ماكانلىشىشى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلانغان، ھازىر 600 يىلدىن ئاشتى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىدىن بولغان قالى بارىسىنىڭ جيەن (剪) دېگەن فامىلىسىنىمۇ مىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جۇ يۈەنجاڭ قويغان، جيەن سۆزى «ئۆتكۈر»، «ئىتتىك» دېگەن مەنىدە بولۇپ، مىڭ دەۋرىدىن باشلاپ خۇنەن تاۋ يۈەن ئۇيغۇرلىرى جيەن (剪) فامىلىسىنى ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر ئالىمى جيەن بوزەن ئەنە شۇ خۇنەن تاۋ يۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەۋلادى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋە پۈتۈن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلانى.

پېڭشۇ ئۇيغۇر ۋە خۇيزۇلار يېزىسى خۇنەن ئۆلكىسى تاۋيۈەن ناھىيەسىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان، ناھىيە بىلەن ئارىلىقى 14 كىلومېتىر كېلىدۇ. پۈتۈن يېزىدا 30 مىڭ 411 نوپۇس بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى 8703 بولۇپ، ئۇيغۇرلار بىلەن خۇيزۇلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. «جۇڭگو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىككىنچى يۇرتى» دەپ ئاتالغان تاۋيۈەن ناھىيەسىنىڭ ئۆزىدە 10 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشايدۇ. بۇ يەرگە سەيپىدىن ئەزىزى، ئىسمايىل ئەھمەد، تۆمۈر داۋامەت، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى، قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى زىيارەتكە كەلگەن. ھازىر بۇ يەردە مىللىي مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەت تۈسىنى ئالغان ساياھەت ئورۇنلىرى بارلىققا كەلگەن. بۇ يەردە يەنە كالا گۆشى، ئۆچكە گۆشى، ئۆردەك گۆشى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى، توقۇمىچىلىق كارخانىسى، ئەسكى ـ تۈس-

كىلەرنى يىغىۋېلىش، قايتا ئىشلەش كارخانىسى بار بولۇپ، بۇ كارخانىلارنىڭ يىللىق كىرىمى 120 مىليون يۈەندىن ئاشقان. يېزا بويىچە 230 نەچچە ئائىلە دېھقانچىلىقتىن باشقا، ئۆي قۇش-لىرىنى بېقىش بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، 150 نەچچە ئائىلە بېلىق بېقىش بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. بۇ يەرنىڭ مىللىي مائارىپىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشىپتۇ، ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرىنىڭ نۇرغۇن بالىلىرى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا كىرىپتۇ. بۇ يەرنىڭ ساياھەتچىلىكىمۇ خېلى تەرەققىي قىلغان. نۆۋەتتە ئۇلار «قالى باشى مەقبەرەسى»، «ساداقەتمەنلەر سارىيى»، «جامە» (600 يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ مەسچىت خۇنەن ئۆلكىسى بويىچە ئەڭ قەدىمىي مەسچىت، تارىخى ئۇزاق مىللىي قۇرۇلۇش دەپ ئەنگە ئېلىنغان) قاتارلىق يادىكارلىقلارنى قايتا رې-مونت قىلىشنى، ئات بەيگىسى مەيدانى، بۇقا سوقۇشتۇرۇش مەيدا-نى، مۇزېي، مېھمانخانا، جيەن بوزەننىڭ قەدىمىي جايى قاتارلىق يېڭى ساياھەت ئورۇنلىرىنى قۇرۇشنى، كالىچىلىق فېرمىسىنى كېڭەيتىشنى، «جەنۇبىي قۇمۇل» ماركىلىق كالا، قوي گۆشى يې-مەكلىكلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسىنىڭ كۆلىمىنى تېخىمۇ زورايتىشنى پىلانلاپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تىل - يېزىقى-نى ئۇنتۇغان بولسىمۇ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قالغان، خەلق ئاممىسى يەنىلا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، كالا، ئۆچكە گۆشلىرىنى ھازىرمۇ ئاخۇنۇمغا سويدۇرۇپ يەيدۇ. بۇ-گۈنكى كۈندە، مىڭ دەۋرىدىن باشلاپ چاڭدى، تاۋيۈەن ناھىيەلى-رىگە ئورۇنلىشىپ، ماكانلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى شۇ جايدىكى باشقا مىللەت خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە خاتىرجەم، خۇشال - خۇرام تىرىكچىلىك قىلىپ، ئۆز يۇرتىنى بىرلىكتە گۈللەندۇرۇش يولىدا تىرىشىپ ئىشلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلى-قىنىڭ، ئورتاق تەرەققىي قىلىش، ئورتاق گۈللىنىشنىڭ يېڭى تا-رىخىي سەھىپىسىنى ئاچماقتا. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتىنى تولۇ-

مۇ سېغىنىدۇ، ئەسلەيدۇ، ئۇلار داۋاملىق شىنجاڭغا كېلىپ سايا-
ھەت قىلىدۇ، ئۆزىگە كېرەكلىك خىلمۇ خىل مىللىي بۇيۇملارنى
سېتىۋالىدۇ.

ھەممىگە ئايانكى، ئېلىمىز 56 مىللەتتىن تەركىب تاپقان كۆپ
مىللەتلىك دۆلەت. شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر
قىسمى، ھەرمىللەت خەلقى ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش.
ئۇلار تارىختىكى ھەر قايسى خانىدانلىقلارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە
مەيدانغا كېلىشىدە ئىچكى مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ، دۆلەتنىڭ
ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش يولىدا جاسارەت
بىلەن كۈرەش قىلدى، قەھرىمانلىق كۆرسەتتى. ھەر مىللەت خەل-
قى بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، تاجاۋۇزچىلىققا بىرلىكتە قار-
شى تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى
قوغداش يولىدا جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلدى، قەھرىمانلىق
كۆرسەتتى. ھەر مىللەت خەلقى جاھانگىرلىك تاجاۋۇزىغا قارشى
تۇرۇش بىلەن بىللە، بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ جاھان-
گىر كۈچلەرنىڭ قوللىشى ۋە پىلانلىشى بىلەن كەلتۈرۈپ چىقار-
غان بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەنمۇ قەتئىي كۈرەش قىلدى.
ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئۆزىنى ۋەتەن ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى دەپ قاراپ،
مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە تاجاۋۇزچىلىققا، مىللىي بۆل-
گۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى
ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش يولىدا تىللاردا داستان بولغۇدەك
قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ تارىختا شانلىق ئىز قالدۇردى. ھەر
مىللەت خەلقى شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىكى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئائىلىسى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، زې-
مىن پۈتۈنلۈكى بولغاندىلا، ھەر مىللەت خەلقى ھەقىقىي ئەركىن-
لىك، باراۋەرلىككە ئېرىشىپ، ئورتاق ئالغا باسالايدۇ. ھەر مىللەت
خەلقى زىچ ئىتتىپاقلاشقاندىلا ۋەتەننىڭ بىرلىكى، زېمىنىنىڭ پۈ-
تۈنلۈكى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە بولۇپ، مىللەت روناق تاپىدۇ،

دۆلەت قۇدرەت تاپىدۇ. بۇ يىل 5 ـ ئايدا، باش شۇجى خۇجىنتاۋ مەركەزنىڭ مىللەتلەر خىزمەت يىغىنى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ 4 ـ قېـ تىملىق مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بو ـ يىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە: «دۆلىتىمىز ھەر مىل ـ لەت خەلقى ئورتاق قۇرغان، بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتى ـ پاقلىقى چوڭقۇر تارىخىي مەنبەگە ۋە كەڭ رېئال ئاساسقا ئىگە. ئۇزاق تارىخىي مۇساپىدە مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى زىچ ئالاقە قىلىپ، ئۆزئارا تايىنىپ، مەنپەئەتداش ۋە تەقدىرداش بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كۆپ مەنبەلىك بىر گەۋدە ئەندى ـ زىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈپ سىياسىي ئاساس سېلىپ بەردى.» دەپ كۆرسەتتى. بىز بۇ توغرا ھەقىقەتنى چوڭقۇر چۈشىنىشىمىز، بۇگۈنكى بەختلىك ھاياتنى قەدىرلىشى ـ مىز لازىم. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، «ئۈچ چوڭ تاغ» نىڭ زۇ ـ لۇمى ۋە جاھانگىرلارنىڭ بوزەك قىلىشى تامامەن تۈگىتىلدى، ھەر مىللەت خەلقى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىش ۋە راۋاجلىنىش يولىغا ماڭدى.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قەدىمدىن تارتىپ خەنزۇ خەلقى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوش ـ قان، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان. تاۋيۈەن ناھىيەسى يىڭشۇ يېزىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ئەڭ جانلىق پاكىت. تاۋ ـ يۈەن ئۇيغۇرلىرى شۇ يەردىكى خەلقلەر بىلەن جاپادىمۇ، راھەتتى ـ مۇ، ياخشى كۈنلەردىمۇ، يامان كۈنلەردىمۇ ئىجىل ـ ئىناق ئۆتۈپ،

باراۋەر، ئىتتىپاق، بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىدىغان يېڭىچە مىل-
لىي مۇناسىۋەت ئورناتقان. ئۇلار ئېچىۋېتىلگەن، نەزەر دائىرىسى
كەڭ روھىي ھالەت تىكلەپ، دۇنياغا كۆز تىكىپ، باشقا مىللەتلەر-
نىڭ ئىلغار مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئۆگىنىشكە، قوبۇل قىلىشقا
ماھىر بولۇپ، مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈشكە
تىرىشقان. مىللەتلەر ئارا ھەممە جەھەتتىن باراۋەرلىكنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇپ، ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇپ، ھەر قايسى
مىللەتلەر ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزئارا ياردەم قى-
لىپ، ھەمدەم بولۇپ، ئورتاق گۈللىنىش ۋە راۋاجلىنىش يولىدا
ئىزدەنگەن.

نۆۋەتتە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا، ئاپ-
تونوم رايونىمىز ئۇچۇن ئېيتقاندا، مىللىي باراۋەرلىكنى ئاساس
قىلغان، ئىتتىپاق، ئىناق، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان يېڭىچە مىل-
لىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇ-
ھىم. بۇ شىنجاڭدا ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم مەز-
مۇنى ۋە ئالدىنقى ۋەزىپىسى، ئورتاق گۈللىنىش ۋە راۋاجلىنىش-
نىڭ تۈپ تەلىپى، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شەرەپلىك
مەسئۇلىيىتى.

تاۋيۈەن پىڭشۇ ئۇيغۇر، خۇيزۇ يېزىسىنىڭ تارىخى بىز ئۇچۇن
ئەينەك، تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرى بۇ جەھەتتە بىز ئۇچۇن ئۈلگە تىك-
لىدى. تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇ شانلىق ۋە سەلتەنەتلىك تارى-
خىنى قەدىرلەشكە ۋە مەدھىيەلەشكە ئەرزىيدىغان داستان.

**图书在版编目（CIP）数据**

走向新世纪的维吾尔文化艺术：维吾尔文 / 买买提·祖农著．
—乌鲁木齐：新疆大学出版社，2011．4
ISBN 978－7－5631－2470－1
Ⅰ．①跨… Ⅱ．①买… Ⅲ．①文化艺术—文集—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ．①G0–53

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2011）第 049285 号

责任编辑：玛依努尔·木明
责任校对：热比娅·买买提
封面设计：苗莉

走向新世纪的维吾尔文化艺术
买买提·祖农 著

新疆大学出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路 14 号 邮政编码：830046）
新 华 书 店 经 销
新疆新华印刷厂印刷
开本：850mm×1168mm 1/32 9.625 印张
2011 年 4 月第 1 版 2011 年 8 月第 1 次印刷
印数：0001～2000 册
ISBN 978－7－5631－2470－1

定价：25.00 元

ISBN 978-7-5631-2470-1
9 787563 124701 >
定价:25.00 元